تۇردىمۇھەممەت سەئىدى

# بالدۇر توزۇغان غۇنچە



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى



ئاپتورنىڭ سۈرىتى

تۇردىمۇھەممەت سەئىدى

# بالدۇر تۇزۇغان غۇنچە

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

早谢的花蕾：维吾尔文/吐尔地·买买提著．—
乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，
2009.12
ISBN 978-7-5469-0595-2

Ⅰ.①早… Ⅱ.①吐… Ⅲ.①报告文学—中国—当代
—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I25

中国版本图书馆CIP数据核字（2010）第000034号

| | |
|---|---|
| **书　　名** | 早谢的花蕾 |
| **策　　划** | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯 |
| **作　　者** | 图尔迪麦麦提·塞伊迪 |
| **责任编辑** | 艾尼瓦·库迪力克 |
| **特约编辑** | 买买提吐尔地·米尔孜艾合买提 |
| **责任校对** | 古丽巴哈尔·托合塔木 |
| **特约校对** | 古丽沙哈尔·尼格买提 |
| **封面设计** | 努尔买买提·吾买尔 |
| **出　　版** | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市西虹西路36号 |
| **邮　　编** | 830000 |
| **发　　行** | 新疆新华书店 |
| **印　　刷** | 新疆翼百丰印务有限公司 |
| **开　　本** | 880×1230mm 1/32 |
| **印　　张** | 10 |
| **版　　次** | 2009年12月第1版 |
| **印　　次** | 2009年12月第1次印刷 |
| **印　　数** | 1—5000 |
| **书　　号** | ISBN 978-7-5469-0595-2 |
| **定　　价** | 25.00元 |

（书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系）

# نەشرىياتتىن

تۇردىمۇھەممەت سەئىدى 1966 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ توخۇلا يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . 1984 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكولتېتىدا ئوقۇغان . 1989 - يىلدىن ھازىرغىچە قاراقاش ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار چوڭ ئەترىتىدە ئىشلەپ كەلمەكتە .

يولداش تۇردىمۇھەممەت سەئىدى «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ساقچى ھەققىدە ھېكايە» ناملىق ئەسىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن بولۇپ ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 500 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە ، شېئىر ، ئەدەبىي ئاخباراتلىرى ئېلان قىلىنغان . ئۈچ پارچە ئەسىرى مۇكاپاتلانغان . قولىمىزدىكى بۇ كىتابقا ئاپتورنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بىرى يازغان بىر قىسىم ھېكايە ۋە ئەدەبىي ئاخباراتلىرى ، شۇنداقلا بىر پارچە پوۋېستى تاللاپ كىرگۈزۈلدى .

# مۇندەرىجە


**ھېكايىلەر** ........................ 1
قوش توي ........................ 1
ھەسرەتلىك ناخشا ........................ 9
ئەتە ........................ 15
پۇشايمان ........................ 23
بەخت يېشى ........................ 29
تەنقىد ........................ 42
مەشۇقسىز ئاشىق ........................ 47
سەھرادىكى ماجىرالار ........................ 55
تەقدىر ........................ 60
گۇمان ........................ 65
خىجىللىق ........................ 69
جەرىمانە ........................ 74
ساقچىنىڭ ھېكايىسى ........................ 82
بۇزۇلغان قەسەم ........................ 93
ئىشقۋازنىڭ پاجىئەسى ........................ 104
مەھبۇس بولغان قىزلار ........................ 111
تۇرمىدىكى ھېكايە ........................ 126
خاسىيەتلىك تېرەك ........................ 143
گۇزەللىك ۋە رەزىللىك (پوۋېست) ........................ 148

**ئەدەبىي ئاخباراتلار** ........................ 215
ئېرىنى ئۆلتۈرگەن روپاش ئايال .................. 215
ئۆچمەنلىك ........................................ 221
بالا باققان گۇناھمۇ؟ ........................... 231
ئېرىنى دەپ بوۋاق ئوغرىلىغان ئايال ............ 237
قارا باسقان ئاتا ـ ئانا، قانۇنسىز سولانغان بالا ...... 242
سۇغا چىلاشقان توي مۇراسىمى .................. 252
زەھەردىن كەلگەن تاپاۋەت، باستۇردۇ پالاكەت ...... 260
ئارىلاشماڭ نىكاھقا، ئازاب تارتماڭ بىكارغا ........... 267
كىراكەشكە ئۇزىتىلغان ئىبلىس قول .............. 277
ئىچكىرىدىكى سەرسانلىق .......................... 289
تاغدا تۆكۈلگەن كۆز ياشلار ........................ 300
بالدۇر توزۇغان غۇنچە ............................ 312

# ھېكايىلەر

## قوش توي

ئىنسان بىر يەردە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا ، يەنە بىر يەردە ئۇنى تولدۇرۇپ كېتەلەيدۇ . مەمەتئاخۇن ساقاللىرىنى سىيلاپ ئايالى ھۆرىيەتخان بىلەن ئوغلى نەمەتكە سۆزلەشكە باشلىدى :

— مەيلى ، ئۇنچىۋالا غەم قىلىپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ . قاراپ تۇر ، ئوغلۇمنىڭ بۇ گالۋاڭلىقىغا تىرناقتا توختىغۇدەك ، باي كىشلەرنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرمىگىنىمنى كۆر ، — مەمەتئاخۇن داستىخانغا قول ئۇزاتتى .

— دادىسى ، قارىماملا ، مەن شۇنچە گەپ قىلسام يەنىلا : «لەيلىنى ئالىمەن ، مىجەزى ماڭا چۈشىدۇ ، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى ئالمايمەن » دەپ ئولتۇرمامدۇ بۇ لەقۋا ئوغۇللىرى ، كۆپرەك تەربىيە قىلغايلا ،— ھۆرىيەتخان ئالدىدىكى قورۇقدالغان چىنە ـ تەخسىلەرنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى .

نەمەت 22 ياشلارغا بېرىپ قالغان بولسىمۇ ، تېخى ئۆيلەنمىگەنىدى ، مەمەتئاخۇن بىلەن ھۆرىيەتخانلار 50 ياشلاردىن ھالقىغان كىشلەر بولۇپ كىچىكىدىن باشلاپ بۇ ئارزۇلۇق ئوغولىنى ئۆز يېنىدىن ئايرىماي باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوقۇشتىن توختىۋالغانىدى ، كىچىكىدىن باشلاپ دادىسى مەمەتئاخۇن مەزىن بولغاچقىمىكىن نەمەتنىڭ كۈنلىرى ھەپتىيەك يادلاش ، قۇرئان ئوقۇش بىلەن ئۆتتى . نەمەت گەرچە توي قىلىش

يېشىدىن ئەمدىلا ھالقىغان بولسىمۇ ، قويۇۋالغان ساقىلى ، كىيىۋالغان ئۆزۈن چاپىنى ئۇنى بەئەينى ئوتتۇز ياشلارغا بېرىپ قالغاندەك كۆرسىتەتتى .

مەمەت مەزىن ئوغلىنىڭ دىنىي كىتابلارنى يادلىشىغا قاراپ ، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتى . ئوغلىنى ھېچكىمنىڭ بالىلىرىغا تەڭ قىلمايتتى . مەمەت مەزىننىڭ نەزىرىدە نەمەت دىنىي بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ، ھەممە كىشىلەر ، ھەتتا ھەممە قىزلار تەلپۈنۈشكە تېگىشلىك يىگىت ھېسابلىناتتى .

ئەپسۇسكى ، نەمەت سەل گالۋاڭراق بولۇپ ، بەزىدە ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى سەزمەيلا قالاتتى .

— دادىسى ، ئوغلىمىز كېچىلىرى تولا جۆيلۈيدىغان ، كۈندۈزلىرى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەيدىغان بولۇۋالدى . جىن چاپلىشىۋالدىمۇ - نېمە ؟— دېدى بىر كۈنى ھۆرىيەتخان .

مەمەتئاخۇن بىلەن ھۆرىيەتخان نەچچە قېتىملاپ ئىسرىق سېلىپ ، پېرىخونلارغا ئوقۇتقان بولسىمۇ ھېچ كار قىلمىدى . بولالمىغاندا يېزا دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ چىقىلدى . ئەسلىدە نەمەت قاتتىق چارچىغانلىقتىن ، ئوزۇقلۇق يېتىشمەي ھازىرقى ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى . نەمەت يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ قەددى - قامەتلىك ، قاۋۇل ، سالاپەتلىك بولۇپ مەھەللىدىكى قىزلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاشنى ، قىزلارنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى . بىراق سەل گالۋاڭلىقى ، كەمتۈكلۈكى ئۆزىگە ئايان بولغاچقا ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىناتتى .

بىر كۈنى نەمەت مەھەللىدە قوي بېقىۋاتاتتى . شۇ چاغدا ئۆستەڭ بويىدا مەھەللىدىكى رازىيە ، لەيلى قاتارلىق تۆت ، بەش قىز پاراڭلىشىپ تۇراتتى . رازىيە بىلەن لەيلى يۈزىنى يۆگىۋالغان روپاش بولۇپ ، نەمەت ئۇلارنىڭ چىرايىنى كىچىك چاغلىرىدا كۆرگەنچە بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن كۆرۈپ باقمىغانىدى . يۈزىنى ئېچىۋېتىپ

خىلۋەت ئۆستەڭ بويىدا تاماشا قىلىشۋاتقان قىزلارنى جىگدە شاخلىرى ئارىسىدىن ماراۋاتقان نەمەت جىگدە شاخلىرىدىكى ھەرە ئۇۋىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرىمەن، دەپ سۇغا چۇشۇپ كەتتى.

نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقالماي قالغان قىزلار دەرھال يۈزىنى يۆگىشۋېلىشتى.

بىراق لەيلى قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتتى. لېكىن رازىيە قاپاقلىرىنى تۇرۇپ:

ــ ھەي، لەقۋا، نېمە بار ئىدى، جىگدە شېخىدىن قىزلارنى مارىغىلى، ھەرقانچە مارىساڭمۇ سەندەك لەقۋاغا كىم قارايتتى. قاراپ باقە ئەپتىڭگە، مەھەللىمىزدىكى ئەڭ كەمتۈك يىگىت سەن. پۇتۇڭ سۇنسىچۇ ئىلاھىم، ــ دېدى. رازىيەنىڭ بۇ قوپال گەپلىرى نەمەتنى قىزلارنىڭ ئالدىدا ئوڭايسىز ھالغا چۇشۇرۇپ قويدى.

ــ سۇدىن چىقىپ كەتمەمسەن، ساراڭ، ــ دېدى رازىيە ۋە چالما ئېلىپ نەمەتكە ئاتتى.

نەمەت ئىزا ـ ئاھانەتكە چىدىيالماي سۇنىڭ ئېقىنى بىلەن مېڭىپ قوناقلىققا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. لەيلى قىزلاردىن ئايرىلىپ نەمەت كىرگەن قوناقلىققا كىردى ـ دە، دۇم يېتىپ يىغلاۋاتقان نەمەتنىڭ بېشىنى سىيلىدى.

ــ خاپا بولماڭ، نەۋرە ئاچام رازىيەنىڭ مىجەزى شۇنداق، ــ دېدى لەيلى.

شۇنىڭدىن بېرى نەمەت قىزلار بار يەرگە تېخىمۇ بارمايدىغان جىمغۇر بولۇپ قالدى.

ــ ھەي دادىسى، كامال باينىڭ خوتۇنى بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇلار قىزى رازىيەنى بىزگە بەرمەكچى بولدى، ــ دېدى ھۆرىيەتخان.

ــ مەن شۇنچە گەپ قىلسام نەمەت ئۇنىمىدى، لەيلىنى ئالسام ئالىمەن، باشقىسىنى ئالمايمەن دەيدۇ، ــ دېدى مەمەتئاخۇن.

— نەدە ئۇنداق ئىش باركەن ، لەيلى قانچىلىك قىز ئىدى ، شۇ بىر تۇل خوتۇننىڭ قىزىغۇ ، نەدە ئىمانى بار ئۇنىڭ ، تېخى كامال باينىڭ قىزىغا ئەگىشىپ يۈزىنى يۆگەپ يۈرگىنى ئۇنىڭ . لەيلى ئوغلىمىزغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ ، رازىيەلا مۇناسىپ كېلىدۇ ، مەن قوشۇلمايمەن ، ئوغلىمىز ئۇنىمىسا مەجبۇر قىلايلى ، — دېدى هۆرىيەتخان .

ئەسلىدە لەيلى مەهەللىدىكى نامرات تۇل ئايالنىڭ قىزى ئىدى . كامال باي هاجى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن ئاكىسىنىڭ قىزى لەيلىنى ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ ، يۈزىنى يۆگىتىپ قىزى رازىيەگە هەمراھ قىلىپ بەرگەنىدى .

— هەي ، نەمەت ، سېنىڭ بۇ قانداق قىلغىنىڭ ، بىر چىرايلىق رازىيە بىلەن توي قىلماي ، رازىيەنىڭ مەدىكارلىقىنى قىلىدىغان لەيلىدەك دېدەككە ئوخشاش نەسەبى يوق قىز بىلەن توي قىلامتىڭ ، رازىيە بىلەن قىلىسەن...

هۆرىيەتخان هۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى .

كىچىكىدىن باشلاپ ئاتا - ئانىسىنىڭ سىزىقىدىن چەتنەپ باقمىغان نەمەت ئاخىر قوشۇلدى ، قوشۇلدىيۇ ، رازىيەنىڭ چىرايىنى ئېسىگە ئېلىپ سەل قورقتى...

— هە ، لەيلى ، سېنىڭ نەمەتكە مەيلىڭ باركەن ، ئۆيدىكىلەر مېنى نەمەتكە بېرىشكە زورلاۋاتىدۇ ، گەرچە ئىككىمىز پەرەنجە ئىچىدە تۇرساقمۇ يەنىلا ئەركىن مۇهەببەتنى ياقىلايمىز . شۇڭا ، سېنى مۇرادىڭغا يەتسەكەن دېگەن ئۈمىدتىمەن ، — دېدى رازىيە .

— قانداق قىلىمىز ، — لەيلى رازىيەگە تەلمۈردى .

— قانداق قىلاتتۇق ، مەيلى دەپ مەن تويغا قوشۇلىمەن ، نىكاھ ئوقۇلغاندا مېنىڭ ئورنۇمغا سەن بارىسەن - دە ، نىكاهتىن كېيىن يۈزۈڭنى يېپىپ يۈرۈۋېرىسەن ، ئۇنىڭغىچە نەمەت بىلەنمۇ بالىلىق بولىسەن ، — دېدى رازىيە .

— داداڭ قوشۇلارمۇ ،— دېدى لەيلى .

— خاتىرجەم بول ، دادام مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايدۇ ، سەن نەمەتكە تېگىشىۋېرىسەن ،— دېدى رازىيە .

كۈتكەن كۈنلەر كەلدى ، تويمۇ ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈلدى ، توي كېچىسى نەمەت ھۇجرا ئۆيگە كېلىننى ئېلىپ كىردى .

چۈنكى ، سىرتتا نىكاھ ئوقۇلغاندا قىز روپاش بولغاچقا يۈزى ئېچىلمىغانىدى .

نەمەت سۇپا ئۈستىدە ئولتۇراتتى .

— يۈزۈمنى ئاچمامسىز...

— مېــنىــڭ ئەسلىدە لەيلىنى ئالغۇم بار ئىدى ، سىزدىن قــورقــمــەن رازىــيــە ، مــەن پــېــتــنالمايمەن ،— دېدى نەمەت قورقۇمسىراپ .

— ئــەخــمەق ، ئاۋۋال ئېچىپ كۆرۈپ بېقىڭ ، مەن رازىيە ئەمەس ، رازىيە ئاچاممۇ سىز ئــويلــىغانــدەك ئــۈنــچــۋالا ئەسكى ئەمەس ،— دېدى كېلىنچەك .

نەمەت قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىپلا ھەيران قالدى .

— بۇ ئوڭۇممۇ ، چۈشۈممۇ ،— دېدى نەمەت ئېسىگە كېلىپ .

— بۇ رېئاللىق ، نەمەت ، مەن ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ رازىلىقىنى ئالماي سىزگە تېگىشۋالدىم ، خالامسىز ،— دېدى لەيلى .

— جــېنىم بــىلەن جــېنىم لەيلى ،— دېدى مۇرادىغا يەتكەن نەمەت ،— ئەمدى قانداق قىلىمىز... ئۆيدىكىلەر بىلىپ قالسىچۇ...

— ئەخمەق ، مەن يۈزۈمنى ئاچمىسام قانداق بىلىدۇ ،— دېدى لەيلى .

بــۇ بــىــر جۈپ ياشنىڭ بەختلىك ئائىلىسى مانا مۇشۇنداق باشلاندى . بىراق بۇ ئۆيگە كېلىن بولغانىكەن ، ئۆيدىكى ئاياللارنىڭ ئالدىدا يۈزىنى ئېچىپ يۈرمىسە بولمايدۇ ـ دە .

نەمەت خىيالغا پاتتى ، تاڭ ئاتتى .

نەمەت ئانىسىنىڭ سىزىپ قېلىشىنى خالىمايتتى ، ھۆرىيەتخان ئەتىگەندىلا ھۇجرا ئۆيگە ناشتىلىق ئەكىردى .

— لەيلى ، سىز بۇ يەردە نېمە قىلىسىز ، كېلىنچەكنىڭ يەڭگىسى بولغانمۇ...

— جېنىم ئانا ، مېنى كەچۈرۈڭ ، لەيلى سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى بىر ئۆمۈر قىلسۇن— ... نەمەت ئانىسىغا يالۋۇردى .

ھۆرىيەتخاننىڭ قولىدىكى پەتنۇس يەرگە چۈشۈپ كېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى .

شۇ كۈندىن باشلاپ ھۆرىيەتخان زۇۋان سۈرمەي ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى . ھۆرىيەتخان ئوغلىنىڭ لەقۋالىقىدىن قاتتىق ئاغرىناتتىيۇ ، لېكىن يەنە كۆڭلى ئەمىن تاپاتتى ، چۈنكى كىشىلەر نەزىرىدىكى بۇ «لەقۋا» ئوغلى قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۆز بەختىنى تاپقانىدى .

— بۇياققا كېلىڭلار ،— دېدى ھۆرىيەتخان كېسەل كارىۋىتىدىن قوپۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن نەمەت بىلەن لەيلىنى يېنىغا چاقىرىپ .

— رازىيەچۇ ، ئۇ نەگە يوقالدى...

— كەچۈرسىلە ، ئانا ، رازىيە ئۆز بەختىنى ئىزدەپ چۆمپەردىنى ئېچىۋېتىپ باشقا شەھەرگە كەتتى . مەن سىلىنىڭ رازىلىقلىرىنى ئالمايلا ، بۇ ئۆيگە سوقۇنۇپ كىرىۋالدىم ،— دېدى لەيلى .

— جېنىم ئانا ، مەن ھازىر يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم ، لەيلى بىلەن بىر ئۆمۈر بىرگە ئۆتۈش نىيىتىگە كەلدىم . يېقىندا تىجارەت قىلماقچىمەن ، لەيلى بىلەن ھەمكارلىشىپ بازارغا يۈزلىنىپ ئوغۇللۇق بۇرچۇمنى ئادا قىلايمىكىن دەيمەن ،— دېدى نەمەت .

ئانا ئوغلىنىڭ بىر ھەپتە ئۆتەر ـ ئۆتمەي باشقىچە ئادەم بولۇپ قالغانلىقىدىن سۆيۈندى ، بىر جۈپ ياشنىڭ ئۆزلىرىگە جەڭ ئېلان

قىلىپ بەختىنى تاپقانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ ، ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلىدى .

بىر كۈنى ھۆرىيەتخان تۇيۇقسىز :

— دەرھال تەييارلىنىڭلار ، ئەتىلا سىلەرنىڭ تويۇڭلارنى قايتا ئەل - جامائەتكە ئېلان قىلىمەن ،— دېدى .

— ئۇنداقتا ، رازىيە نامدا نىكاھلانغان تۇرسا قانداق قىلىدۇ ،— دېدى لەيلى .

— ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمەڭلار ، مەن كامال بايلار بىلەن كۆرۈشتۇم ، ئۇلارمۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتى . قىزى رازىيەنى شەھەردىن قايتۇرۇپ كەلدى . ئۇلارمۇ رازىيەنى شەھەرلىك لايىقىغا تويلاپ قويماقچى بولدى . ئۇنىڭمۇ تويى بولىدۇ ، تويىنى ئاددىيلا ئۆتكۈزىمىز ، بارلىق كەنت ئەھلىنى تويغا تەكلىپ قىلدۇق ،— دېدى ھۆرىيەتخان .

مەمەتئاخۇن ساقىلىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ، ئوغلىغا چاقچاق قىلدى :

— ئىككى ھەپتىگە قالماي ئىككى نىكاھلىق بولۇپ قالىدىغان بولدۇڭ بالام .

نەمەتنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى .

— دادا ، بۇنىڭدىن كېيىن يۈزۈمنى ئوچۇق قويۇپ يۈرسەم بولامدۇ ، نەمەتمۇ قوشۇلدى ، — دېدى لەيلى .

— ئىش پۈتتۈپتۇغۇ ، يولدىشىڭىز قوشۇلغان بولسا بىزنىڭ پىكرىمىز يوق . سىلەر ياشلارزە ، ھازىرقى زامانغا ماسلىشىۋاتىسىلەر ، قورقماي يىگىتلەرگە جەڭ ئېلان قىلىپ شۇنداق چوڭ ئىشنى تەۋرەتكەن تۇرساڭلار ،— دېدى مەمەتئاخۇن .

— دادا ، بولدى قىلە ، لەيلىنى خىجىل قىلماي ،— دېدى نەمەت .

بۈك - باراقسان باغدا توي ناخشىسى ياڭرىدى .

بۇ باغدا نەمەت بىلەن لەيلى ، رازىيە بىلەن شەھەرلىك يىگىتنىڭ تويى قىزىپ كەتكەنىدى .

— ھەي نەمەت ، بۈگۈن قوش توي بولدى ، رازىيە بىلەن لەيلى يەنە ئالمىشىپ قالمىسۇن جۇمۇ…

— نەمەت دىققەت قىل ، رازىيەنى ئېلىپ كېتىمىز ، دەپ شەھەرگە ماڭغانلار لەيلىنى ئېلىپ كەتمىسۇن…

يىگىتلەر نەمەتكە چاقچاق قىلىشىپ ، توينى قىزىتىۋەتتى . نىكاھ ئوقۇلدى . رازىيەنى ماشىنا بىلەن شەھەرگە يۆتكەپ كېتىشتى .

نەمەت بىلەن لەيلى ھۇجرىغا كىردى .

نەمەت لەيلىنىڭ ئالمىشىپ قېلىشىنى خالىمايتتى .

نەمەت قىزنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە ، سورىدى :

— بۇ سىزمۇ ، جېنىم لەيلى .

— نېمىشقا ئىسمىمنى ئالماشتۇرۇۋېتىسىز ، نەمەت . مەن رازىيە ئەمەسمۇ ؟— دېدى لەيلى رازىيەنى دوراپ .

نەمەتنىڭ قىزنىڭ چۈمبىلىنى ئېچىشقا بارغان قوللىرى تىترەپ كەتتى .

— ھا ، ھا ، ھا…

لەيلى يۈزىدىكى ئۈزۈن رومالنى ئېچىۋەتتى ، نەمەتمۇ كۈلدى…

ئەنە ، نەمەت يېڭى سېتىۋالغان موتوسىكلىتىغا لەيلىنى مىندۈرۈپ شەھەرگە ماڭدى . لەيلى بېشىغا چىرايلىق يېشىل ياغلىق ئارتىۋالغان بولۇپ ، چاچلىرىنى ياغلىق ئىچىگە يوشۇرۇۋالغاچقا ، سۈپسۈزۈك چىرايى ياغلىقتا ئاجايىپ ماسلاشقانىدى…

# ھەسرەتلىك ناخشا

— سىز بىلەن توي قىلغىلى ئالتە يىلدەك بولدى . مېنىڭچىغۇ ئايرىلىپ كېتىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان . لېكىن ، ئاتا ـ ئانام خوتۇنۇڭ تۇغمىدى ، پەرزەنت يۈزى كۆرمىسەڭ بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالدى ، مېنىڭ بېشىم بەك قاتتى ■■

سەمەرنىڭ تۇيۇقسىز ئېيتقان بۇ گېپى ھۆرنىسانى گاڭگىرىتىپ قويدى . بۇ بەختلىك نىكاھنىڭ شۇنداقلا ئاخىرلىشىدىغانلىقىدى■ بېرىلگەن بىشارەت ئىدى . چىدىغۇسىز ئازاب ھۆرنىسانى چەكسىز قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمدۈردى .

ھۆرنىسامۇ ئەسلىدە بۇ سۆزنى سەمەرگە ئۆزى دېمەكچى ئىدى . بىراق سەمەرنىڭ بۇنداق ئالدىراپ سۆز ئېچىشى ھۆرنىساغا تاسادىپىي تۇيۇلدى . بەخت ئىچىدە ئالتە يىلنى بىرگە ئۆتكۈزگەن بۇ بىر جۈپلەرگە كۆز تەگدىمۇ قانداق ھۆرنىسا تۇغمىغانلىقى ئۈچۈن ئائىلىسى ۋەيران بولماقتا ئىدى .

— مەنمۇ شۇ ئىشلارنى ئويلاپ يۈرەتتىم ، مېنىڭ قىلمىغان زىماتىم قالمىدى . نە سەۋەبكىن ، ھېچ بىلمىدىم ، مەيلى ، ئۆزۈمنىڭ شورى ، ئايرىلىپ كېتەيلى ، سىزگە بەخت تىلەيمەن ،— ھۆرنىسا شۇ سۆزلىرى بىلەن سەمەرنىڭ ئائىلىسىدىن ئايرىلدى .

سەمەر ئوتتۇز ياشلارغا بېرىپ قالغان تىجارەتچى ئىدى . ھۆرنىسا قايسىدۇر بىر ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ مەكتەپكە بېرىش ئالدىدا سەمەرنىڭ كۆزى ھۆرنىساغا چۈشتىمۇ ياكى ھۆرنىسا سەمەرنى ياخشى كۆرۈپ قالدىمۇ ، بۇ بىر جۈپلەر چىقىشىپ

قالدى . هۆرنىسا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىدىنمۇ ۋاز كەچتى ، ھەر ئىككىلىسى مۇھەببەتنىڭ شېرىن پەيزىگە مەستخۇش بولۇپ توي قىلىشقانىدى .

نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ ھەممىسى تراگېدىيە بولۇۋەرمەيدۇ . بەزىدە نىكاھنىڭ بۇزۇلۇشىمۇ بىر قېتىملىق ھەيدەكچىلىك بولۇپ ، تراگېدىيىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، بەختلىك تۇرمۇشقا سەۋەبچى بولۇپمۇ قالىدۇ .

قەلبى پۇتمەس ـ تۈگىمەس دەرد ـ ھەسرەتكە تولغان ھۆرنىسا ئېرى سەمەرنىڭ ئۆزى بىلەن ئايرىلىپ بىر ھەپتە ئۆتمەي توي قىلىغانلىقىنى ئاڭلاپ بوشىشىپلا كەتتى . دۇتار ھۆرنىسانىڭ كۆڭۈلدىكى ھەمراھىغا ئايلاندى . ھۆرنىسا بىغىغاچىقىپ خىلۋەت جايدا ، بەزىدە ئىچكەركى ئۆيدە دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىش بىلەن قەلبىدىكى دەردلىرىنى چىقىرىدىغان بولۇۋالدى .

كۆرگەن ئادىمىڭ ،
ھامان كۆزنىڭ قارىسى .
قاچان پۈتىدۇ دوستلار ،
مۇھەببەتنىڭ يارىسى…

ئايرىلغۇمىز يوق ئىدى ،
تەقدىر بىزنى ئايرىدى .
ئەجەب چاغدا ئايرىلدۇق ،
بۇنىڭ يوقمۇ دورىسى ؟…

يىللار ئۆتمەكتە ئىدى . ھۆرنىسانىڭ قەلبىنى سەمەر ئەسىر قىلىۋالغاندەك دەردكە تولغان قەلبىنى مۇھەببەت ناخشىلىرى بىلەن

يوغۇرۇپ ئۇستا سازەندىگە ئايلىنىپ قالغانىدى .

ھۆرنىسانىڭ دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان ناخشىلىرى سورۇنلاردا داڭ چىقاردى .

ھۆرنىسا بارا ـ بارا سورۇنلار ئارقىلىق خەلق ئىچىگە تونۇلۇشقا باشلىدى . ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەر خىل سەنئەت پائالىيەتلىرىدە ھۆرنىسانىڭ ھەسرەتلىك ناخشىلىرى ئېيتىلىدىغان بولدى .

ھۆرنىسا ئىجراسىدىكى ناخشىلار VCD پلاستىنكىسى نەشر قىلىنىپ بازارغا سېلىندى .

ھۆرنىسانىڭ بوي ـ بەستى ، چىرايى خېلى تۈزۈك ئىدى . يېقىندىن بېرى يەنە ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلۇپ ، تېخىمۇ جازىبىلىك بولۇپ كەتتى . ئۇنىڭ ئەتراپىدا دۇتارغا ، ناخشىغا ئاشىق يىگىتلەر پەيپېتەك بولۇپ يۈرەتتى .

ھۆرنىسا ئۆزى بەكمۇ ياخشى كۆرگەن سەمەردىن ئايرىلىپ كېتىشنى كىشىلىك ھايات سەھنىسىدىكى ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز بىر ئازاب دەپ بىلەتتى ، بۇ ھەقتە خېلى كۆپ ناخشا ئوقۇپ ، پلاستىنكىغىمۇ ئالدى . پلاستىنكىلار تېزدىن بازار تاپتى . ھۆرنىسا ئەتراپىدا پەرۋانىدەك يۈرگەن بىرى بىلەن توي قىلدى .

تويدىن كېيىن ھۆرنىسادا غەيرىي ئۆزگىرىش بولدى . بۇ قېتىم ھۆرنىسا يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغىنىغا قارىماي قورساق كۆتۈرگەنىدى . ھۆرنىسا تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ مۇكەممەل ئايال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ خۇشاللىقتا چۆمدى . بەخت ھۆرنىساغا كۈلۈپ باقتى ، ناخشىلىرى بازار تېپىپ خېلى كۆپ پۇلنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى . ھۆرنىسا بىر ئوغۇل تۇغدى ، ئوغلىنىڭ ئىسمىنى سەمەن قويدى . مانا ، كىچىك سەمەنجانمۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالغانىدى . ئەپسۇس ، بۇ بەختلىك نىكاھنى چاك باسماقتا ئىدى . سەمەننىڭ دادىسى ئاق تاماكىغا ئاشىق بولۇپ قالغانىدى . ھۆرنىسا ئۇنى ھالاكەت گىردابىدىن قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قانچە تىرىشقان

بولسىمۇ ، بىراق نىجاسەت پاتقىقىغا پېتىپ قالغان بۇ بىچارە ئاق تاماكىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ چېكىنىۋەتكەنلىكتىن ، ئوغلىنى ۋە ھۆرنىسانى تاشلاپ بۇ دۇنيا بىلەن بالدۇرلا خوشلاشتى . ھۆرنىسانىڭ ھەسرەتلىك ناخشىسى يەنە باشلاندى .

مۇھەببەت يولىدا ،
ماڭا ھەمراھ ئايرىلىش .
جۇدالىقنىڭ دەردىدە ،
يېشىم دەريا ئايرىلىش .

سەمەرمۇ ھۆرنىسادىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، گەرچە توي قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ خوتۇن ھۆرنىسادەك چىقمىدى . تۇغىدىغان بۇ خوتۇن سەمەرنىڭ قولىغا چىققاندىن كېيىن تۇغمايدىغان بولۇپ چىقتى . سەمەر خوتۇنىنى تۇغۇشقا ئالدىراتتى .

— نېمە دەيسىز ، مېنى «قېچىر» دېدىڭىزما ، قېچىر دېگەن سىزمۇ تېخى ، بىر تەكشۈرتۈپ بېقىڭا ، بۇرۇنقى ئەرلىرىمگە نۇرغۇن بالا تۇغۇپ بەرگەنمەن…

سەمەر تەكشۈرۈتتى . ئەسلىدە چاتاق سەمەردە ئىدى .

دوختۇر سەمەرگە داۋالانغاندىن كېيىن ئەسلىگە كېلىپ پەرزەنت يۈزى كۆرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى .

سەمەر داۋالىنىشقا تۇتۇش قىلىپ مەركىزىي شەھەرگە باردى . يولدا توساتتىن بىر ئوغۇل بالىنى يېتىلەپ بېشىغا ئاق ياغلىق ئارتىۋالغان ھۆرنىسانى كۆردى . سەمەر سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ بارلىق ئەھۋالنى بىلدى . سەمەر دوختۇرخانىدا داۋالىنىپ ساقىيىپ چىقتى . ئۇ كېيىن ئالغان خوتۇنىدىن يىرگىنىپ كەتكەنىدى . سەمەر بۇ خوتۇنىدىن تەستە ئايرىلدى . بۇ خوتۇن ھۆرنىساغا ئوخشاش

ئۆزىنىڭ بىرقۇر كىيىمى بىلەنلا چىقمىدى ، بەلكى سەمەرنى قۇرۇقداپ بولغاندىن كېيىن ، ئاندىن نىكاھنى بىكار قىلىشقا قوشۇلدى . لېكىن ، سەمەرنىڭ تىجارەتتە تەجرىبىسى ۋە تالانتى بولغاچقا تېزلا قەددىنى رۇسلىۋالدى .

سەمەرنىڭ كۈنلىرى دائىم دېگۈدەك ئۆيدە ئولتۇرۇپ پلاستىنكىدىن ھۆرنىسانىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى .

— ۋەي ، پلاستىنكا شىركىتىمۇ ، مەن ھۆرنىسانىڭ ئىجراسىدىكى «ھەسرەتلىك ناخشا» دىن ئىككى مىڭنى سېتىۋالماقچى ، زاكاز قوبۇل قىلىسىڭىز ،— دېدى سەمەر تېلېفوندا . ئۇ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا پلاستىنكىلارنى سېتىۋالدى . «ھەسرەتلىك ناخشا» نىڭ تېزلا بازار تاپقانلىقىنى بىلگەن ھۆرنىسا ئالدىراپ پلاستىنكا شىركىتىگە كەلدى .

— خېنىم ، سىز قايتىدىن «ئۇنتۇلماس ئاخشام» ناملىق پلاستىنكىڭىزنى چىقىرىڭ ، سېتىۋالىدىغان چوڭ خوجايىنلار چىقتى ،— دېدى پلاستىنكا سودىگىرى .

ھۆرنىسا ئالدىراش ھالدا تەييارلىققا چۈشتى . «ھەسرەتلىك ناخشا» ، «ئۇنتۇلماس ئاخشام» لار قايتىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى...

— ئەجەب ئىش ، بۇ پلاستىنكىلار ئەجەب سىرتلاردا تارالماپتۇغۇ ؟— سورىدى ھۆرنىسا پلاستىنكا سودىگىرىدىن .

— ھە ، ئەنسىرىمەڭ ، ئۇنى بىر خوجايىن سېتىۋالدى . بەلكىم چەت ئەللەرگە ياكى باشقا شەھەرلەرگە تارقاتتىمىكىن ، — دېدى پلاستىنكا سودىگىرى .

ھۆرنىسا پلاستىنكا سېتىۋالغان خوجايىننىڭ تېلېفون نومۇرىنى سوراپ بىلىۋالغاندىن كېيىن ، تېلېفون ئالدى .

تېلېفوندىمۇ ھۆرنىسانىڭ ھەسرەتلىك ناخشىسى ئاڭلاندى .

— خوجايىن ، مەن سىز بىلەن يۈزتۈرا كۆرۈشمەكچى ، — دېدى ھۆرنىسا . خوجايىن قوشۇلدى .

ھۆرنىسا دېيىشكىنى بويىچە ئىككى قەۋەتلىك بىنانىڭ ئىچىگە كىردى ـ دە ، ھەيران قالدى . بارلىق تاملارغا ھۆرنىسانىڭ چوڭايتىلغان سۈرەتلىرى ئېسىلغانىدى . خۇددى كاتتا ئەربابىنىڭ كۆرگەزمىخانىسىغا ئوخشاش بېزەلگەن بۇ ئۆي ھۆرنىسانى دەپ ياسالغانىدى . ياڭرانقۇدىن ھۆرنىسانىڭ ھەسرەتلىك ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . شام يېقىلغان چوڭ ئۈستەل ئالدىدا سەمەر ئولتۇراتتى . سەمەر ھۆرنىسانى كۆرۈپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى . سەمەرنىڭ كۆزىدىن بىر تامچە ياش سىيرىلىپ چۈشتى . ھۆرنىسامۇ ھەسرەتلىك ناخشىغا قوشۇلۇپ سەمەرگە ئىختىيارسىز ئۆزىنى ئاتتى .

— كەچۈرۈڭ ، ھۆرنىسا…

— ياخشى كۆرگەن ئادەمدىن كەچۈرۈم سوراش نەھاجەت . ھەر ئىككىمىز ئوخشاشلا بىردىن نىكاھلاندۇق . بىراق ، مەن بىر بالىلىق بولۇپ قالدىم ، بىر بالىلىق ئايالنى نىكاھىڭىزغا ئالامسىز ؟— دېدى ھۆرنىسا .

— جان دەپ نىكاھىمغا ئالىمەن . رازىمۇسىز ؟— دېدى سەمەر .

— ھەسرەتلىك ناخشام بۇنىڭغا گۇۋاھ ،— دېدى ھۆرنىسا .

— «ھەسرەتلىك ناخشا» يارىتىلىپ بولدى ، ئەمدى «خۇشال ئاخشام» نى تەڭ يارىتايلى… — سەمەر ھۆرنىساغا پىچىرلىدى…

سۆتتەك ئايدىڭ كېچە ، سەمەن كارىۋىتىدا شېرىن ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتاتتى . ھۆرنىسا بىلەن سەمەر دېرىزە يېنىغا كېلىپ ئايغا قاراپ شېرىن ئەسلىمىلەرگە بەند بولدى…

## ئەتە...

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلىرى ئىدى . خىزمەتدىشىم ھاشىمنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپلا دوختۇرخانىغا ماڭدىم . ناھىيە بازىرىنىڭ چوڭىيىپ قالغان مەنزىرە دەرەخلىرى چىقىرىۋېتىلىپ ، ئورنىغا كىچىك دەرەخلەر سېلىنغاچقا يولدا ئاپتاپتىن پاناھلانغۇدەك بىرەر سايە تېپىلمايتتى .

مەكتەپ ئالدىغا كېلىشىمگە باشلانغۇچنى ئەمدىلا پۈتتۈرۈپ قايسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە تاللانغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن كەتكەن ئوغلۇم ئۇچرىدى ، ئوغلۇمنىڭ كۆزىدە ياش لىغىلدايتتى .

— دادا ، مائارىپ ئىدارىسىگە كىرىپ باشلىق بىلەن دېيىشىپ بەرگەن بولسىڭىز ، مەن 3 - ئوتتۇرا مەكتەپكە تاللىنىپتىمەن ، ئۆيىمىز 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە يېقىن تۇرسا ، ئالماشتۇرۇپ قويسۇنچۇ ، — دەپ دومسايدى ئوغلۇم .

— ۋېلىسىپىتنىڭ بارغۇ ، ئارىلىق يىراق بولسىمۇ مەيلى ، ئوقۇۋەرگىن ، — دېدىم ئالدىراپ .

— ياق ، سەمەت ، مەمەتلەرنىمۇ دادىلىرى مائارىپ ئىدارىسىدىكى باشلىققا دەپ باشقا بالىلار بىلەن ئالماشتۇرۇپتۇ ، — دېدى ئوغلۇم . ئۇ ھېچ بولدى قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى .

— ماقۇل مەن دېيىشىپ باقاي ، — دېدىم ئىلاجىسىز ، — ئۆيگە كېتىپ تۇر .

بىراق مەن مائارىپ ئىدارىسى ئىچىگە بىرەر قېتىممۇ كىرىپ

باقمىغانىدىم . شۇڭا ، گاڭگىراش ئىچىدە ، ئاۋۋال دوختۇرخانىغا بېرىپ ھاشىمنى يوقلاشقا ماڭدىم .

تەلىيىمگە دوختۇرخانا ئالدىدا ئوغلۇمنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئۇچراپ قالدى .

ــ باللارنى ئالماشتۇرۇپ ئوقۇتۇش ئىشى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ . مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تەستىق سالسا ئاندىن ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ . ــ دېدى ئوغلۇمنىڭ مۇئەللىمى .

مۇئەللىم بىلەن خوشلىشىپ ھاشىم ياتقان ياتاققا كىردىم . ھاشىمنىڭ ئۆڭسۈلى يوق ئىدى .

ــ نېمە كېسەل دەيدۇ ؟ــ سورىدىم ئەنسىرەپ .

ــ تېخى دىئاگنوز چىقمىدى ، ئەتىلەتىن چىقارمىكىن .

ئاشقازىنىم بەك ئاغرىپ كەتتى . ئاشقازان كېسەلىمىكىن ، دەپ ئويلايمەن ،ــ دېدى ھاشىم .

ــ خۇدايىم شىپالىق بىرەر ،ــ دېدىم تەسەللى بېرىپ .

ــ دېمىڭ ئىچىڭگە چۈشۈپ كېتىپتۇغۇ ؟ــ سورىدى ھاشىم .

ــ ھەي ، نېمىسىنى دەيسەن ئاداش ، بالا دەردى دېگىنە ،ــ دېدىم مەيۇس ھالدا ،ــ بالام مائارىپ ئىدارىسىگە بېرىپ باشلىق بىلەن كۆرۈشۈپ ، مەكتەپ ئالماشتۇرۇپ بەر ، دەپ جېدەل قىلىۋاتىدۇ ، مەن يا بىرەر كىمنى تونۇمىسام .

ــ دېمىگەن بولساڭ ئىسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغىلى تاس قاپتۇ . قارىمامسەن ، قىزىم يېڭىدىن ئوقۇتقۇچىلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ ، يىراق يېزىغا تەقسىم قىلىنغانىدى . بىرقانچە كۈندىن بېرى مەنمۇ مائارىپ ئىدارىسىگە قاتىرىغانىدىم ، ئېسىڭدىدۇر ، ئىدارە باشلىقى «ئەتە كېلىڭ» دېگىلى بىر ھەپتە بولغان . تۈنۈگۈن بارسام ، يەنە : «ئەتە كېلىڭ» دەپتى ، ئۇنتۇپتىمەن ئەمەسمۇ . سەن دېمىگەن بولساڭ ئۇنتۇپ كېتەركەنمەن ،ــ دېدى ھاشىم ۋە دەرھال

ئورنىدىن تۇردى .

— نەگە ؟— دېدىم مەن .

— سەن بىلەن مائارىپ ئىدارىسىگە بىرگە بارايلى ، سېنىڭ ئوغلۇڭنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرگەچ ، قىزىمنىڭ ئىشىنى دېيىشىپ كەلمەيلىمۇ ،— دېدى ھاشىم .

— سېنىڭ كېسىلىڭ… — دېدىم ھاشىمنىڭ چاپىنىنى ئېلىۋېتىپ .

— چاتاق يوق . سېنىڭ ئوغلۇڭنىڭ ئىشىمۇ مۇھىم ئىكەن . بالا ئارزۇ قىلغان مەكتەپكە بارمىسا بولمايدۇ . مەكتەپ تاللاشتا مەيلىگە قويۇپ ، ئۆگىنىشتە چىڭ تۇتساڭ ، ئۇنۇمى ياخشى بولىدۇ . مېنىڭ قىزىمغىمۇ ئۇۋال بولدى . بىرقانچە يىل ئىش كۈتۈپ ئەمدىلىكتە يىراق يېزىغا كەتكىنىنى دېگىنە . كۆڭلۈمدە ئويلاپمۇ قالدىم ، باشلىقنىڭ : «ئەتە كېلىڭ» دېگىنى «بىكارغا ئىش پۈتمەيدۇ» دېگىنى ئوخشايدۇ ، دەپ يېنىمغا بەش مىڭ يۈەن پۇل سېلىپمۇ كىردىم . لېكىن ، بۇ قىزىل يۈز بىلەن يېزىدىن يېزىغا يۆتكەيدىغان ئىشقا پۇل بەرسەم ئالارمۇ ياكى مېنى تىللارمۇ ، دەپ زادىلا پۇلنى چىقىرالمىدىم ،— دېدى ھاشىم .

— قىزىڭنى يۆتكەش شۇنچە مۇھىممۇ ؟— سورىدىم ھاشىمدىن .

— تۇنجى قىزىم ئەمەسمۇ ، دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ ، كىچىككىلا خىزمەتكە چىقتى . بىرەر يىلدىن كېيىن تويىنى قىلارمەن ، شۇنىڭغىچە ئۆيگە يېقىنراق ئىشلىسە خاتىرجەم بولار ئىدى ، قىز بالا ئاجىز ، يىراق يېزىدا تاماقتا قىيىنىلىپ قالمىسۇن دەيمەن ، ئاداش ،— دېدى ھاشىم . ھاشىمنىڭ دەردىمۇ خېلى باردەك قىلاتتى .

ھاشىمنىڭ يول باشلىشى بىلەن باشلىقنىڭ ئىشخانىسىنى ئاسانلا تاپتىم .

ئىشىك چېكىلدى .

— بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ ،— ئىشخانا ئىچىدىن ماڭا تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى . ئىشىك تۈۋىدە بىردەم ساقلىدۇق ، ئىشخانىدىن ئىككى چوكان چىقتى .

— ھەل بولدى مانا ، خوش بولدۇڭمۇ ؟— دېدى سېمىزرەكى پىخىلداپ .

— خوش بولمامتىكى ، جاجىسى پۈلكەنغۇ ، تونۇگۈن «ئەتە» دېگەنتى ، بۈگۈن سەن دېگەننى قىلمىغان بولساق ، نەدە يۈتكەپ قوياتتىكىن ، نەس باسقان يەردىن ،— دېدى ئورۇقراقى ، بۇ چوكانلار ئوقۇتقۇچىلاردەك قىلاتتى . ئۇلار خوشال ھالدا كەينىگىمۇ قارىماي كارىدوردىن ئۆتۈپ كەتتى .

ھاشىم ئىشىكنى بوشقىنا چەكتى .

— كىرىڭ ، — ئونلۇك توۋۇلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى .

ھاشىم ئاۋۋال ، كەينىدىن مەن ئىشخانىغا كىردۇق .

ئورۇندۇقتا ئون نەچچە يىل ئىلگىرى مەن بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە پاراللېل ئوقۇغان ئاسىم ئولتۇراتتى .

ئاسىم ھاشىمنى كۆرۈپ خوشال بولغان بولسىمۇ مېنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئاچچىقى كەلدىمۇ قانداق سوغۇقلا قارشى ئالدى .

— ھە ، كەل ، سەنمۇ باركەنسەن بۇ ناھىيەدە ،— دېدى ئاسىم .

— ئىدارە باشلىقى دېگەنىڭ سەن ئىكەنلىكىڭنى ئويلىماپتىكەنمەن ، بولمىسا ئۇسۇپلا كىرىدىكەنمەن ،— مەن شۇ گەپتىن كېيىن كۈلدۈم .

بىراق ئاسىم ئۈندىمىدى .

— ھە ، ھاشىماخون سىلىنىڭ ئىشنى مۇزاكىرىگە سېلىپ بىرنېمە دېمەكچى ، ئەتە - ئۆگۈن ئۇچۇرىنى ئېلىڭلار ،— دېدى

ئاسىم .

ھاشىم يانچۇقىنى ئاختۇرۇشقا تەمشەلدى .

— ھە شۇنداق بولسۇن ، خاتىرجەم بولۇڭ ، — سىز ، بىز دېگەن ئۆز ئادەم ،— ئاسىم ماڭا قاراپ سەل ئوڭايسىزلاندى ، ھاشىممۇ قولىنى يانچۇقىدىن تارتىۋالدى .

شۇ ئارىدا ئىشخانىغا مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە دەرس بەرگەن ياشانغان ئوقۇتقۇچۇم كىردى . ھەممىمىز قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق . ئاسىم تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ ئورنىدىن قوپماي كۆرۈشتى . ئەسلىدە بۇ كىشى ئاسىمنىڭ سىنىپ مۇدىرى بولغانىدى ، مېنىڭ سەل ئاچچىقىم كەلدى .

— مۇئەللىم ، ئاۋۇ كولدانىنى ئېلىۋېتىڭا ،— دېدى ئاسىم مۇئەللىمگە .

مۇئەللىم شىرە ئۈستىدىكى كولدانىنى ئاسىمنىڭ ئالدىغا ئىككى قوللاپ ئاپىرىپ قويدى . ئاسىم ئۆز ۋاقتىدىكى ئوقۇتقۇچىسىنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىدى .

— يەنە كەپسىزغۇ مۇئەللىم ،— دېدى ئاسىم .

— ئوغلۇمنىڭ ئىشى بىلەن كەلگەن ،— دېدى مۇئەللىم .

— ھازىر ئالدىراش بولغاچقا ئوغلىڭىزنىڭ ئىشىنى مۇزاكىرىلىشەلمىدىم ، ئەتە - ئۆگۈن كېلەرسىز ، يۆتكەش تەستەك تۇرىدۇ ، — دېدى ئاسىم .

— ھە ، ھاشىماخۇن شۇنداق قىلايلى ،— دېدى ئاسىم بىرگە قاراپ .

ھاشىم ماڭا قارىدى .

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم .

— ھە ، مەن ئەتە كېلەي… خوش ، — دېدىم - دە ، ئىشخانىدىن چىققىنىمنى سەزمەيلا قالدىم .

— نېمە ئۈچۈن ئوغلۇڭنىڭ ئىشىنى دېمەيسەن؟ — دېدى ھاشىم مېنى نوقۇپ.

— قوي ئاداش، ئۆز ئوقۇتقۇچىسىغا قىلغان قوپاللىقىنى قارا ئۇنىڭ. كۆلدانىنى ئېلىۋېتىشنى بۇيرۇغىنى ماڭا ئەسلا ياقمىدى. بالام بىلەن سۆزلىشىمەن، بالام قايىل بولسا مەيلى، بولمىسا ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگۈزەرمەن، — دېدىم مەيۈس ھالدا.

مۇئەللىممۇ مەيۈس ھالدا قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن ئارتۇقچە گەپ سورىمايلا خوشلاشتىم. چۈنكى، سورىسام قايناپ كېتىدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلەتتىم.

ھاشىمنى دوختۇرخانىغا ئەكىرىپ قويدۇم ھەمدە تەسەللى بېرىپ ئۆيگە قايتتىم. خۇددى چىشىن يەۋالغاندەك بولۇپ ئاچچىقىمنى ئوغلۇمدىن چىقاردىم.

قايسى ئوتتۇرا مەكتەپكە تىزىملانغان بولساڭ شۇ يەردە ئوقۇۋېرەرسەن! — دېدىم ئاچچىقىمدا.

— ئەتە ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھان ئالىدىكەن تىزىملاتتىم، — دېدى ئوغلۇم.

ئوغلۇمنىڭ ئېغىزىدىن ئەتە دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، «تىزىملاتتىم» دېگىنىنى ئاڭلاپ ئاچچىقىم پەسەيدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. دوختۇرخانىدىن كەلگەن شۇم خەۋەر ھەممە خىزمەتداشلىرىمىزنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

ھاشىم بەختكە قارشى ئوپېراتسىيە ئۈستىدە جان ئۈزگەنىدى. بىچارە خىزمەتدىشىم قىزىنى يۆتكەش ئىشىنى قىلالماي كېتىپ قالغانىدى. بىرقانچە كۈن ھاشىمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولدۇق.

بىر كۈنى كەچتە ئوغلۇم مەيۈس ھالدا :

— دادا ، ئىمتىھان نومۇرى چىقىپتۇ . يىگىرمىنچى ئورۇندا چىقىپتىمەن ، قانچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ بىلمەيمەن . مائارىپ ئىدارىسىغە بىر بېرىپ كەلگىنە ، — دېدى ئوغلۇم . ئەتىسى دېلىغۇللۇق ئىچىدە ئاسمىنىڭ ئىشخانىسىغا يەنە باردىم .

— ھە كەپسەن ، ئولتۇرغىن ، ھاشىمئاخۇن ياخشى ئادەم ئىدى . ياش كەتتى بىچارە ، — دېدى ئاسىم .

— شۇنداق ، بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئېلىپ كەتتى ، — دېدىم مەرھۇمغا قايغۇرۇپ .

— شۇنى دېمەمسەن ، قىزىنى يۆتكەيدىغان ئىشنى ئەمدى قىلاي ، دېگەندە ، قارىمامسەن ، ھاشىمنىڭ قىزى سىنىپ مۇدىرى ئىكەن ئەمەسمۇ ، ئۇ دەرس ئۆتىدىغان سىنىپنىڭ بالىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولغۇچە يۆتكەشكە بولمايدۇ ، كېيىنچە يۆتكەپ قويارمەن ، شۇ ئىش ئۈچۈن كەلگەنمۇ ؟ — ئاسىم ماڭا قارىدى .

— ياق ، ھەئە ، يەنە بىر ئىش بار ئىدى ، — دېدىم تەستە دۇدۇقلاپ ، ئاندىن ئوغلۇمنىڭ ئىشىنى قىسقىلا ئېيتتىم .

— ئەتە كەلگىن ، خاپا بولما ، — دېدى ئاسىم جىرىڭلىغان تېلېفوننى ئېلىۋېتىپ .

— ئەتە ، دەرس باشلايدۇ ، — دېدىم تەنە ئارىلاش .

— ھېچنېمە بولمايدۇ . ئون كۈنگىچە ئاساسىي دەرسكە چۈشمەيدۇ ، ئەتە - ئۆگۈن ئۆزۈم سىنىپقا ئەكىرىپ قوياي··· — دېدى ئاسىم .

مەن «خوش» دېدىم - دە ، ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم . بۇ ئىشخانىغا ئەمدى قەدەم باسماسلىق نىيىتىگە كەلدىم . ھاشىمنى ياد ئېتىپ كۆزلىرىمدە ياش تامچىلايتتى ، ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل ئاچچىق قاپلىغانىدى ، كارىدوردا ئاسىمنىڭ سىنىپ مۇدىرى بىر

سومكىنى تۇتۇپ تۇراتتى . مۇئەللىم ماڭا خۇشچىراي سالام قىلدى . مەن سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ كارىدوردىن چىقىپ كەتتىم .

ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ، تاماكىنى بولۇشىغا شوراپ ، ئۆيگە كەلدىم . ئىشىك ئالدىدا ئوغلۇم خۇشال هالدا كۈلۈپ تۇراتتى . «نېمە دەرمەن ، دادامنىڭ قولىدىن پوق كەلمەيدىكەن ، دەپ قالارمۇ ـ هە» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ قاپىقىمنىمۇ ئاچماي ئۆيگە ماڭدىم .

ــ دادا ، ئەتە دەرس باشلايدۇ ،ــ ئوغلۇم غۇلىچىنى كەڭ ئاچتى .

مەن ئەتە دېگەن سۆزدىن بىزار بولۇپ تۇرسام ، ئوغلۇمنىڭ ئەتە دېگىنىنى ئاڭلاپ قاپىقىم تېخىمۇ تۈرۈلۈپ ، ئوغلۇمغا قاتتىق گەپ قىلاي دەپ ئېغىز ئېچىشىمغىلا ، ئوغلۇم بوينۇمغا ئېسىلىپ مەڭزىمگە بىرنى سۆيدى ـ دە ، توۋلاپ كەتتى :

ــ مەن ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتۈپتىمەن ، قىرىق بالا قوبۇل قىلىدىكەن ، مەن يىگىرمىنچى ئورۇندا ئۆتتۈم ، دادا ، ئەتە مەكتەپكە بارىمەن .

ئوغلۇمنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنى باغرىمغا مەھكەم تاڭدىم . كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش تامچىلاشقا باشلىدى . بۇ خۇشاللىق يېشىمۇ ، قايغۇ ـ هەسرەتكە تولغان ياشمۇ ، ئۆزۈممۇ بىر نېمە دېيەلمەيتتىم...

# پۇشايمان

بارى ئەمدىلا ئوتتۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان يىگىت بولۇپ، ناھىيە مەركىزىدىن خېلىلا يىراق بولغان ساقچىخانىدا خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولغانىدى.

خىزمەت دېسە بېشى ئاغرىپلا يۈرىدىغان بۇ يىگىت نېمىشقىكىنتاڭ دائىم ئىدارە باشلىقلىرى بىرەر خىزمەت بىلەن يېزىغا كىرسە ئالدىدا پايپېتەك بولۇپ كېتەتتى.

— ۋاي باشلىق، بەك جاپالىق ئىشلىدىم.

— تاتلىق باشلىق، سىزگە تاتلىق يېمىش ئېلىپ كەلدىم.

— بۇ يېزىدا قېرىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.

— قارىمامسىز ھەر كىرسىڭىز مەنلا يالغۇز ... باشقىلار ئۆيىگە كەتسە كېچىسى نۆۋەتچىلىكنى ھۆددە ئالغاندەك مەنلا ئىشلەيمەن...

ئىشقىلىپ بارىنىڭ ۋايساشلىرى ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ قۇلىقىنى ئاغرىتىۋەتكەنىدى، دېمىسىمۇ بارىنىڭ ئۆيى باشقا يېزىدا بولغاچقا كۆپىنچە ساقچىخانىدا يېتىپ - قوپقانلىقتىن، خىزمەت قىلىسۇن - قىلمىسۇن كەچلىرى ساقچىخانىدا بولاتتى. بىرەر باشلىقنىڭ ساقچىخانىغا كىرىدىغانلىقىنى بىلدىمۇ، ئىشقىلىپ بارى بار ئامالLارنى قىلىپ باشقا نۆۋەتچى ساقچىلارغا ياخشىچاق بولۇپ ئورنىدا نۆۋەتچىلىك قىلاتتى.

ئىدارە باشلىقى خالىق ساقچىخانىغا باشقا بىر يېزىدىن

يېنىشىدا كىـردى ـ دە ، بارىنى كۆرۈپ سورىدى :
ــ ھەي بارى ، دائىم كىرسەم سەن ئۆزۈڭلا نۆۋەتچىغۇ ؟
ــ شۇنداق باشلىق ، كۈندۈزلىرى خىزمەت قىلمىسام تېخى ، باشقىلار دەم ئالغاچقا مەن ئورنىدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتىمەن ،ــ دېدى بارى .
ــ ساقچىخانا باشلىقى قېنى ؟ــ سورىدى باشلىق .
ــ دەم ئېلىش ئېلىپ كەتتى ، ئون كۈن دەم ئالغۇدەك ، باشلىق ، بىرەر خىزمەت بولسا دەۋېرىڭ ، مەن تەييار… .ــ دېدى بارى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ .
بۇ قېتىم ئىدارە باشلىقى خالىق مۇھىم بىر دېلو توغرۇلۇق يىپ ئۇچى ئېلىپ كىرگەن بولۇپ ، خىزمەتلەر ئوڭۇشلۇق بولدى . ئىدارە باشلىقى خالىق قايتىپ مېڭىشىدا بارىغا بۇ قېتىم كادىر تەڭشىگەندە ئويلىشىپ كۆرىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئېيتتى . بارىمۇ بوش كەلمىدى ، ئىدارە باشلىقىنىڭ ماشىنىسىنى تولدۇرۇۋەتتى .
بـارى بـۇنـىـڭـلىق بىلەن بولدى قىلمىدى ، يېقىن ئەل ـ ئاغىنىلىرىگە رەھمەت خېتى يازدۇرۇپ ئىدارە باشلىقىغا چىقارتتى .
ئىدارە پارتكوم يىغىنىدا ئىدارە باشلىقى خالىق بارى توغرۇلۇق يېزىلغان رەھمەت خېتىنى ئوقۇدى .
ــ «ئىدارەڭلارنىڭ كادىرى بارىجان ، ھەم قاۋۇل ، خەلقچىل ساقچى ، بىزنىڭ ئوغرىلانغان ئۈچ تۇياق قوي ، ئۈچ تۇياق كالىمىزنى تـېـزلـىـكـتـە پاش قىلىپ بەردى ، شۇنداق كادىرنى ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىشىڭىزلارنى سورايمىز . مەلۇم كەنتىدىن خەلق ئاممىسى ۋەكىللىرى » .
مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى خالىق رەھمەت خېتىنى دەبدەبىلىك ئوقۇغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام ئەتتى .
ــ بـارىدەك ئالـتۇن كۆمۈلـۈپ يېـتىپتۇ ، ئۇنى دەرھـال

ساقچىخانا باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈپ يېقىنراق يەرگە قويمىساق بولمايدۇ ،ــ دېدى .

ــ دېلو پاش قىلىپ ، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش ساقچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەجبۇرىيىتى ، مېنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرەمدىكى ساقچىخانىلاردا باربىن ئېشىپ چۈشىدىغان ، نى قاتىللىق ، بۇلاڭچىلىق ، چىگىش دېلولارنى پاش قىلغان نۇرغۇن ياخشى ساقچى يولداشلار بار . مېنىڭچە بارى ساقچىخانا باشلىقلىقىغا ھازىرچە مۇناسىپ ئەمەس ، ئۇنى يېقىنراق يەرگە يۆتكىسەك بولىدۇ ، لېكىن ساقچىخانا باشلىقى بولۇشىغا تېخى بالدۇر ، بارىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى زۆرۈر ،ــ دېدى يەنە بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى .

ئىدارە باشلىقى خالىقنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇردى ، ئۇ بارى ئۈچۈن سۆزلەشكە باشلىدى :

ــ بارى تېخى ياش ، ئىستىقبالى پارلاق ، مەن ئۇنىڭغا كېپىل بولالايمەن ، شۇنى ساقچىخانا باشلىقى قىلمىساق بولمايدۇ .

ئىدارە باشلىقى خالىق خۇددى بارىنى ساقچىخانا باشلىقى قىلمىسا ساقچىخانىنىڭ خىزمىتى توختاپ قالىدىغاندەك سۆزلەشكە باشلىدى .

ئىدارە پارتكوم يىغىنى ئاخىرىدا ئىدارە باشلىقى خالىقنىڭ پىكرى ماقۇللىنىپ ، بارى يېقىن ئەتراپتىكى ساقچىخانا باشلىقى قىلىپ بېكىتىلدى .

بارىغا خۇددى بىر چوڭ ئەربابلىق ۋەزىپىسى بېرىلگەندەك خۇشاللىقىدىن چات ئارىلىقىنى كېرىپ ماڭالماي قالدى .

ئىلگىرى بارىنى ئىشقا بۇيرۇپ خىزمەتكە سالىدىغان خېلى كۆپ ياشتا چوڭ ساقچىلار باربىن سورىماي نەق مەيدانغا بارالمايدىغان ، بىرەر جېدەل ـ ماجىرا ئىشىنىمۇ دادىللىق بىلەن بېجىرەلمەيدىغان بولدى . بارى پۈتۈن ساقچىخانا ھوقۇقىنى

مەركەزلەشتۈرمەن ، دەپ ئادەتتىكى خىزمەتلەرنىمۇ ئاقسىتىپ قويۇۋاتاتتى .

— مەندىن بىسوراق ، گۇۋاھلىق ئېلىشقىمۇ رۇخسەت يوق .

— مەندىن بىسوراق ئۆزىڭىز چاغلاپ نەق مەيدانغا بېرىشقا بولمايدۇ .

— مەندىن بىسوراق ماشىنىنى ئىشلىتىشمەڭ .

ئىشقىلىپ ، بۇ ساقچىخانىنىڭ بۇرۇنقى كۆتۈرەڭگۈ ھالىتى يوقىلىپ ، باشقىچىلا بىر تۇسكە كىرىپ قالغانىدى .

ئىدارە باشلىقى خالىق بۇ ساقچىخانىغا ھېيت - بايرام ، دەم ئېلىش كۈنلىرى پات - پات چىقىدىغان ھەمدە ئۇزۇنغىچە بارى بىلەن ئەھۋاللىشىپ ، ئۇنىڭ دۇمبىسىگە مۇشتلاپ قويۇپ بارنىڭ قىلغانلىرىدىن پەخىرلەنگەندەك بولۇپ كىرىپ كېتىدىغان بولدى .

كادىر ساقچىلار ئەتىگەندىلا ئىشقا كېلىشەتتىيۇ ، ئىشخانىلىرىدا ئولتۇراتتى . ساقچىخانا ئالدى ، نوپۇس ئىشخانىلىرىنىڭ ئالدى ئەرز - داد ئېيتىپ كەلگەنلەر ھەمدە نوپۇس بېجىرىدىغانلار بىلەن تولۇپ كېتەتتى .

— ساقچىخانا باشلىقى يوق…

— بىردەم ساقلاڭ…

— قاچان كېلىشىنى بىلمەيمىز…

بارى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئىش بېجىرەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇددى بۇ ساقچىخانىدا ئۆزى بولمىسا ئىش ئاقمايدىغاندەك ئالدىرىماي ساقچىلارغا ئىش ئورۇنلاشتۇراتتى .

— خوپ باشلىق ، كۆرمىدىڭىزمۇ ئىش بەك جىق ، خىزمەتلىرىمىز ئالدىراش .

ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە ئىش جىقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئىشنىڭ ئۈنۈمى يوق دېيەرلىك ئىدى . ئىشلار شۇ بويىچە داۋام ئەتمەكتە ئىدى .

ئىدارىنى يۇقىرىدىن تەكشۈرۈپ باھالىدى ، بۇنىڭدىكى بىر تۈر مەخپىي ھالدا ساقچىخانىغا تېلېفون قىلىپ ، نەق مەيدانغا قانچىلىك ۋاقىتتا كېلىشنى سىناش ئىدى . ساقچىخانا تېلېفونى جىرىڭلىدى .

— ئوغرى كىردى دېدىڭىزما ، ھە مەن خاتىرىلىۋالدىم ، بىرەر سائەتكىچە ساقچىخانا باشلىقى كەلسە سوراپ باراالايمىز ، خوش…

تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى .

— ئوغرىنى تۇتۇۋالغان بولسىڭىز ساقلاپ تۇرۇڭ ، ساقچىخانا باشلىقى ماشىنىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن . تېلېفون قىلسام ئۇلانمىدى ، مەن ئىشەك ھارۋىسىدا بېرىپ بولغۇچە ، خېلى ۋاقىت بولۇپ قالىدۇ .

بۇ قېتىم بۇ سىناقتىن ئۆتەلمىگەچكە ج خ ئىدارىسى يۇقىرى دەرىجىلىك ج خ ئىدارىسى تەرىپىدىن قاتتىق تەنقىدلەندى .

بارىنى پالاكەت بېسىشقا باشلىدى .

ساقچىخانىدا كۈندە جېدەل ئەۋج ئالدى .

— مېنىڭ دېلورۇمنى ئۈچ ئاي بولدى ، نېمىشقا سورىمايسىلەر ؟

— كىملىك بېجىرىش شۇنچە تەسمۇ ؟

— ساقچىخانا باشلىقى نېسىگە ماي قۇيۇپ پۇلىنى بەرمىدى .

— كېپىللىك دەپ ئالغان پۇلنى نېمىشقا بەرمەيدۇ ؟

ئىشقىلىپ ھەر خىل سۆز - چۆچەكلەر ساقچىخانا ئالدىدا ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

ئىدارە سىياسىي كومىسسارىغا بىر پارچە پاش قىلىش خېتى كەردى ، خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى : «ساقچىخانا باشلىقى بارى ، ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان ، خەلقنى ئويلىمايدىغان ساقچى بولۇپ ، يېزىمىز تەۋەسىدە ئەرز - داد كۆپەيدى . قالايمىقان ھەق ئالدى ، مەندەك قېرى ، ئاجىز دېھقاندىن نەۋرەڭ ئوغرىلىق قىپتۇ دەپ ، ئۈچ مىڭ يۈەن پۇلنى مەجبۇرىي تۆلەتتى . ماڭا پۇل

تۆلەتكەندە نەۋرەم قىچىپ كەتكەنىدى ، كېيىن نەۋرەم كەلدى . مەن سوروشتە قىلسام نەۋرەم بىر قوي ئوغرىلاپتىكەن ، بىر قوي ئوغرىلىغانغا مەندەك بىر ئاجىز كىشىگە شۇنچە كۆپ پۇل تۆلەتتى . مەن پۇلنى سورىسام ، «بالاڭنى ياخشى باشقۇرماپسەن ، سولايمىز » دېدى ، ياكى سولىمىدى ياكى پۇلنى بەرمىدى ، مەن پۇلنى بانكىدىن قەرز ئېلىپ بەرگەن . ئادىل تەكشۈرۈپ بەرگەن بولسىلا ! دېھقان سەمەن » .

ج خ ئىدارىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسى تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى .

— بۇ پۇل نەدە ، ساقچىخانىدا بارمۇ ؟— سورىدى تەكشۈرگۈچىلەر .

— ساقچىخانىدا نەدىمۇ پۇل بولسۇن ، ھەممە ھېسابات بارىدا ، بىزنىڭ خەۋىرىمىز يوق ،— دېيىشتى ساقچىلار .

بارىنىڭ زىممىسىدە نۇرغۇن پۇل چىقتى .

— پۇلنى نەگە ئىشلەتتىڭىز ،— سورىدى تەكشۈرگۈچىلەر .

— نەگە بولاتتى ، خالىق باشلىققا ھېيت - بايرامدا ئالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ پۇلغا ئالغان نەرسىلەر تۇرسا ...— دېدى بارى .

ئەمەلىيەتتە بارى ئىدارە باشلىقىغا شۇنچىۋالا جىق نەرسىمۇ بەرمىگەنىدى . پەقەت بىر يەشىك ئالما ، بىرەر چىپتا قوغۇن دېگەندەك نەرسىلەرنى بەرگەنىدى .

ئىدارە باشلىقى خالىق تەكشۈرگۈچىلەردىن يۇقىرىقى ئىنكاسنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى .

ئاچچىق ، پۇشايمان ئىدارە باشلىقىنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغانىدى .

ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى ... .

## بەخت يېشى

گـۈلنىسانىڭ ئىمىنگە بولغان مۇھەببىتى مەلۇم ۋاقىتتىن كـېيىن ئۆزگىرىپ كېتىدىغان ياكى بىردەمدىلا غايىب بولىدىغان مـۇھــەببــەت ئەمەس ئىدى . گۈلنىسا ئىمىننى ھەقىقىي ياخشى كــۆرەتتــى . خېلىلا چوڭ بولۇپ قالغان قىزى ئۇلارنىڭ شېرىن مۇھەببىتىنىڭ مېۋىسى ئىدى .

ئىمىن بىلەن گۈلنىسانىڭ بىرقانچە يىللىق ئەر ـ خوتۇنلۇق تــۇرمۇشى تىپتىنچ كۆل سۈيىگە ئوخشاش ھېچبىر داۋالغۇشسىز ئۆتتى .

مــانــا گــۈلنىسامۇ ئوتتۇز بەش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالدى . ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا خاس ئاددىي ۋە رەتلىك كىيىنىپ يۈرۈش ئادىتىمۇ ئەزەلدىنلا ئۆزگەرگىنى يوق . گۈلنىسا ئالدىراش ھالدا موتوسىكلىتقا مىندى ـ دە ، مەكتەپكە يول ئالدى .

مــەكــتــەپ دەرۋازىــسى ئالدىدا ئۇنىڭ ساۋاقدىشى خاسىيەت تۇراتتى . ئۇلار سالاملاشتى .

خاسىيەت ئوتتۇز بەش ياشلاردىن ھالقىغان بولسىمۇ ، لېكىن كــىــيــىــنــىپ يۈرۈشلىرى خۇددى ئەمدىلا تويى بولغان قىزلارغا ئوخشايتتى .

ــــ ۋىيەي ئاداش ، سېنى بەك ساقلاپ كەتتىم ، ـــ خاسىيەت يېڭى كىيىۋالغان كىيىملىرىنى كۆز ـ كۆز قىلغاندەك گۈلنىساغا قارىدى .

— نېمە ئىش ئىدى ، تېلېفون قىلساڭ بولماسمىدى ، — دېدى گۈلنىسا .
— تېلېفونۇڭ توختاپ قاپتۇ ، ئالاقىلىشالمىدىم ، — دېدى خاسىيەت .
گۈلنىسا تېلېفوننى قولىغا ئالدى . دېگەندەك تېلېفونى توختاپ قالغانىدى .
— ئالدىراشلىقتا پۇل تۆلەشنى ئۇنتۇپتىمەن ، — دېدى گۈلنىسا .
— ھەي ، ئەخمەق ئۆزۈڭنى تۇزەشتۇرۇپ يۈرگىن ، قارا ئەپتىڭگە ،— دېدى خاسىيەت .
— ئەپتىمگە نېمە بوپتۇ ، بىر ئوبدان تۇرمامدۇ مانا ؟— دېدى گۈلنىسا .
— مەن دېگەننى كىيمەي ، ئىمىنئاخۇن كېيىن سەندىن تېنىپ كەتسە نېمە دەيسەن ؟— دېدى خاسىيەت بىر خىل گەپ يورغىلاتقان ھالەتتە .
گۈلنىسانىڭ بېشىدىن بىر چېلەك سۇ قۇيۇلغاندەك بولدى .
— سەن ئىمىن توغرۇلۇق بىرەر گەپ ئاڭلىدىڭمۇ ؟— دېدى گۈلنىسا گۇمانسىراپ .
— ياقەي ، سەن بىلەن دوست بولغاندىكىن شۇنداق كۆنلەر كەلمىسۇن دەيمىنا ، ياسىنىپراق يۈرگىن ، ئۇنچە بەك تېجەشلىك بولۇپ كەتمە ، ئىقتىسادىڭ يار بەرمىسە مەن ياردەم قىلاي…
خاسىيەت بىلەن گۈلنىسا خوشلاشتى .
گۈلنىسا ئۆزىنىڭ ئىمىنگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ بەختسىز مۇھەببەت بولۇپ قېلىشىنى ، چەكسىز بەختكە تەلپۈنۈپ خۇشال ئۆتۈۋاتقان كۆنلىرىنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىشىنى خالىمايتتى .
گۈلنىسا ئويلا - ئويلا دېلىغۇل بولۇشقا باشلىدى . چۈنكى يولدىشى ئىمىننىڭ يېقىندىن بېرى خىزمەتلىرى ئالدىراش بولۇپ ،

داۋاملىق سىرتلارغا قاتىرايدىغان بولۇپ قالغانىدى .

گۈلنىسا ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن خاسىيەتكە تېلېفون قىلدى .

— ئاداش ، سەن مېنىڭ دوستۇم ، بىرەر گەپ ـ سۆز ئاڭلىغان بولساڭ ، ماڭا دەۋەرگىن ، ئىمىننىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى يېقىندىن بېرى بۆلەكچىلا بولۇپ قالدى ، — دېدى گۈلنىسا .

— ساڭا مەن نېمە دېدىم ، ئۆزۈڭنى ئاۋايلا دېمىگەنمۇ ؟ ساڭا دېسەم ئېغىر كەلمىسۇن ، دەپ ئۇچۇق دېمىگەن . سېنىڭ ئىمىنىڭ بىلەن مېنىڭ يولدىشىم بىرقانچە قېتىم ياش خېنىملار بىلەن رەڭلىك ئولتۇرۇپتۇ ، مەن هازىر يولدىشىمنى ماراۋاتىمەن ، نەق تۇتقان هامان ساڭا تېلېفون قىلىمەن ، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى ئوبدان بەرمىسەك بولمايدۇ ، — دېدى خاسىيەت .

گۈلنىسانىڭ يۈركى ئېچىشىشقا باشلىدى . قانداق قىلىش كېرەك ؟ گۈلنىساغا ئىمىننىڭ هەرقانداق بوران ـ چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان يالقۇنلۇق مۇهەببىتى كېرەك ئىدى .

تۇرمۇشىنىڭ قايناق هېسلىرى قايسى كىشىنىڭ يۈرىكىگە غۇلغۇلا سالمىغان ، قايسى كىشىنى ئۇيقۇسىدىن ۋاز كەچتۇرۇپ ۋەسۋەسىگە سالمىغان... گۈلنىسا تېگى يوق خىياللارغا بەند بولدى .

ئىنسان هاياتى گويا چايقىلىپ تۇرغان دېڭىزغا ئوخشايدۇ . دېڭىزدا ئەرزىمەس نەرسىلەرمۇ ، قىممەتلىك بايلىقلارمۇ بولغىنىدەك بەزى قىزلار ئەرلەرنى بىردەملىك مەپتۇن قىلىسىمۇ ، ئۇلار ئەرلەر خاتىرىسىدىن ئەتىسىلا چىقىپ كېتىدۇ . يەنە شۇنداق مۇهەببەت باركى ئۇ كۆرۈنمەس غايىۋى روهتەك ئەرلەرگە بىر ئۆمۈر هەمراھ هەم يولباشچى بولىدۇ . گۈلنىسانىڭ ئىمىنگە بولغان مۇهەببىتى

چەكسىز ئىدى .

بىرقانچە كۈندىن بىرى گۈلنىسا ئۆيگە كېلىپ تاماق ئىتىپ ، ئىشقا بىرىپ ، دىگەندەك ئالدىراش ئۆتتى . ئىمىننىڭ ئالدىدا چاندۇرمىدى .

ــ بىرەر يېرىڭلار ئاغرىمدۇ ؟ــ سورىدى ئىمىن .

ــ ياقەي ، مەكتەپتە ئىشلار شۇنچە كۆپ بولغاچقا ، سەل هارغان ئوخشايمەن ،ــ دىدى گۈلنىسا .

ــ دوختۇرغا كۆرسىتەيمۇ ـ يا ؟ بۈگۈن ئىشقا بارمايمەن ،ــ دىدى ئىمىن ئالدىدىكى تاماقنى يەۋىتىپ .

گۈلنىسانىڭ ۋۇجۇدىنى قانداقتۇر بىر ئىللىق سىزىم قاپلاپ ئىمىننى قۇچاقلاپ يىغلىغۇسى كەلدى . ئىمىننىڭ بۇنداق كۆيۈنگەنلىكىدىن سۆيۈنگەن گۈلنىسانىڭ گۇمانلىرى تاراپ كەتتى .

ــ تاماق يەۋالسام ياخشىلىنىپ كېتىمەن ، بۈگۈن دەم ئالامسىلەر ؟ــ دىدى گۈلنىسا .

ــ هەئە ، دەم ئالىمەن ، چۈشتىن كىيىن بىر دوستۇم بىلەن بىر يەرگە بىرىپ كېلىمىز ، ئىشتىن بالدۇر كەلسىڭىز بىرگە سىرتقا چىقىپ تاماق يەيلى ،ــ دىدى ئىمىن .

گۈلنىسا خۇشال هالدا مەكتەپكە ماڭدى .

مەكتەپ ئالدىدا خاسىيەت تۇراتتى .

ــ هەي خاسىيەت ، يەنە تۇرۇپسەنغۇ ، بۇ نۆۋەت تېلېفونۇم توختاپ قالمىدى جۇمۇ ؟ــ دىدى گۈلنىسا .

ــ بۈگۈن ئىش چاتاق ، يولدىشىمنىڭ بىرى بىلەن تېلېفوندا چۈشتىن كىيىن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىنى دىيىشكەنلىكىنى ئوغلۇم ئاڭلاپ قاپتۇ . شۇڭا ، مەن بۈگۈن ئۇلارنى مارايمەن ، تېلېفون قىلغاندا كەلمىسەڭ بولمايدۇ جۇمۇ ؟ــ دىدى خاسىيەت .

ــ خاسىيەت ، ئەڭ ياخشىسى مارىمىغىن ، ئۆزۈڭنىڭ

ھەرىكەتتى ئارقىلىق يولدىشىڭنى ئۆزۈڭگە مايىل قىلغىن . مەنمۇ تەربىيە قىلاي...__ دېدى گۇلنىسا .
__ ۋۇي خېنىم ، ئۇنداق ئولتۇرسام ، رەڭلىك سورۇندىكى ئۇ تۇلكە جىنلار يولدىشىمنى قايرىپ كەتسە قانداق قىلىمەن؟ مەن ھەرگىز بوش قويمايمەن ، قاراپ تۇر ،__ دېدى خاسىيەت . گۇلنىسا :
__ رەڭلىك سورۇنلارغا ھازىرلاردا قايسىبىر ئەر بېرىپ باقمىغان دەيسەن ، موللام بولسا بارماس ، بېرىپ قالغانغا ئائىلىسىنى تاشلاپ ئۇلارغا دۈم چۈشمەس ، __ دېدى .
__ سەن بىلمەيسەن ،__ دېدى خاسىيەت ،__ سانىيەنىڭ يولدىشىمۇ رەڭلىك سورۇنلارغا بېرىپ ، كىچىك خوتۇن ئېلىۋېلىپ ، سانىيەدىن ئايرىلىپ كەتتى . خانقىزنىڭ يولدىشىمۇ خانقىزنى قېرى كۆرۈپ ياش خېنىمنى تېپىۋالدى ئەمەسمۇ ، ئۇلارغا بۇرۇن دېسەم ئاڭلىماي ، كېچىكىپرەك ئەرلىرىنى چىڭ تۇتقاچقا ، سوتقا چۈشۈپ ئايرىلدى ئەمەسمۇ ، __ خاسىيەتنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرى ئېرىنى نەق تۇتۇۋالسا ، شۇ سورۇندىلا يەۋېتىدىغاندەك قىلاتتى .
__ ئەڭ ياخشىسى ماراپ يۈرمە ، يولدىشىڭغا ئىشەنگىن ، ئىشەنسەڭلا سېنى تاشلىمايدۇ ، __ دېدى گۇلنىسا .
خاسىيەت ھېچ بولدى قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى .
__ بۈگۈن ئىشلىمەمسەن ؟__ دېدى گۇلنىسا .
__ رۇخسەت سورىدىم ، مېنى توسما . مەن تېلېفون قىلغان ھامان بارغىن ،__ خاسىيەت قايتا _ قايتا تاپىلاپ گۇلنىسادىن ئايرىلدى .
بۈگۈن گۇلنىسانىڭ ئىككى سائەتلا دەرسى بار ئىدى . دەرسخانىدىن چىققان گۇلنىسا مەكتەپ مەيدانىدىكى گۈللۈكتە شېرىن ئەسلىمىلەرگە بەند بولۇپ ئولتۇردى .
«گۇلنىسا سىزنىڭ ماڭا قاراپ مېيىقىڭىزدا كۈلۈپ

قويغىنىڭىزغىلا سىزنى ياخشى كۆرگىنىم يوق ، مەن سىزنىڭ سىيمايىڭىزغا ، گۈزەل ئەخلاقىڭىزغا ئاشىق ، مەن سىزنى ئۆيۈمگە يىلتىز تارتقۇزۇپ ئېچىلدۇرۇپ پۇرىسام دەيمەن… گۈلنىسا ، قاراڭ قىزىمىزنىڭ كۆلكىسىگە ، خۇددى مېنىڭ كۈلكەمگە ئوخشايدۇ ، سىيماسى سىزنىڭكىگە ئوخشايدۇ… »

تۇيۇقسىز سايرىغان تېلېفون گۈلنىسانىڭ شېرىن ئەسلىمىلىرىنى ئۈزدى :

— ۋەي گۈلنىسامۇ ، دەرھال كەل ، مەن نەق تۇتۇۋالدىم ، مەن دېمىگەنمۇ ، مېنىڭ ئېرىمنىڭ ئىنىكىگە ئىككىدىن تۆتنى شاپىلاقلىدىم ، رەڭلىك سورۇننى ئەمدى باشلاپتىكەن ئەمەسمۇ ، كۆرمەمسەن سېنىڭ ئېرىمۇ باركەن ، تازا ئوبدان ئۈچتە ئۈچ بولۇشۇپ ئولتۇرۇپتۇ ، سەنمۇ كېلىپ ئىمىنى تۆت تەستەك سال ، ئولتۇرغان قىزىل - سېرىق چاچلارنىڭ چاچلىرىنى يۇلدۇم ، قوغداش خادىمىغا قارىتىپ قويۇپ ساڭا تېلېفون قىلىۋاتىمەن ، تېز كەل ، بۇ سەتچىلىكنى سەنمۇ كۆرۈپ دەردىڭنى چىقىرىۋال… گۈلنىسا تېلېفوننى قويۇۋەتتى .

چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا گۈلنىسا ئۆيگە قايتمىدى . ئۇ ئىشخانىسىدا ئويلىنىۋاتاتتى . قانداق قىلىش كېرەك ؟

«ھەرقانداق كىشىدە يا ئۇنداق ، يا بۇنداق خاتالىق سادىر بولىدۇ ، بۇ خاتالىقلار تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ، ھەرقانداق كىشى بەزىدە بۇ ئىشتا ، بەزىدە ئۇ ئىشتا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن ، لېكىن ئۇنىڭ روھى گۈزەل بولسىلا ھەرقانداق بوران - چاپقۇندىمۇ تەۋرەنمەسلىكى مۇمكىن» گۈلنىسا بۇ ئىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچماسلىق قارارىغا كەلدى .

تېلېفون يەنە سايرىدى .

— ۋەي گۈلنىسامۇ ، دوختۇرخانىغا بىر كەلگىن ، مەن دوختۇرخانىدا ، — گۈلنىسا ئالدىراپ دوختۇرخانىغا باردى .

خاسىيەت قاپاقلىرى كۆك ھالەتتە كارىۋاتتا ياتاتتى .

— قارىماسەن ، مەن نەق تۇتۇۋالغانتىم ، ئېرىم مېنى ئۇرۇپ كەتتى ، مەنمۇ بوش كەلمىدىم ، مەنمۇ ئۇ يەردىكى قانجۇقلارنىڭ چاچلىرىنى يۇلدۇم ، ئېرىمنىمۇ ئۇردۇم . ئەمدىغۇ ئېرىم رەڭلىك سورۇنغا بارماس ؟— دېدى خاسىيەت .

— مېنىڭ ئېرىمچۇ ؟— دېدى گۈلنىسا .

— بىچارە مېنى كۆرۈپ جىمىپ كەتتى . ماڭا كۆپ نەرسىلەرنى چۈشەندۇردى . سودا دەمدۇ ، تىجارەت دەمدۇ شۇنى قىلىۋاتىمىز دەيدۇ . قارىماسەن ئوچۇق تۇرمامدۇ ، ئايرىمخانا ، ئۇچ ئايال ، ئۇچ ئەر ئولتۇرسا ، سېنىڭ ئېرىڭ بولمىغان بولسا مېنىڭ ئېرىم مېنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋېتەرمىدىكىنتاڭ ،— دېدى خاسىيەت .

— ئىمىن بىرنەرسە دېمىدىمۇ ؟ —سورىدى گۈلنىسا .

— ئۇ : «گۈلنىسا بىلمىسە ، بۇ يەرگە باشقا نىيەتتە كەلمىدىم . دوستۇم بىرىدىن ئايرىلالماي قالغانىكەن . شۇ ئىش ئۈچۈن كېلىپ قىزلارغا تەربىيە قىلىپ ئائىلىسىنى بۇزماسلىقنى تاپىلاپ شۇڭا كەلگەن» دېدى . سېنىڭ ئېرىڭمۇ تازا يالغانچى ئىكەن . سېرىق چاچلىق قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ گەپ قىلىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن بولساڭ ، ئاچچىقىڭ كېلىپ مەندىن قېلىشماي ئۇرۇشاتتىڭ ،— دېدى خاسىيەت .

— ئەمدى قانداق قىلىسەن ؟— دېدى گۈلنىسا .

— قانداق قىلاتتىم ، — دېدى خاسىيەت دەرھاللا ،— ئۆي تۇتمايمەن ، ئاجرىشىپ كېتىمەن .

گۈلنىسا ئۆيىگە كەلدى . ئىمىن ئۆيدە تاماق تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن قىزىنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك

قىلىۋاتاتتى .

— كەلدىڭىزمۇ ؟ — دېدى ئىمىن .

گۈلنىسا ئۈندىمىدى .

— تاماق تەييار بولدى . بۈگۈن مەن دەم ئالغاچقا تاماقنى تەييار قىلىپ قويدۇم ، — دېدى ئىمىن .

«تــوۋا ، بــۇ ئەرلەرنىڭ ۋىجدانسىزلىقىنى ، گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك گەپ قىلىدا . گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن بىر ۋاخ تاماق ئېتىش بىلەنلا ئىش تۈگەمدۇ ؟ » دېگەنلەرنى خىيال قىلغان گۈلنىسا تېلېۋىزورنى ئاچتى .

— گۈلنىسا ، ئولتۇرۇڭ سىزگە دەيدىغان گېپىم بار ، — دېدى ئىمىن .

«ئــۇنــداق گــېــپــىڭىزنى رەڭلىك سورۇنغا بېرىپ قىلىڭ» دېمەكچى بولغان گۈلنىسا ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى - دە ، ساپادا ئولتۇردى .

— خاسىيەت بىلەن يولدىشى قاتتىق ئورۇشۇپ كەتتى . كەچتە ئۇلارنىڭكىگە بېرىپ تەربىيە قىلىپ كېلەيلى ، — دېدى ئىمىن .

— سىزگە ئۇلار تېلېفون قىلغانمۇ ، — دېدى گۈلنىسا .

— ياقـــەي مــەنــــمۇ بار ئىــدىم ، بىر ئىش تــوغرۇلۇق مەســلىھەتلەشكىلى بارغان . خاسىيەت تۇيۇقسىز كىرىپ جېدەل قىلدى ، — دېدى ئىمىن .

«ئــۆزىــڭــىزنــىڭ ئــاشــنىڭىزنى يوشۇرۇش ئۈچۈن يالغان سۆزلىمەڭ» دېمەكچى بولغان گۈلنىسا يەنە توختاپ قالدى .

— قانداق مەسلىھەتتى ئۇ ، شۇنچە جېدەل تېرىيدىغان ، — سورىدى گۈلنىسا .

— ئەسلىدە دەسلەپىدە سىزگە دەۋبتەي دېگەن . لېكىن ، خاپا بولۇپ قالامسۇن دەپ ، سىزگە بىلىندۈرمەي خاسىيەتنىڭ يولدىشى

بىلەن بارغانىدىم . مۇنداق ئىشتى ، — ئىمىنىنىڭ گېپى باشلىنىشى بىلەن گۈلنىسا ئورنىدىن تۇردى .

— بىلىمەن ، ماڭا دېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، — گۈلنىسانىڭ غەزەپتىن قوللىرى تىترىدى . «تۇۋا ، بۇ ئەرلەرگە نېمە بولدى ، تەپ تارتماي مېنىمۇ ئاياللار بار رەڭلىك سورۇنغا ئاپارماقچىمىكىنە ؟ » دېگەنلەرنى خىيال قىلىۋاتقان گۈلنىسانىڭ قولىدىن چىنە چۈشۈپ كەتتى .

— ئاۋۋال ئاڭلىماسىز ، سىز نەق مەيداندا بولمىسىڭىز نېمىنى بىلىسىز ، — دېدى ئىمىن .

— تولا گەپ قىلىپ چىنىنىمۇ چۈشۈرۈپ… — دېدى گۈلنىسا .

— مەن تېخى گەپنىڭ بېشىنىمۇ دېمىدىم ، چىنىلەرنى يىغىشتۇرۇپ بولغۇچە مەن يۇيۇنۇپ چىقاي ، خاسىيەتلەرنىڭكىگە بېرىپ كېلەيلى ، تەييار بولغاچ تۇرۇڭ ، — دېدى ئىمىن .

گۈلنىسا چىنىلەرنىڭ سۇنۇقلىرىنى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن ، ئىمىنىنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى خاسىيەت ھەم يولدىشىدىن ئاڭلاش ئۈچۈن ، بېرىش قارارىغا كېلىپ ، تەييار بولۇپ ئولتۇردى . تۇيۇقسىز ئىشىك كۇنۇپكىسى بېسىلدى .

گۈلنىسا ئىشىكنى ئاچتى . ئىشىك ئالدىدا سېرىق چاچلىق كېلىشكەن بىر قىز تۇراتتى .

— كىمنى ئىزدەيسىز ؟ — دېدى گۈلنىسا .

— ئىمىن ئاكام بارمۇ ؟ — دېدى قىز .

— ئىمىن ئاكىڭىز يۇيۇنۇۋاتىدۇ ، نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى ؟ — كىرىڭ ، ئۆيگە كىرىپ ساقلاڭ ، — گۈلنىسا قىزنى ئۆيگە باشلىدى .

گۈلنىسانىڭ شۇ تاپتا يۈرىكى دۈپۈلدەشكە باشلىدى . خاسىيەت

راست گەپ قىلغانىكەن ـ دە ، بۇ قىز ئىمىننى مەندىن تارتىۋالارمۇ دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن گۈلنىسا قىزنى سوغۇق ھالەتتە ساپاغا تەكلىپ قىلدى .

ــ ئىمىن سىزنى بىر قىز ئىزدەپ كەپتۇ ، تېزراق بولۇڭ ، ساقلاپ قالدى ،ــ دېدى گۈلنىسا ئاچچىقىدا .

ــ گۈلنىسا ئاچا ، سىز مېنى تونۇمايسىز ، مەن سىزنى تونۇيمەن ، ــ دېدى قىز .

ــ ئەلۋەتتە مېنى تونۇيسىز ـ دە ، ھەتتا ئىسمىمنىمۇ بىلىسىز ، ئىمىن ھەممىنى دەپ بەرگەندۇ ، ئېيتىڭا قانداق قىلماقچىسىز ؟ــ دېدى گۈلنىسا .

ــ خاتا چۈشىنىپ قالماڭ ، مېنىڭ ئەسلىدە سىزنىڭ ئىنىڭىزنى ئازدۇرۇش خىيالىم يوق . مەن ئىنىڭىز بىلەن ئىلگىرى مۇھەببەتلەشكەن ، كېيىن ئۇ توي قىلدى . ئىنىڭىزنىڭ مەن بىلەن توي قىلماسلىقىدىكى سەۋەب مەندە . چۈنكى ، مەن باشقا شەھەردىن يۆتكىلەلمىدىم . ھازىر مەن بىلەن ئىنىڭىزنىڭ خىزمەت ئورنىمىز بىر يەردە بولۇپ قالدى . مەن ئىنىڭىزنى ياخشى كۆرىمەن ، ھازىر ئىنىڭىزنىڭ ئايالى بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس . ئايالى ئائىلىمىزنى بۇزدى دەپ ئىمىن ئاكامغا دېگەچكە ، ئىمىن ئاكام مېنى ئىزدەپتىكەن . مېنىڭ ئىدىيەمدىن ئۆتتى . ئەگەر ئىنىڭىز مېنى ياخشى كۆرمىسە ، يەنە كېلىپ ئايالى بىلەن ياخشى ئۆتەلىسە ، مەن ئۇنىڭ كەينىگە كىرمەيمەن . مەن تېخى توي قىلمىدىم . بۈگۈن شۇ ئىشنى دەپ قويغىلى كەلگەن . كۈندۈزى ئىمىن ئاكام شۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا دوستىنىڭ ئايالى جېدەل قىلدى ، بەك سەت ئىش بولدى ، چۈشەندۈرۈپ قويغىلى كەلدىم ،ــ قىز يىغلاپ كەتتى .

ــ بولدى ، بولدى يىغلىماڭ سىڭلىم ، ئېلىڭ ، مېۋىگە بېقىڭ ،ــ گۈلنىسا قىزنىڭ كۆزىدىكى ياشنى سۈرتتى .

— مەن قايتاي ، ئىمىن ئاكامغا دەپ قويۇڭ ،— قىز مېڭىشقا تەمشەلدى .

— نەگە بارىسىز ، ئولتۇرۇڭ ، سىڭلىم ، ئولتۇرۇڭ مېنىڭ ئىنىم بىلەن سىزنىڭ ئىشىڭىزدىن ئازراق خەۋىرىم بار ئىدى . ئۇ قىز سىزكەنسىز - دە ، سىزنى كۆرۈشنى بەك ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم ، رەھمەت سىزگە ياخشى كەپسىز ،— گۈلنىسانىڭ خۇشاللىقىدىن بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى . ئەتىگەندىن بېرى چۈشۈن يەۋالغاندەك بولۇپ قالغان گۈلنىسانىڭ چىرايىدىكى خاپىلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىدى .

—ھەي ئىمىن ، بولۇڭا تېزراق ، نېمانچە ئۇزۇن يۇيۇنىسىز ؟ مانا ، ماۋۇ كىيىمىڭىزنى كىيىڭ ، — گۈلنىسا پايپېتەك بولۇپ ئىمىننىڭ كىيىمىنى تاللاپ سۇنۇپ بەردى .

— تېز بولۇڭ ، مېھمان كەلدى ياخشىراق كۈتۈۋالمىساق بولمايدۇ ،— گۈلنىسا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى .

ئاۋۇال قىزنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ ، ئاندىن خاسىيەتنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەن گۈلنىسا قىزغا چاي قۇيغاچ سۆزلەشكە باشلىدى :

— ئىنىم بىلەن ئايالى دەسلەپتىن باشلاپ كېلىشەلمىگەن . بىز يەنىلا قاراپ باقايلى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزلىرى قارار قىلىشسۇن . ياخشى بولۇپ كەتسە ، ئۇ چاغدا سىزنىڭمۇ بىر يەردىن رىزقىڭىز چىقىپ بەختىڭىز ئېچىلىپ قالار . ئەگەر ياخشى بولالمىسا ، ئاردا باللىرىمۇ يوق ، ئاجرىشىپ كېتەر . ئەگەر ئىنىم ئاجرىشىپ قالسا ، سىز ئىنىمنى بەختلىك قىلسىڭىزلا ، تويۇڭلارنى قىلىپ قويىمىز ،— دېدى گۈلنىسا .

— مەنمۇ ئاڭلاي توي مەسلىھەتنى ،— ئىمىن كىيىملىرىنى

كىيىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى .

— ئەسكى ، نېمە ئۈچۈن مېنى خەۋەرلەندۈرمەيسىز ، تاس قالدى شۈنچە چوڭ ئىش تېرىلغىلى ، — دېدى گۈلنىسا نازلىنىپ .

— سىڭلىم سىزمۇ بىز بىلەن خاسىيەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قويۇڭ ، — دېدى ئىمىن .

— مەن بارماي ، ئۇ ئايالنىڭ مىجەزى بەك قوپال ئىكەن ، — دېدى قىز .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، ئۇ ھازىر دوختۇرخانىدا ، چۈشەنچە بەرمىسەك بىر ئائىلە بۇزۇلىدۇ ، — دېدى گۈلنىسا .

ئۇلار يولغا چىقتى . گۈلنىسا تاكسى توسۇدى .

— دوختۇرخانىغا ، — دېدى گۈلنىسا .

— ھەي ، خاسىيەتنىڭ ئۆيى دوختۇرخانىدا ئەمەس ، — دېدى ئىمىن .

— بۈگۈن مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا بويسۇنۇڭ ، غوجام ، — دېدى گۈلنىسا ئەركىلەپ .

خاسىيەت دوختۇرخانا كارىۋىتىدا ياتاتتى . گۈلنىسا ، ئىمىنلەر ئاۋۋال كىردى . قىز ئىشىك تۈۋىدە تۇردى .

— كىرىڭ سىڭلىم ، — دېدى گۈلنىسا .

قىز قورقۇمسىراپ ئىشىكتىن كىردى .

— ئاشۇ شۇ . ماڭا تونۇتقىلى ئەكەپسەن - دە ، ئىمىننىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنى شۇ ، — دېدى خاسىيەت .

— شۇنداق ، ئاداش .

— ئېرىڭ قېنى ؟ — دېدى گۈلنىسا .

— ئەتىدىن بېرى بىرقانچە قېتىم كەلدى . مەن تىللاپ كىرگۈزمىدىم ، ئايرىلىپ كېتىمەن ، — دېدى يىغلاپ خاسىيەت .

— مەن شۇڭا چۈشەندۈرگىلى كەلدىم ، ئاداش ، سەن ئېرىڭگە

ئىشەنگىن ، قارا بۇ قىز مېنىڭ ئىنىمنىڭ قىز دوستى ئىكەن...
گۈلنىسا ئەھۋالنى بىرقۇر چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ، خاسىيەت بۇلدۇقلاپ يىغلاپ كەتتى . گۈلنىسامۇ خاسىيەتنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ ئۈنلۈك يىغلاپ كەتتى . ئىككى ئايالنىڭ ياش تۆكۈپ يىغلىغىنىغا قاراپ قىز سەل ئوڭايسىزلاندى - دە ، كۆزىدىن ياش سىيرىلدى .
— ئاچىلار ، يىغلىماڭلار ، — دېدى قىز قولياغلىقىنى گۈلنىساغا سۇنۇپ .
ئىمىن خاسىيەتنىڭ ئېرىنى ئېلىپ كىردى . خاسىيەتنىڭ ئېرى بىر دەستە گۈل تۇتۇۋالغانىدى .
— بۇنىڭدىن كېيىن ئېرىڭگە ئىشەنگىن ، — دېدى گۈلنىسا .
كۆز ياشلار قۇرۇمىغان چىرايلاردا خۇشاللىق كۈلكىلىرى جىلۋىلىنىشكە باشلىدى .

# تەنقىد

سادىق ئىسمى - جىسمىغا لايىق جىنايى ئىشلار ساقچىسى ئىدى .

قانداقلا چاغ بولمىسۇن ، ئۇۋال قىلىنغان ، قورسىقى كۆپكەن تەرەپلەر بولسا ئۇنى ئىچىدە ساقلاپ يۈرمەستىن ، زىددىيەتنىڭ قانائەتلىنەرلىك ھەل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرەتتى . سادىق ئەزەلدىن ئەرز - داد ئېيتىپ كەلگەنلەر بىلەن ياكى رەھبەرلىك بىلەن زىددىيەتلىشىپ باقمىغانىدى . ئۇنىڭ ئون يىللىق ساقچىلىق ھاياتى بۇنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى .

ئەتىگەندىلا ئىشقا كەلگەن سادىق دېلو مەلۇماتى تاپشۇرۇۋالدى .

— يۇقىرىقى ئاھالىلەر رايونىدىكى ھاپىزئاخۇننىڭ ئوغلى ھاشىم سائادەتخاننىڭ قىزى نۇربىيەگە باسقۇنچىلىق قىلىۋاتقاندا ، سائادەتخان نەق مەيداندا تۇتۇۋېلىپ ، تېلېفون ئارقىلىق دېلو مەلۇم قىلغانىدى .

سادىق خىزمەتدىشى بىلەن نەق مەيدانغا يېتىپ باردى .

سائادەتخاننىڭ يىغىسى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى .

— قىزىم ئەمدىلا ، ئون ياشقا كىردى . ھاشىم قىزىمدىن ئىككى ياش چوڭ ، مەن ئۇلارنى نەق تۇتۇۋالغان تۇرۇقلۇق ھاشىمنىڭ دادىسى ھاپىزئاخۇن مېنى ھاقارەتلىسە بولامدۇ ؟ — سائادەتخان يىغلايتتى .

— بىز ھاشىم ، ھاپىزلارغا تەربىيە قىلايلى ، ھاشىمنىڭ يېشى

كـــچىك بولغاچقا ۋەسىيلىرىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشىغا تۇتقۇزۇپ بېرىلىدۇ . سىلە نۇربىيەنى دوختۇرخانىغا تەكشۈرتسىلە بولىدۇ ، كـەتـكەن چىقىمنى تۆلىتىپ بېرىمىز ، بەك يىغلاپ كەتمىسىلە ، نـۇربــــيەنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىغا تەسىر يەتمىسۇن ،ـــ دېدى سادىق .

شۇ كۈنى دېلو تەكشۈرۈلۈپ بولدى . دېگەندەك ھاشىم ئون ئــــككى ياشتا بولۇپ ، جىنايى جاۋابكارلىق يېشىغا توشمايتتى ، رەھبەرلىك ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشىغا تۇتقۇزۇپ بېرىشكە تەستىقلىدى .

سادىق ھاشىمنىڭ دادىسى ھاپىزدىن :

ـــ ھــاشـــمنى نېمە ئۈچۈن ياخشى باشقۇرمىدىڭىز ؟ـــ دەپ سورىدى .

ـــ چـوڭ بـولـغانـدا باشقۇرارمەن ، ئوغۇل بـالا تۇرسـا ، شۇنچىـلىك ئىشنىمۇ ئىنچىكىلەپ تەكـشۈرۈپ كەتتىــڭىز ، ئۇكام . بـالام كـچىك باشـقىلارنىڭ قىزلىرىـغا چېقىـلىپ قـالسا نېمە بوپـتۇ ؟ ئوغـۇل بالا ئـەمەسمۇ ؟ـــ ھاپىزنىڭ بۇ قوپال سۆزى سادىقنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى .

«تـوۋا ، بـۇ قـانـداق ئـادەم ـ ھە ، دادا تۇرۇپ بالىسىنى تەربىيەلىمەكتە يوق ، شۇنداق گەپ قىلغىنى نېمىسى ، بالا دېگەننى شۇنداقمۇ تەربىيىلەمدۇ » دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن سادىق ھــاشـــمـنـى مـەكـتەپتىكى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەربىيە بېرىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى لايىق كۆردى .

ـــ ھاپىزئاخۇن ، سىز بالا تەربىيەلىيەلمىگۈدەكسىز ، بالىنىڭ مۇئەللىمىنى ئېلىپ كېلىڭ ،ـــ دېدى سادىق .

ـــ نېـمە ؟ مۇئـەللىمنى ئەكېلىڭ ؟ بۇ نېـمە گـەپ ، بالامـنى مەكتەپتىمۇ ھەي ـ ھەي قىلاي دەمسـىز ، مەن قەتـئىي قارشـى ،

سىزنىڭ ئۈستىڭىزدە ئىدارە باشلىقىڭىز باردۇ؟ باشلىق بىلەن كۆرۈشمەن !ــ دېدى ھاپىز ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاچ .

سادىقنى بىردەمدە باشلىق چاقىرتتى .

ــ سادىق ، سىز دېلونى شۇنداق ياخشى بېجىرەتتىڭىز ، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ ، گۇماندار جاۋابكارلىق يېشىغا يەتمىگەچكە دادىسىغا تۇتقۇزۇپ بېرىش يوللۇققۇ ، مۇشۇنچىلىك ساۋاقنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ ،ــ دېدى باشلىق سادىقنى تەنقىدلەپ .

ــ باشلىق ، ئىش ئەسلىدە بۇنداق ئەمەس ، ھاپىز ھاشىمنى قاتتىق باشقۇرالمىغۇدەك ، شۇڭا مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپ بېرەيلى دېگەن ،ــ دېدى سادىق .

ــ مەكتەپتە ھەي ـ ھەي بولسا مەيلىمۇ ، دادا دېگەن بالىنى باشقۇرالمامدا؟ بۇ ئىشنى تېزراق تۈگىتىڭ ، تۆۋەنكى مەھەللىدىن بىر ئوغرىلىق دېلوسى مەلۇم قىلىنىپتۇ ، دەرھال شۇ ئىشقا بېرىڭ ،ــ دېدى ئىدارە باشلىقى .

سادىقنىڭ كاللىسىنى ھاشىمنىڭ : «بالامنى ئوغۇل بالا دەپ تاپقان» دېگەن گېپى چىرمىۋالغانىدى .

ھاشىم ھاپىزغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى . ھاپىز ئوغلىنىڭ قىلغان شەرمەندە ئىشىدىن سۆيۈنگەندەك ھاياسىزلارچە گىدىيىپ ساقچىخانىدىن چىقىپ كەتتى .

سادىق چىگىش خىياللار ئىلكىدە تۆۋەنكى مەھەللىگە باردى . تۆۋەنكى مەھەللىدىمۇ بىر كىشى ئون ياشلىق ئىككى بالىنى بىر موتوسىلىتنى ئوغرىلاپ ماڭغاندا تۇتۇۋالغانىدى ، تەكشۈرۈلىدىغان تەرەپلەر تەكشۈرۈلدى . بۇ بالىلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى تۇراپ ، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى سايىم بولۇپ قوشنا يېزىدىن ئىدى . قانۇنى تەرتىپ بويىچە تۇراپ بىلەن سايىمنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى چاقىرتىلدى .

تۇراپنىڭ ئانىسى ، سايىمنىڭ دادىسى كەلدى ، سادىق تەرتىپ بويىچە سوئال سورىدى .

— نېمە ئۈچۈن موتسىكلىت ئوغرىلىدىڭلار ؟— دېدى سادىق .

— چىرايلىق كىيىم - كېچەك ئېلىپ كىيىش ئۈچۈن ،— دېدى تۇراپ .

— موتسىكلىتقا قانداق بويىڭىز يەتتى ؟— دېدى سادىق .

— مەن ، موتسىكلىت ھەيدەشنى بىلەتتىم ، سايىم موتسىكلىتنى يۆلەپ تۇردى ، مەن ئوت ئالدۇرۇپ ھەيدىدىم ،— دېدى تۇراپ .

— ئىلگىرىمۇ بىرنەرسە ئوغرىلاپ باققانمۇ ؟— دېدى سادىق .

— توخۇ ، كەپتەر ئوغرىلىغان ، بۇنى ئانامۇ بىلىدۇ ، ئانام بىلىپ قالغان ،— دېدى تۇراپ .

— ھەي شۇمتەك ، چاۋاڭنى چىتقا يايای دەمسەن ،— تۇراپنىڭ ئانىسى تۇراپنى بىرنى سالدى .

— سىزمۇ ئانىمۇ ، بالىغا شۇنداق مۇئامىلە قىلامسىز ؟…

سوئال سوراش نۆۋىتى سايىمغا كەلگەندە سايىمنىڭ دادىسى سايىمنى ئېلىپ سادىقنىڭ يېنىغا كىردى .

سادىق سوراقنى باشلىدى…

— تۇراپ بىلەن بىرلىشىپ تۆت مىڭ يۈەنلىك موتسىكلىت ئوغرىلىغىنىڭ راستمۇ ؟— دېدى سادىق سوراق ئاخىرىدا .

— راست ، بىز موتسىكلىتنى ئوغرىلاپ باشقىلارغا ساتماقچى بولغاندا تۇتۇلدۇق ،— دېدى سايىم .

سايىمنىڭ دادىسى كۈلۈپ كەتتى .

— ھا ، ھا… ۋاتان ، ۋاتان بالام ، ھېلىتىدىن موتسىكلىت ئوغرىلىساڭ ، سەل چوڭايغاندا ماشىنا ئوغرىلايدىغان ئوخشايسەن .

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ ، بالىڭىز ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلسا ،

ئەجەب خۇشال بولۇپ كېتىپسىز، قانداق دادا سىز؟ــ دېدى سادىق.

ــ مەن ئاشۇنداق دادا، سىز ئىجرا قىلىۋاتقان قانۇننى ئوبدان بىلىمەن، مېنىڭ بالام كىچىك، كىچىك بالىنى ئەكېلىپ سوراق قىلىڭ دەپ ھوقۇقنى كىم بەردى سىزگە، مەن ئىدارە باشلىقى بىلەن كۆرۈشىمەن، ــ دېدى سايىمنىڭ دادىسى.

ئەتىگەنكى ئىشتىن ئەمدى قۇتۇلۇۋىدى، چۈشتىن كېيىن ياماشقان ماۋۇ كاشىلىنى كۆرۈپ سادىق ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى.

«ھازىرقى ئاتا - ئانىلارغا نېمە بولدى، مۇشتۇمدەك بالىلىرىنىڭ قىلغان جىنايىتىدىن پەخىرلىك ھېس قىلسا - ھە، كېيىن ئۇلار چوڭ - چوڭ ئىشنى قىلسا ئۆزلىرىدىن كۆرەرمۇ، ياق، ئۇلار قانۇن چىڭ تۇتقان بولسا بۇنداق بولمايتتى دەيدۇ، ئەلۋەتتە. قانداق قىلىش كېرەك؟ بالىلارنى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا تۇتقۇزۇپ بېرىش كېرەكمۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن سادىق تېلېفوننىڭ سايراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، باشلىقنىڭ تېلېفونى ئىكەنلىكىنى پەملىدى - دە، باشلىقنىڭ يەنە تەنقىدلىشىدىن ئەنسىرىدىمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ. تېلېفوننى بېسىۋېتىپلا مەكتەپكە تېلېفون قىلدى...

يىل ئاخىرىدىكى باھالاشتا سادىق مۇنەۋۋەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالمىغان بولسىمۇ، ھەرھالدا لاياقەتلىك بولۇپ باھالاندى. نېمىشقىكىنتاڭ، سادىقنىڭ كۆز ئالدىدىن ھاشىم، تۇراپ، سايىملارنىڭ سىيماسى كەتمەيتتى.

# مەشۇقسىز ئاشىق

تۇن كېچە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان خىلۋەت كەنتتىكى بىر ئايۋاندا بىر ياش چوكان، ياشانغان بىر ئايال ھەم بىر كىچىك قىز ئىشىكلەرنى ئىچىدىن مەھكەم ئېتىپ قويۇپ، شېرىن ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتاتتى.

تۇيۇقسىز چېكىلگەن ئىشىك ئۇلارنى ئويغىتىۋەتتى.

— كىم؟— دەپ توۋلىدى ياشتا چوڭ ئايال.

— نېمە بولدى، ئاچا؟

چوكان قورقۇمسىراپ سورىدى.

— جىم يېتىڭ، سىرتتا ئىشىكنى بىرى چېكىۋاتىدۇ.

ئۇلار قورقىنىدىن زۇۋانمۇ چىقىرالماي قالدى. چۈنكى بۇ ئۆيدە ئەر كىشى يوق ئىدى.

چوكان ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ پېشايۋان يېنىدىكى كۈنۈپكىنى بېسىپ ئايۋاننىڭ توكىنى ياندۇردى. ئىشىك قېقىش ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

چوكان دېرىزە يېنىغا بېرىپ سىرتقا قارىدى.

ھويلىدا بىر مەست كىشى ئىشىك قېقىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ھويلىغا يەنە بىر يىگىت كىردى.

— ھەي، يۇرۇڭلار، ئەر كىشى يوق ئۆينى چېكىۋەرمەڭلار، چىقىپ كېتەيلى...

كەينىدىن كىرگەن يىگىت ئىشىك چەككەن يىگىتنىڭ

بىلىكىدىن تارتىپ هويلا سىرتىغا ئېلىپ چىقتى . ئىشىك چەككەن يىگىت كەينىگە داجىپ يېنىپ ماڭدى . ئۇلارنىڭ هەر ئىككىسىنىڭ شەپكىسى يەرگە چۈشۈپ قالدى .

ئىشىك چەككەن يىگىت تۇيۇقسىز پىچاقنى چىقىرىپ يەنە بىر يىگىتنىڭ ئالتە يېرىگە پىچاق تىقىۋەتتى ـ دە ، بىرنەچچە مىنۇت قاراپ تۇرغاندىن كېيىن هويلىدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى .

چوكان ئانىسى بىلەن هويلىغا چىقىپ ، قانغا مىلىنىپ ياتقان جەسەتنى كۆرۈپ تۇۋلىشىپ كەتتى...

ــ ئادەم بارمۇ ؟...

ــ ئادەم ئۆلدى...

*        *

ماهىرە يىگىرمە تۆت ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان چوكان ئىدى . ئۇ دېهقان بولسىمۇ ، باشقا دېهقان قىزلىرىغا ئوخشىمايتتى . قولى چېۋەر ، چىرايلىق بۇ قىز بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا ئاقسۇغا پاختا تەرگىلى بېرىپ شۇ يەردە توي قىلىپ ، هامىلىدار بولغىنىغا يەتتە ئاي بولغاندا ، يولدىشى بىلەن ياخشى بولالماي ، قايتىپ كېلىپ ، ئۆز ئۆيىدە تۇغقانىدى . مانا ئوغلى هازىر تۆت ياشقا كىرىپ قالدى . شۇ ئارىلىقتا ئۇ يەنە بىر ئەرگە تېگىپ ئاجرىشىپ كەتتى .

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بويتاق يۈرەتتى . ماهىرەنىڭ گۈزەل چىرايى مەهەللىدىكى ياشلارنى جەلپ قىلىپ نۇرغۇنلىرى توي قىلىش تەكلىپىنى قويغان بولسىمۇ ، ماهىرە يا ئۇنداق ، يا مۇنداق سەۋەب كۆرسىتىپ توي قىلىشقا ئۇنىمىدى .

زىمىستان قىش ، بىر كۈنى ماهىرە ئانىسى بىلەن ئۆيىدە ياتاتتى . تۇيۇقسىز قوشنا ئۆيدە يېتىۋاتقان چوڭئاپىسى تۇۋلاشقا

باشلىدى .

— ماھىرە ، تېز كىرگىن ، ئوغرى...

ماھىرە بىلەن ئانىسى كىردى . چوڭئاپىسىنىڭ يېنىدا ئۆز مەھەللىسىدىكى مامۇت تۇراتتى . مامۇت مەست ئىدى .

— نېمىشقا ئۆيگە ئۇسۇپ كىرىسەن ؟ !...

— ئۇقالماي كىرىپ قاپتىمەن...

ئۇلار مامۇتنى سىرتقا چىقاردى . مامۇت ئۆي ئالدىدا كوشۇكلۇق قىلىپ ، كەتكىلى ئۇنىمىدى ياكى سەۋەبىنى دېمەيتتى .

ماھىرە كەنت كادىرلىرىنى چاقىرىپ كەلدى . كەنت كادىرلىرى مامۇتنى ئېلىپ كەتتى . مامۇت 34 ياشلارغا بارغان بولۇپ ، 12 ياشلىق بىر ئوغلى بىلەن تۆت ياشلىق بىر قىزى بار ئىدى . ئايالى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن نۇرغۇن ئاياللارغا ئۆيلەنگەن بولسىمۇ ، ئەپ ئۆتەلمىدى . ئاخىرقى قېتىمدا ماھىرەنىڭ دوستىنى ئالغان بولۇپ ماھىرەنىڭ دوستى توي قىلغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلىپ ، تەستە ئاجرىشىپ كەتكەنىدى . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن ماھىرەنىڭ خەۋىرى بولغاچقا ، مامۇتقا بەك ئۆچ ئىدى ، شۇنىڭدىن بېرى ماھىرە مامۇتنى كۆرمىدى .

ئېيۇل ئېيىنىڭ باشلىرى ماھىرە ئەمدىلا ئېتىزدىن يېنىپ كېلىشىگە يولدا مامۇت ئۇچرىدى .

— ھەي ، ماھىرە نېمە قىلىۋاتىسەن ؟ — دېدى مامۇت .

— ئېتىزدىن ئوت ئېلىپ كېلىۋاتىمەن ، — دېدى ماھىرە .

ئۇلار باشقا گەپ - سۆز قىلىشمىدى ، مامۇتمۇ ئۆز يولىغا كەتتى...

شۇنىڭدىن كېيىن ماھىرە ئانىسى بىلەن نېمىدۇر بىر ئىش توغرۇلۇق تاكاللىشىپ قالدى .

— مەن بالاڭنى باقىمەن ، بىر مەزگىل مېنىڭ كۆزۈمگە

كىرىۋالماي ، ئاچام ھۆرۈلخاننىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بەرگىن ، ئاچامنىڭ ئىرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن كىچىك قىزى بىلەن قېلىپ يالغۇزچىلىق تارتىپ قالدى ،ــ دېدى ماھىرەنىڭ ئانىسى .

شۇ كۈندىن باشلاپ ماھىرە ئانىسىنىڭ بىر تۇغقىنى ، ئۆزىنىڭ كۆيۈمچان ھاممىسى ھۆرۈلخاننىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتاتتى...

تاڭ سەھەر ماھىرە ئالدىراش ھالدا ھويلا ـ ئارامنى سۈپۈرۈپ بولۇپ ، ئۆي ئالدىنى سۈپۈرۈۋاتاتتى . ھۆرۈلخان تاماقتا تۇتۇش قىلىۋاتاتتى .

ــ ھەي ، ماھىرە بىز توي قىلايلى ،ــ بۇ گەپتىن چۆچۈگەن ماھىرە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى . ئالدىدا مامۇتنىڭ قوشنىسى ياقۇپ تۇراتتى .

ــ تۈلۈمدىن توقماق چىققاندەك گەپ قىلدىڭا ، مەن سىز بىلەن كېلىشەلمەيمەن . خاپا بولماڭ ،ــ ماھىرە ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى .

يېقىندىن بېرى ياقۇپنىڭ كۆزى ماھىرەگە چۈشكەنىدى . ياقۇپ يىگىرمە بەش ياشلاردا بار دېھقان يىگىتى بولۇپ ، كەنتكە پۇل تاشلاپ بېرىپ ، باشقا جايلارغا بېرىپ ئىشلەپ جېنىنى جان ئېتىپ كېتىۋاتاتتى . بىرنەچچە قېتىم ئۆيلەنگەن بولسىمۇ ، بىراق چىقىشالماي ئاجرىشىپ كەتكەنىدى .

ياقۇپ ماھىرەگە كۆز سالغاندىن بېرى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى .

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ماھىرە يولدا يەنە ياقۇپ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى .

ــ ماھىرە ، مەن سەن بىلەن توي قىلىپ ، سېنى ئىچكىرىگە ئەكىرىپ كېتىمەن ، بولامدۇ ؟ــ دېدى ياقۇپ .

— مەن سىزگە تەگمەيمەن ، ئۆيدىكىلەر قوشۇلمايدۇ ، سىزنى هاراقنى كۆپ ئىچىدۇ ، جېدەلخور دېيىشى مۇمكىن ، سىز ئەگەر ياخشىسى باشقا خوتۇن ئېلىڭ ، ئالسىڭىزمۇ خوتۇنىڭىزنى ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرمەڭ ، — دېدى ماھىرە .

ياقۇپ ئاخىر بۇ تەلەپنى چوڭلارغا دېيىش قارارىغا كەلدى - دە ، كەنت مۇدىرىنى ئىزدىدى .

— مەن هازىر هاراقنى تاشلاپ ، ياخشى ئادەم بولدۇم ، باشقىلار بىلەن جېدەل قىلمايمەن ، ماھىرەنىڭ هاممىسى هۆرۈلخاننىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە كىرسىڭىز ، ماھىرەنى ماڭا بەرسە ، — دېدى ياقۇپ .

كەنت مۇدىرى ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشىنىپ هۆرۈلخان بىلەن كۆرۈشتى .

— بۇغۇ ياخشى گەپكەن ، ماھىرەنىڭ ئانىسى نېمە دەيدىكىن ، مەن بىر مەسلىھەت سېلىپ ، ئۇچۇرىنى بېرەي ، — دېدى هۆرۈلخان . كەنت مۇدىر چىقىپ كەتتى .

— قانداق قىلىسەن ؟ — سورىدى هۆرۈلخان .

— تەگمەيمەن ، مەن ياقۇپ بىلەن چىقىشالمايمەن ، — دېدى ماھىرە .

ياقۇپنىڭ تاقىتى تاق بولدى ، ئۇ هەر كۈنى ماھىرەنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى .

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ ، ماھىرە ئېتىزلىقتىن بىر چىپتا ئوت كۆتۈرۈپ هاممىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى . ياقۇپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ :

— ماقۇل دېگىن ، ماھىرە بىز توي قىلايلى ، يەكشەنبە بازارغا كىرىپ تويلۇق ئالايلى ، — دېدى .

— خاپا بولماڭ ، مەن سىز بىلەن كېلىشەلمەيمەن ، باشقا

خوتۇن ئېلىڭ ،ــ دېدى ماھىرە .

ياقۇپ يۇقىرىقى گەپلەرنى ماھىرەدىن ئاڭلاۋەرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ماھىرەگە بولغان ئاشىقلىق ئۇنى جىم ئولتۇرغۇزمىدى . ياقۇپ يەنە كەنت مۇدىرىنى ئىزدەپ باردى . كەنت مۇدىرى ھۆرۈلخاننىڭ يېنىغا ئىككىنچى قېتىم كىردى .

ــ مۇدىر ، سىز قايسى كۈنى ئەلچىلىككە كىرگەندىن كېيىن مەن ماھىرەنىڭ ئانىسىغا دېگەنىدىم . ماھىرەنىڭ ئانىسى «ئۇ ياخشى بالا ، لېكىن ھاراقنى كۆپ ئىچىدۇ ، جېدەل قىلىدۇ ، ماھىرە ئۇنىڭغا تەگسە ئۇ ماھىرەنى ئۇرۇپ يەنە ئەكېلىپ قويىدۇ» دەپ قوشۇلمىدى . خاپا بولمىغان بولسىلا ،ــ دېدى ھۆرۈلخان ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ .

كەنت مۇدىرى بۇ گەپنى ياقۇپقا يەتكۈزدى . ياقۇپ مەشۇقىسىز ئاشىققا ئايلىنىپ قالغانىدى .

مامۇت بىلەن ياقۇپ قوشنا بولۇپ كۆپىنچە بىللە ئوينايتتى . چىڭقىچۇش ، مامۇت بىلەن ياقۇپ قوشنا يېزىنىڭ بازىرىدا ئۇچرىشىپ قالدى ـ دە ، بىرقانچە ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن يېزا بازىرىدىكى بىر ھاراق ساتىدىغان دۇكانغا كىرىپ ، پىۋا ئىچىشكە باشلىدى . يىگىرمە يەتتە بوتۇلكا پىۋا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىچىلدى . بىراق ئۇلار قېنىشمىدى ـ دە ، بىر بوتۇلكا ئاق ھاراقنىمۇ قوشۇپ ئىچىۋەتتى .

كەچ بولدى ، مامۇت خېلى تەڭشىلىپ قالغانىدى . بىرقانچە دوست ناخشا ئېيتىشىپ دەلدەڭشىپ دېگەندەك ئۆيلىرىگە پىيادە كەلدى .

كېچە سائەت ئون بىرلەردىن ئاشقان چاغدا ھەممىسى ئايرىلىپ ئۆيلىرىگە مېڭىشتى . مامۇت بىلەن ياقۇپنىڭ ئۆيى يېقىن بولغاچقا بىرگە ماڭدى .

— ئاداش ، مەن بىلەن ماھىرەنىڭ ئۆيىگە بىرىشىپ بەرگىن ، ماھىرەگە دەيدىغان گىپىم بار ئىدى دەۋاللاي ،— دىدى ياقۇپ .

ماموت «چاتاق يوق» دەپ يول باشلاپ دەلدەڭشىپ ماڭدى . ئۇلار ھۆرۇلخاننىڭ ئىشىكى يىنىغا كەلدى . ئۇلار دەرۋازىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى .

— ماموت ، مەن كىرمەي ، سەن كىرىپ ماھىرەنى ئويغىتىپ ، سىرتقا ئاچىقىپ بەرسەڭ بولدى ،— دىدى ياقۇپ .

ماموت دەلدەڭشىپ ئايۋان ئىشىكى يىنىغا كىلىپ ئىشىكنى مۇشتلاشقا باشلىدى .

ماھىرە ئايۋاننىڭ دىرىزە ئەينىكىدىن قارىدى ، ھۆرۇلخان بىلەن قىزى قورقۇپ يىغلاشماقتا ئىدى .

ياقۇپ ماموتنىڭ ئىشىكنى قالايمىقان مۇشتلاشقا ، ماھىرەلەرنى بىئارام قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلدىمۇ ـ قانداق ، دەرھال سىرتتىن ھويلىغا كىردى .

— ھەي ماموت ، يۇرۇڭلار كىتەيلى ، ئەر كىشى يوق ئۆينى چىكىپ ئاياللارنى بىئارام قىلمايلى ، مەن ماھىرە بىلەن توي قىلىدىغان تۇرسام ، ئۇلارنى ئاۋارە قىلسام بولماس ،— دىگىنىچە ماموتنى سۆرەپ دەرۋازا يىنىغا ئىلىپ چىقتى .

تارتىشىش داۋامىدا ماموت بىلەن ياقۇپنىڭ شەپكىلىرى دەرۋازا تۈۋىدە چۈشۈپ قالغانىدى .

— مەن ماھىرەنى چاقىرىپ چىقىمەن...

مـامـوت مـەسـتچىلىكتە قىزارغان كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ ياقۇپنىڭ سۆرىگىنىگە ئۇنىماي ، ياقۇپ بىلەن تارتىشىپ دالان يىنىغا كەلدى . ياقۇپ ماموتنى ھىچ قويۇپ بەرمىدى . ماموتنىڭ كۆزلىرىگە قان تولدى ، يىنىدىن پىچاقنى چىقاردى .

— ماموت ، پىچاق چىقارما...

قەھرى بىلەن تىقىلغان پىچاق ياقۇپنى يەر چىشلەتتى .

ياقۇپنىڭ ئالتە جايىغا پىچاق تىقىلدى . ياقۇپ ئۆلگەندى ، مامۇت ئۇچ مىنۇت ئەتراپىدا ياقۇپنىڭ جەسىتى ئالدىدا تۇردى ـ دە ، سىرتقا بەدەر تىكىۋەتتى...

ياقۇپ يىقىلغاندىن كېيىن ماھىرە ، ھۆرۈلخانلار ئىشىكنى ئېچىپ چىقتى ، ياقۇپنىڭ قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قولۇم ـقوشنا ، كەنت كادىرلىرىنى چاقىردى .

ساقچىلار مامۇتنى يوشۇرۇنۇپ ياتقان جىگدە ئارىسىدىن پىچاق بىلەن قولغا چۈشۈردى . مامۇتنىڭ قوللىرى قىپقىزىل قانغا بويالغانىدى . ساقچىلار تۇتقاندا مامۇت تېخى مەستلىكتىن يېشىلمىگەنىدى . مەستلىكتىن يېشىلگەندىن كېيىن مامۇت جىنايىتىنى ئەينەن تاپشۇردى . مامۇت گەرچە پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ ، كېچىككەنىدى .

مەشۇقسىز ئاشىق بىئەجەل كەتتى . كىشىلەر ماھىرەگە گۇمان نەزىرى بىلەن قارايتتى . ئەنە ماھىرە بالىسىنى يېتىلەپ تاڭ ئاتماستىنلا بۇ كەنتتىن ئايرىلدى ، ئۇنىڭ مەنزىلى قايان ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى .

# سەھرادىكى ماجىرالار

بۇ ئاجايىپ يۇرت ، كىشىلىرى شۇنچە ساددا ، ياۋاش بولغىنى بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇششاق ئىشلار يۈز بېرىپ بۇ يۇرتنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ قىزىق پاراڭغا ئايلىنىدۇ ، لېكىن كۆپىنچە ئىشلار ئۇزۇن ئۆتمەي كىشىلەر نەزىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ…

— ئادەم بارمۇ ؟ ۋۇي بولۇڭلار ، ئۆستەڭ يار ئېلىپ كەتتى !…

— يار كەتتى ! يار كەتتى !…

كىشىلەرنىڭ قىيا - چىيالىرى بىلەن بۇ مەھەللە كىشىلىرى تەۋرىشىپ كەتتى .

— نەدىن يار كەتكەندۇ ؟…

— خوپ بولدى مانا ، سۇنى ئازراق ئەكېلىشمەي ئۆستەڭگە لىپمۇلىق باشلاپ ئەكەلگەندىن كېيىن…

— نەدىن يار كېتىپتۇ…

— ھەسەن - ھۇسەن ئاكا - ئۇكىنىڭ ئۆيى ئالدىدىكى چوڭ ئېرىقتىن ئۆستەڭگە يار كېتىپ بىچارىلەرنىڭ خېلى كۆپ قەلەمچىلىرى ئېقىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ…

كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا ھەر خىل گەپ - سۆزلەر بولۇشماقتا ئىدى .

چىڭقىچۇش ۋاقتى بولغىنىغا قارىماي ئېتىزلىقتا سۇ ئېلىۋاتقان

دېھقانلار يۈگۈرۈشۈپ ھەسەنئاخۇننىڭ ئۆيى ئالدىغا توپلانغانىدى . ئەسلىدە ئاياغ كەنتتىكى مامۇت سېكرېتارلار كېچىدىن بېرى سۇ ئالغان بولۇپ ، سۇ ھەسەن ـ ھۈسەنئاخۇنلارنىڭ ئۆيى ئالدىدىكى ئېرىقتا چىڭقىلىپ ئاققانىدى .

— ۋاي ئىسىت قەلەمچىلىرىم ، تازا ئاينىۋاتقان ، ھەممىسى نابۇت بولۇپتۇ ئەمەسمۇ...

— ھەسەنئاخۇن ئېقىنغا قاراپ زارلىناتتى .

— كىم ئاچقان سۇ بۇ ؟ شۇنچە كۆپ سۇ باشلىغان بارمۇ ؟

— ھۈسەنئاخۇن كەتمەن كۆتۈرۈپ ، يار كەتكەن ئېرىق قېشىدا ئۇيان چۆرگىلەپ ، بۇيان چۆگىلەپ توۋلىماقتا ئىدى .

مامۇتئاخۇنلارمۇ كىشىلەرنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ بىرقانچە ئەزالار بىلەن يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە ، سۇنى بېشىدىن توختىتىپ يار كەتكەن ئورۇننى ئەتتى .

يار كەتكەن ئورۇن ئېتىلدى ، ئەمما جېدەل باشلاندى .

— ھەي ، مامۇت دېگەن سەنمۇ ، نېمە ئۈچۈن دائىم سېنىڭ ئەزالىرىڭ بۇ ئېرىقنى يار ئالدۇرۇۋېتىدۇ ؟

ھۈسەنئاخۇن مامۇتنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېۋەيلىدى .

— ھە ، مەن مامۇت ، يار كېتىشنى كىم بىلىپتۇ... مەن ئۆستەڭ ياقىلىغىلى ئادەم قويغان . سۇ كۆپ بولغاچقا يار كەتتىمۇ ، ياكى بۇ يەردىكىلەردىن بىرەرىڭ قەستەن سۇنى ئېچىۋېتىپ چاتاق چىقارغانمۇ ؟ كىم بىلىدۇ . نېمە توۋلايسەن ؟ — دېدى مامۇت .

مامۇت بىلەن ھۈسەن ئەللىك ياشلارغا يېقىنلاپ قالغان كىشىلەر بولۇپ ، تازا تونۇشۇپ كەتمەيتتى . ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىردەم جەڭگى ـ جېدەل بولدى .

— ئەمدى بۇ ئېرىقتا سۇ ئاچمىز دېيىشمە ، قەلەمچىلەرنى تۆلە ، ئاكامغا زىيان بولسا بولامدۇ ؟ — دېدى ھۈسەن .

ئىككى تەرەپ بىردەم جىددەللىشىپ كەتمەن چۆرۈشكەندىن كېيىن ، مامۇت تەرەپ قەلەمچىلەرنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىدىغان بولدى . سۇ ئېرىقتىن قايتا ئېقىشقا باشلىدى...

— ھەي ، بەز قۇلاق بالا ، نەگە كەتكەندۇ ، — مامۇت مەھەللىگە بارغاندىن كېيىن كەنت كومىتېتى ئالدىدا تاماكا چېكىپ ئاچچىقلىنىشقا باشلىدى .

— تاپتىڭلارمۇ...

— ياق سېكرىتار ، كۆپ ئىزدىدۇق...

ئەسلىدە ئەتىگەندىن بېرى مامۇت سېكرىتار كەنت ئەزالىرىنىڭ نورمال سۇ ئىچىشى ئۈچۈن ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ياقىلاشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇرغانىدى . ئۆز ئوغلى سادىقنى دەل يار كەتكەن ئېرىق بۆلىكىگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى .

سادىق يېقىندىن بېرى ھەسەنئاخۇننىڭ قىزى ھۆرقىز بىلەن تونۇشۇپ قالغان بولۇپ ، بۈگۈن تازا پەيتى دەپ بىلىپ ، ھۆرقىزلارنىڭ ئۆيىدىن يىراق يەردىكى بېغىغا بېرىپ ، ھۆرقىزغا ئوت ئوتىشىپ بېرىش باھانىسى بىلەن ھۆرقىز بىلەن كەلگۈسى تۇرمۇشى توغرۇلۇق مۇھەببەتلىك بېقىشىپ ، يار كەتكەن ئىشلاردىن خەۋەرسىز قالغانىدى .

— سېكرىتار ، سادىقنى تېپىپ كەلدۇق ،— دېدى كەنت مۇدىرى .

— ھۇ بەز قۇلاق ، سۇغا قارىماي نەگە كەتكەن؟... ئادەمگە ئىش تېپىپ بېرىپ ، سەن لاغايلاپ يۈرگىنىڭ بىلەن ، تاس قالدى خەقلەر ماڭا ئېسىلىۋېلىپ...

سادىق ئۈندىمەي ، يەرگە قاراپ جىم تۇردى .

— ئۇخلاپ قاپتىمەن ، دادا... - دېيەلىدى ئارانلا .

— كىچىدىن بېرى نېمە قىلغانتىڭ ئۇخلىماي...

سادىق يىگىرمە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ، بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتىپ بويىغا يەتكەن يىگىت ئىدى . ئۇنىڭ كۆچتۆگۈر بىلەكلىرى مەھەللىدىكى خېلى كۆپ قىزلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولسىمۇ سادىق ئۆز مەھەللىسىدىن ھېچكىمگە كۆز سالماي قوشنا كەنتتىكى ھۆرقىزغا كۆز سېلىپ يۈرەتتى .

ماموت سېكرېتار گەرچە ئوغلىغا ئاچچىقلىغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ ئوغلىغا بەك ئامراق ئىدى . چۈنكى ، سادىق ماموتنىڭ بىردىنبىر ئوغلى ئىدى ، قالغانلىرى ھەممىسى قىز ئىدى . چوڭ قىزى ھەلىمە مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقىلى بىر يىل بولغانىدى…

ماموتئاخۇن ئولتۇرسا ـ قوپسا ئوغلى سادىقنى ئۆيلەشنىلا ئويلايتتى .

ئۇزۇن ئۆتمەي ماموتئاخۇننىڭ ئايالى ۋە تۇغقانلىرى ھەسەنئاخۇننىڭ قىزى ھۆرقىزغا گۈل قويدى .

ــ قىز قانداقراقكەن ،ــ سورىدى ماموتئاخۇن .

ــ شۇنچە چىرايلىق ، پاكىزە قىزكەن ، ئاتا ـ ئانىسىمۇ ياخشى ئادەملەركەن ،ــ دېدى ئايالى .

ماموتئاخۇن سۈرۈشتە قىلىپ يار كېتىش ۋەقەسىدە جېدەللەشكەنلەرنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئارىسالدى بولغان بولسىمۇ ، لېكىن قوشۇلدى .

ناغرا ـ سۇناي چېلىنىپ . توي ئەۋجىگە چىقىپ قىزىۋاتاتتى . ماموتئاخۇنلار ھەسەنئاخۇنلارنىڭ ئۆيىگە چۈشتىن كېيىن ئات ـ ھارۋىلىرىنى قوشۇپ بىر سەپ قىلىپ تىزىپ باردى .

تىكاھ ئوقۇلدى . ھەسەنئاخۇنغا يىگىتنىڭ چىرايى ياققان بولسىمۇ ، ماموت سېكرېتارنى كۆرۈپ قوشۇمىسى تۈرۈلدىيۇ ، قىزى ھۆرقىزنىڭ مەيلى بارلىقىنى بىلگەچكە ، چىرايىغا زورىغا كۈلكە

يۇگۇرتتى .

— سىلە بىلەن قۇدىلاشتۇق مامۇتئاخۇن ، بالىلارغا ياخشىراق كۆيۈنەيلى ،— دېدى ھەسەنئاخۇن .

ھۆرقىز يۆتكەپ كېتىلدى ۋە تويدىن كېيىن بەختلىك ئۆتتى .

# تەقدىر

مۇھەببەتنىڭ مېۋىسى شېرىن . بىراق ، ئۇنى ھەمىشە سۇغىرىپ ، ياۋا ئوت - چۆپلەرنى ئوتاپ تۇرسا ، مۇھەببەت كۆچەتى بۈك - باراقسان ئۆسەلەيدۇ . ياۋا ئوت - چۆپلەر قانچىلىك يىلتىز تارتسىمۇ كارى بولمىسا ، مۇھەببەت بېغى قۇرۇشقا باشلايدۇ .

پاتىمە پەرھات بىلەن توي قىلغىلى ئۈچ يىلدەك بولغان بولسىمۇ ، كېچىكىپ قورساق كۆتۈردى . چۈنكى ، ئارىدا نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ ئۆتكەندى . گەرچە پاتىمە بىلەن پەرھات مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغان بولسىمۇ ، تويدىن كېيىن پەرھات كۆپىنچە سىرتقا قاراپ قالدى . پاتىمە : «ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدا بەزىبىر ئىختىلاپ يۈز بېرىپ تۇرىدۇ . بۇ نورمال ئەھۋال ، سىرتقا قارىسا بىر كۈن ، ئىككى كۈن قاراپ قايتىپ كېلەر ، پەرھات بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتسەم بولدىغۇ ، مەيلى قورساق كۆتۈرەي » دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزەتتى . مانا ئۇ قورساق كۆتۈرگىلى سەككىز ئاي بولدى . ئەمەلىيەتتە پەرھات بىلەن پاتىمە خەۋپنى يوشۇرۇپ ، ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ ، يوشۇرۇن خەۋپ ئۇلارغا يېقىنلاشماقتا ئىدى .

پاتىمە پەرھاتنىڭ ھەر كۈنى مەست ھالەتتە كېلىشىنى قانداقتۇر كېچىلىرى «ئاسىيە» دەپ جۆيلۈشلىرىنى ئاڭلاشنى خالىمايتتى . ئاسىيەنىڭ داڭقىنى پاتىمە بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدى . بۇ

چىرايلىق جۇۋان دۇتار چېلىشقا ئۇستا بولۇپ، نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكەنىدى.

پاتىمە ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى. پەرھات ئىشقا ماڭغاچ پاتىمەدىن:

— ئىدارەڭلاردىن رۇخسەت سوراپ قويامدىم، — دېدى.

— ھە، مەن تۇنۇگۈن رۇخسەت سوراپ بولدۇم، تۇغۇپ قوپقاندا ئىشقا چۈشسەممۇ بولىدىغان بولدى، — دېدى پاتىمە.

ئېرى ئىشقا ماڭدى. پاتىمە ئېرىدىن ئاخشام «نەگە باردىڭىز، نېمە ئۈچۈن ‹ئاسىيە...› دەپ ھەر كۈنى جۆيلۈيسىز» دەپ سورىماقچى بولدىيۇ، لېكىن ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى.

تۇيۇقسىز ئىشىك ئەنسىز قېقىلدى. پاتىمە خىيالدىن ئۆزىنى بېسىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئالدىدا ساۋاقدىشى رازىيە تۇراتتى.

— قانداق ئەھۋالىڭ...

— ۋاي سورىما ئاداش، — رازىيەنىڭ چىرايىنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچكەن بولۇپ، بىر چاغلاردا سىستىرالار مەكتىپىدە ئوقۇغان بۇ چىرايلىق قىزلار ئەمدىلىكتە تۇرمۇشنىڭ ئېغىر بېسىمىدا چوڭ ئاياللارغا ئوخشاپ قالغانىدى. رازىيەمۇ پاتىمە بىلەن تەڭ قورساق كۆتۈرگەنىدى. رازىيە ئېغىر - بېسىق سالماق بولغان بىلەن ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بار ئىدى. رازىيەنىڭ ئېرى قادىر ئايالىنى بەك ئەتىۋارلايتتى. قارىماققا رازىيەنىڭ سىزىقىدىن چىقمىغاندەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە شىتىلە ئادەم ئىدى. جېدەل - ماجىرا دېسە، جېنىنى بېرەتتى. ھاراقنى بولۇشچە ئىچەتتى. دائىم ئاياللارنىڭ كويىدا يۈرەتتى. تېخى ئالدىنقى كۈنى رازىيە ئۆز ئۆيىدە قادىرنى ئاسىيە بىلەن تۇتۇۋېلىپ، ئىشىكنى ئېتىپ قولىغا پىچاق ئالدى. بىراق، قادىرنىڭ ئاسىيەنى ئۆزى باشلاپ كەلگەن تۇرۇقلۇق، رازىيەنىڭ ئالدىدا كاچاتلاپ ئۇردى، رازىيەگە يېلىنىپ

كىشىنى تەسىرلەندۇرىدىغان شېرىن ـ شېكەر سۆزلەرنى قىلدى . رازىيەنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ ، بۇ ئىشلارنى بولدى قىلدى . ئاسىيە چىقىپ كەتتى . بۇگۈن رازىيەمۇ تۇغۇت ئۇچۇن رۇخسەت سورىغانىدى ، ئۇ ئاچچىقىنى يۇتالماي دوستى پاتىمەنى ئىزدەپ كەلگەنىدى .

— سېنىڭمۇ ئەھۋالىڭ چاتاقكەن ، مېنىڭمۇ شۇنداق ، — دېدى پاتىمە .

— ھەي ، سەن تۇتۇۋالغان ئايالنىڭ ئىسمى نېمىكەن ؟

— قويە ، ئۇ پاسكىنىنىڭ ئىسمىنى سوراشنى ئۇنتۇپتىمەن ، بولدى ، ئۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى ، سېنىڭمۇ دەردىڭ خېلى باركەن . ئەمدى قانداق قىلىمىز ، — دېدى رازىيە .

— ھەر ئىككىلىمىزنىڭ پېشانىسى تەتۈركەن ، ياكى بىز ئەرلىرىمىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلمايدىغانلاردىن ئەمەس . بولدى ، بۇنىڭدىن كېيىن كارىمىز بولمىسۇن ، تۇغۇپ بولغاندا بىر گەپ بولار ، ئۇكشىلىپمۇ قالار ، — دېدى پاتىمە .

— شۇنداق قىلايلى ، قورساقنى تەڭ كۆتۈردۇق ، تەڭ تۇغامدۇق تېخى ، — دېدى رازىيە .

ئۇلار بۇرۇنقى ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلاشتى .

ئاسىيە چىرايلىق بولغىنى بىلەن ئىچى ھىيلىگەرلىك بىلەن تولغان تۇلكىگە ئوخشاش بىر قۇۋ ئايال ئىدى . كىمنىڭ پۇلى كۆپ بولسا ، ئاسىيە ئۇنىڭغا سۇۋۇشۇپ يۈرەتتى .

ئاسىيە قادىرنىڭ ئايالىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ھاقارەتلەپ قويغانلىقتىن ، قاتتىق نەپرەتلەندى ـ دە ، قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى كۆڭلىگە پۈكتى…

كېچە ئاسمىنىدا ئاندا ـ ساندا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى . رازىيە ئاۋۋال بوشاندى . يېنىدىكى دوختۇر كارىۋىتىدا پاتىمە تولغىنىپ

قاتتىق تولغاق يەۋاتاتتى . تاڭ ئاتتى ، پاتىمەمۇ تەستە بوشاندى . رازىيە ئوغۇل ، پاتىمە قىز تۇغقانىدى . ھەر ئىككىسى بىر كۈندە بىر دوختۇرخانىدا ، ھەتتا بىر ياتاقتا بوشاندى . بوۋاقلارنىڭ يىغىسى ياتاقنى بىر ئالدى . پاتىمە بىلەن رازىيەنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشەتتى .

— ئاچا ، پەرھات ئاكام يوققۇ ، ئۇنىڭغا خەۋەر قىلايلى ،— پاتىمەنىڭ سىڭلىسى پاتىمەگە قارىدى .

— تۈنۈگۈن بىر دوستى چاقىرىپتىكەن ، تاغقا ئويۇنغىلى چىقىپ كەتتى . ھېلىلەتىن كېلىپ قالار...

— ھەي بىزنىڭ قادىرنىمۇ بىر ئاغىنىسى تاغقا چاقىرىپتىكەن ، شۇ يەرگە چىقىمەن دەپ كەتكەن . پەرھات بىلەن يېقىن ئاغىنە بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ...— دېدى رازىيە .

دەل شۇ چاغدا ياتاق ئۆيگە ساقچىلار كىردى .

— كەچۈرۈڭلار ، باشقىلار چىقىپ كېتىڭلار...

رازىيە بىلەن پاتىمەنىڭ تۇغقانلىرى چىقىپ كەتتى .

— خانىم ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ ، پەرھات زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قازا تاپتى...

پاتىمە قىزنى باغرىغا بېسىپ ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى .

— سىزمۇ ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ خانىم ، يولدىشىڭىز ئاسىيە بىلەن بىرلىشىپ پەرھاتنى پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن توختىتىپ قويۇلدى .

يېڭى تۇغقان ئىككى ئايال داڭ قېتىپ قالدى . قىيا ـ چىيا دوختۇرخانىنى بىر ئالدى .

ئەسلىدە ئاسىيە پەرھات بىلەن قادىرنى تاغقا ئويناپ كېلىشكە ئايرىم ـ ئايرىم تەكلىپ قىلغان بولۇپ ، ئۇلار ئىچىشىپ مەست بولغاندا ، ئاسىيە ئۇلارنى جېدەلگە سالغان . قادىر بىلەن ئاسىيە

پەرھاتنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، جەسەتنى كۆممەكچى بولغاندا ، باشقىلار تەرىپىدىن سېزىۋېلىنىپ نەق مەيداندا تۇتۇلغاندى . كېيىن ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى .

يىللار شەپقەتسىز ، چاقماق كەبى ئۆتىدۇ . پاتىمە ئاق كىرگەن چاچلىرىنى ياغلىق ئىچىگە تىقىۋېلىپ ھويلىسىدا ئولتۇراتتى .

تۇيۇقسىز مەكتەپ پۇتتۇرۇپ يېڭىدىن خىزمەتكە چۇشكەن قىزى كىردى .

— ئانا...

پاتىمە قىزىنى باغرىغا باستى .

رازىيەنىڭ ئوغلىمۇ پاتىمەنىڭ قىزى بىلەن بىرگە ئىشلەيتتى .

ئۇلار خىزمەتكە چۇشۇپ بىر يىلدىن كېيىن ، رازىيەنىڭ ئوغلى توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

— كىم بىلەن توي قىلىسەن بالام ،— ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ سورىدى رازىيە .

— پاتىمە ھەدەمنىڭ قىزى بىلەن .

— بولمايدۇ...

— ئانا ، سەن دېمىسەڭمۇ مەن ھەممىنى بىلدىم . مەن چوڭ بولدۇم . سىزدە ياكى پاتىمە ھەدەمدە گۇناھ يوق ، بىزدىمۇ شۇنداق . ئۆلگەنلەر ئۆلدى ، كەتتى . شۇلارنى دەپ بىز مۇھەببىتىمىزدىن ۋاز كېچەمدۇق ؟ مەن ۋاز كېچەلمەيمەن ، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن ، ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ...

پاتىمەنىڭ قىزى بىلەن رازىيەنىڭ ئوغلىنىڭ تويى بولدى . رازىيە بىلەن پاتىمە قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى .

بۇ تەقدىرنىڭ چاقچىقىمۇ ياكى ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ ، ھېچكىم ...رنەرسە دېيەلمەيتتى...

# گۇمان

قىرىق ياشلاردىكى تۇنىياز يېقىندىن بېرى چارۋا مال بېقىپ تۇرمۇشى ياخشىلانغانلىقتىن ، مەھەللىدىكى بايلاردىن سانىلاتتى .

قاش قارايغان چاغ ، تۇنىياز ئۆيىگە كىرىپ بىرقانچە كۈن ئىلگىرى ساندۇقتا سېلىپ قويغان ئۈچ يۈز يۈەن پۇلنى ئاختۇردى . بىراق شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدى . تۇنىياز قانداق قىلىشنى بىلەلمەي بىرھازا ئويلىنىپ ، خوتۇن - بالىلىرىنى دەككىسەپ كۆردى .

— ياق ، ئۇلار ھەرگىز ئالمايدۇ ، — دەپ ئويلىدى ئۇ . تۇنىياز پۇلنى ئىزدەپ تاپالمىغاچقا ، خوتۇن - بالىلىرىدىنمۇ سوراپ كۆردى . تۇنىياز ئۇيان ئويلا ، بۇيان ئويلا ئاخىر قوشنىلىرىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى . قولۇم - قوشنىلارنى بىر - بىرلەپ دەككىسەپ كۆرگەندىن كېيىن ، قوشنىلىرىنىڭ بالىلىرىغا گۇمانىنى مەركەزلەشتۇردى - دە ، شۇ كۈنى سىرلىق گۇمانلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇخلاپ قالدى...

شەپقەت بىلەن پەرھات تۇنىيازنىڭ تام قوشنىلىرىنىڭ بالىلىرى ئىدى . شەپقەت باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىدا ، پەرھات 3 - يىللىقىدا ئوقۇيتتى . شەپقەت بىلەن پەرھات تەگتۇش بولغاچقىمىكىن ، خۇددى بىر تۇغقانلاردەك دائىم بىللە يۈرەتتى ، بۇ ئىككى بالىنىڭ ئايرىلماي بىرگە يۈرۈشى تۇنىيازنىڭ گۇمانىغا سەۋەب بولغانىدى .

— پۇلنى چوقۇم ئاشۇ شۇمتەكلەر ئالغان ، — تۇنىياز

ئـۆزـئـۆزـگـه پىچىرلىغاچ ئۆيى ئالدىغا چىقتى . يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان شەپقەتنى كۆرگەن تۇنىياز سورىدى :

ــ شەپقەتجان ئۆيدىكىلىرىڭ بارمۇ ؟

ــ يوق ، ئېتىزلىققا كەتتى .

ــ بىـزنىـڭ ئۆيگە كىرگىن ، بىزنىڭ باللار قىزىقارلىق سىنئالغۇ لېنتىسىدىن بىر قانچىنى ئېلىپ كەپتۇ . شۇنى قويۇپ بېرەي ، كۆرەمسەن ؟

شەپقەت تۇنىيازنىڭ ئۆيىگە ماڭدى .

ــ هەي پەرهات ، نەگە ماڭدىڭ ؟ــ توۋلىدى تۇنىياز پەرهاتنى كۆرۈپ .

ــ ئاچامنىڭ ئۆيىگە ، ــ دېدى پەرهات .

ــ يۈر ، ئۆيدە سىنئالغۇ كۆرىمىز ،ــ دېدى تۇنىياز .

پەرهاتمۇ شەپقەتكە ئەگىشىپ تۇنىيازنىڭ ئۆيىگە كىردى . ئۆيدە تۇنىيازنىڭ ئايالى شەپقەت بىلەن پەرهاتنى سۆرۈن تەلەتى بىلەن كۈتۈۋالدى . تۇنىياز ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى .

ئۇلار سوراقنى باشلىدى .

ــ ساندۇقتىكى ئۈچ يۈز سومنى قايسى ۋاقىتتا ئوغرىلاشتىڭ ؟

ــ دېيىشىمىسەڭ قولىقىڭنى كېسىپ غازغا تاشلاپ بېرىمىز…

ــ پۇتىغا لاخشىگىرنى قىزىتىپ ياقساق ، ئاندىن سۆزلەيدۇ بۇ ئوغرىلار…

شەپقەت بىلەن پەرهات بۇ سوئال ـ سوراقتىن هەيران قالدى .

ــ بىز ئوغرى ئەمەس ، بىز ئوقۇغۇچى ، بىز سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلەرگە سىلەر بار چېغىڭلاردا كىردۇق ، دادامغا دەيمەن…

ــ مانا دە ، هۇ ئوغرى…

تۇنىياز شاپىلاق بىلەن شەپقەتنى بىر قانچىنى سالدى . شەپقەت يىغلاشقا باشلىدى . تاراسلاپ تەگكەن شاپىلاقتىن پەرهاتمۇ قورۇق

قالمىدى .

— راست گەپ قىلىش ، بولمىسا ئاسماققا ئاسىمەن ،— دەرغەزەپكە كەلگەن تۆنىياز بەئەينى غالجىر ئىتقا ئوخشاپ قالغانىدى . تۆنىياز قولىغا بىر كالتەكنى ئالدى ـ دە ، شەپقەت بىلەن پەرھاتنى دۆشكەلەپ ئىچكىرىدىكى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ ، كالتەك بىلەن شەپقەت ھەم پەرھاتنىڭ دۈمبىسىگە بىردىن سالدى . تۆنىيازنىڭ ئايالى كالتەكنى ئېلىۋالمىغان بولسا ، تۆنىياز بۇ بالىلارنى يەۋەتسىمۇ دەردى چىقمايتتى . تۆنىياز شەپقەت بىلەن پەرھاتنى ئىچكەركى ئۆيگە سولاپ قويدى .

— بۇ شۇمتەكلەر ھېچنېمە دېمىدى ، بىرقانچە سائەت سولاپ قويساقمۇ كار قىلمىدى . كەنت ئامانلىق قوغداش مۇدىرىنى ئېلىپ كەلسىلە ، شۇ ئايرىسۇن ،— دېدى تۆنىيازنىڭ ئايالى .

— ھەي ئەخمەق خوتۇن ، بۇ شۇمتەكلەر تاياق يېدى ، شۇنداقلا قويۇۋەتسەك ، ئاتا ـ ئانىلىرىدىن قۇتۇلالمايمىز ،— دېدى تۆنىياز .

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز ؟— دېدى ئايالى .

— سەن بېرىپ كەنت ئامانلىق قوغداش مۇدىرىنى چاقىرىسەن ، بىز نەق تۇتۇۋالدۇق ، ئوغرىلىققا چۈشۈپتىكەن دەيمىز ، ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ ،— دېدى تۆنىياز .

— يوقالغان ئۈچ يۈز سومنى قانداق قىلىمىز ؟— دېدى ئايالى .

— كەنت ئامانلىق قوغداش مۇدىرى بۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىدىن تۆلىتىپ بېرىدۇ ،— دېدى تۆنىياز ئايالىغا پىچىرلاپ . ئايالى دەرھال ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .

كەنت ئامانلىق قوغداش مۇدىرى كىردى ، ئۇ شەپقەت بىلەن پەرھاتنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلىپ ، ئۇلارنى تۆنىيازنىڭ ئۆيىدىن ئاچىقىپ ، دەرھال ساقچىخانىغا مەلۇم قىلدى .

— ھەي خوتۇن ، ساقچىلار تەكشۈرۈۋېتىپتۇ ، مەن ئۈگەتكەن

بويىچە سۆزلەڭلار .

— سىلىنى تۇتۇپ كېتەرمۇ ؟— دېدى ئايالى قورقۇمسىراپ .

— ئېغىزىڭنى ئۇشۇتمەي خالتا تەييارلىغىنا ، بۇغداينى ئۇنغا ئالماشتۇرۇپ كېلەي ،— دېدى تۇنىياز .

ئايال ئىككى خالتا ئېلىپ كەلدى ، ئاشلىق قويۇلغان ئۆيگە كىرىپ تۇنىيازغا خالتىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ بەردى ، تۇنىياز بۇغداي قويۇلغان ساندۇقنىڭ ئېغىزىنى ئاچتى - دە ، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى .

— ھەي ، جىم تۇرىلىغۇ ، نېمە بولدى ؟— دېدى ئايالى .

تۇنىياز بۇغداي ئارىسىغا تىقىپ قويغان ئۈچ يۈز يۈەننى قولىغا ئېلىپ ئايالىغا كۆرسەتتى .

— ھە ، ئەسلىدە پۇل بۇ يەردىكەندە ، سىلى ئۇ بالىلارغا بەك ئۇۋال قىلىپلا ،— دېدى ئايالى .

شۇئان ساقچى ئاپتۇموبىلىنىڭ سىگنالى پۈتۈن مەھەللىنى بىر ئالدى . ئاپتوموبىل تۇنىيازنىڭ ئۆيى ئالدىدا توختىدى . تۇنىياز بېشى چۈشكەن ھالدا كىشىلەر توپى ئىچىدىن ئۆتۈپ ساقچى ئاپتوموبىلىغا چىقتى .

# خىجىللىق

ج خ خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ناھىيە بازىرىدىن يىراق بولغان يېزىغا يۆتكىلىپ خىزمەت قىلىشۋاتقىنىمغا ئىككى ئاي بولغانىدى . ساقچىخانا باشلىقى ئادىل ئاكا مېنى جىنايى ئىشلار خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىپ ، ئايرىم ئىشخانا ھازىرلاپ بەرگەنىدى .

ئادىل ئاكا قىرىق ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ، چىرايىدىن مۇلايىملىقى چىقىپ تۇرىدىغان ، تەمبەل كەلگەن ئادەم بولۇپ ، سىرتتىكى ئادەملەرگە مۇئامىلىسى شۇنداق ياخشى بولغىنى بىلەن ، ساقچىخانىدىكى كادىر ـ ساقچىلارغا قاپاق ئاچمايتتى . مەن بۇ ساقچىخانىغا كەلگەندىن بېرى ، ئۇنىڭ ساقچى فورمىسى كىيگەنلىكىنى كۆرۈپ باقمىدىم . ئۇ ئىشخانىسىدا ئولتۇرمايتتى .

— ساقچىخانا باشلىقى ئادىل ئاكا بىر ئايدىن بېرى نېمىشقا ئىشخانىدا ئولتۇرمايدىغاندۇ ؟ — دېدىم مەن خىزمەتدىشىمغا .

— شۇنى دېمەمسەن ، ھېلى يىغىنغا بارىمەن دەۋاتقان ، ھېلى ئىشىم بار دەۋاتقان ، ئىدارىمۇ تەكشۈرۈپ چىقار ، شۇ چاغدا پىكىر قىلساق بولىدىغان ئوخشايدۇ ، — دېدى خىزمەتدىشىم .

مەن خىزمەتداشلىرىم بىلەن ئىدارە رەھبەرلىكى كېلىپ قالسا ، ئۇنى چېقىپ تازا ئاچچىقىمىزنى چىقىرىۋېلىشنى دېيىشىۋالدۇق . چۈنكى ، بىرقانچە كۈندىن بېرى ساقچىخانىنىڭ ئىشلىرىنى دائىم بىرقانچىمىزلا قىلىشۋاتاتتۇق . ئىش شۇنداق كۆپىيىپ كەتكەنىدى . ئادىل ئاكا شۇنداق كۆرۈنۈپلا ، بەزىدە خىزمەتلەرنى بىرقۇر

ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ چىقىپ كېتەتتى . مېنىڭ ۋە خىزمەتدىشىمنىڭ قورسىقى كۆپكەنىدى . يىغىنغا بارىمەن دېگەندىن باشقا گەپ ئېغىزىدىن چىقمايتتى .

كۈندىكى ئادىتىم بويىچە باشقا ئىشقا تۇتۇش قىلماي ، ئەتىگەندىلا گېزىت كۆرۈپ ئىشخانامدا ئولتۇراتتىم ، خىزمەتدىشىم يۈگۈرۈپ كىرىپ :

— ئىدارە باشلىقى كەلدى ، هازىر پىكىر ئېلىنىۋاتىدۇ ، ئاڭلىساق ئادىل «ئالدىراش» (بىز قويۇۋالغان لەقەم) ئۇستىدىن باھالاش پىكرى ئالىدىكەن . ئۇنى خىزمەت كۆرسەتتى ، دەپ ئەنگە ئالارمىش ، مەنمۇ پىكىر قىلىمەن ، سەنمۇ ئاچچىقىڭنى چىقىرىۋالغىن ، خىزمەت كۆرسەتتى ، دەپ ئەنگە ئالسا تېخىمۇ گىدىيىۋېلىپ ، ئىشنىڭ ھەممىسىنى بىزگە تاشلاپ قويىدۇ ، ئۇ ئاداش ،— دېدى .

خىزمەتدىشىممۇ مەن بىلەن تەڭ باشقا ساقچىخانىدىن يۆتكىلىپ كەلگەنىدى . دەل شۇ چاغدا ئىدارە باشلىقى ئىشخانامغا كىردى .

— ھەر ئىككىڭلار بار ئىكەنسىلەر ، كۆنۈپ كېتەلىدىڭلارمۇ ؟— دېدى ئىدارە باشلىقى مۇلايىملىق بىلەن .

بىردەم خىزمەت توغرۇلۇق پاراڭلاشتۇق .

— ھە ، ئاساسىي گەپكە كېلەيلى ، ئادىل قانداقراقكەن ، ساقچىخانىدىكى كادىر ـ ساقچىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىمۇ ؟— دېدى ئىدارە باشلىقى .

مەن خىزمەتدىشىم بىلەن بىر قارىشىۋالغاندىن كېيىن سۆزلەشكە باشلىدىم :

— باشلىق ، ئۆزىڭىز بىلىسىز ، مەن ئىدارىدە خېلى ئۇزۇن ئىشلىگەن . بۇ ساقچىخانىدا ئىش شۇنداق كۆپكەن ، ئىشخانىدا

ئولتۇرغانلار ئولتۇرۇپ، ئاممىنىڭ دەرد - ئەھۋالىنى ئاڭلايمىز، ئادىل ئاكام مەن كەلگەندىن بېرى يىغىن دەپلا چىقىپ كېتىدۇ، ساقچىخانا باشلىقىنى ئىزدەپ كەلگەنلەرگە جاۋاب بېرىپ، تېلېفون نومۇرىنى دەپ بېرىپمۇ ھاردۇق. مۇمكىن بولسا، تەشكىل باشقا باشلىق بەلگىلەپ بەرگەن بولسا، ئادىل ئاكام بۇ ساقچىخانىغا ماس كەلمىگۈدەك. ئۇ يىغىن ئاچىدىغان ئىدارىگە يېقىنراق تۇرۇپ ئىشلىسۇن، — دېدىم مەن دادىللىق بىلەن باشلىققا قاراپ.

خىزمەتدىشىممۇ مېنىڭ گېپىمنى قوللاپ، ئادىل ئاكىنى تازا سۆكتى.

— ياخشى پىكىر قىلدىڭلار، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەڭلار، پىكىرىڭلارنى ئىدارە پارتكومىغا يەتكۈزىمەن، — دېدى - دە، ساقچىخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— خوپ بولدىمۇ، ئوبدان بابلىدۇق ئادىل ئالدىراشنى، — دېدى خىزمەتدىشىم.

خىزمەتدىشىم ئىككىمىز تاماق يەپ بولۇپ، ساقچىخانىغا كىردۇق. بۇ چاغدا ئادىل ئاكا ئىشخانىدا بولمايتتى. ئادىل ئاكىنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا كەلگەندە، مەن خىزمەتدىشىمنى توختاتتىم - دە:

— ئادىل ئاكا بولغان بولسا ئىدارە باشلىقىغا ھېچقانداق گەپ قىلالمايتتۇق، قىلغان بولساق، ئاڭلاپ قالار ئىدى، بەك ياخشى بولدى. بۈگۈن ئادىل ئاكىنىڭ ھەر كۈندىكىگە ئوخشاش يوق بولۇپ چىققىنى تېخى، خۇش بولدۇڭمۇ، — دېدىم ئۈنلۈك ئاۋازدا.

— خۇش بولمامدىغان، مائاشنى ئوخشاش ئالىمىز، ساقچىخانا باشلىقى بولغاندىكىن ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ ئىشلىسە بولىدۇ. ساقچىخانىنىڭ بارلىق ئىشىنى بىزلا ھۆددە ئالىمىزمۇ؟ — دېدى خىزمەتدىشىممۇ.

ساقچىخانا باشلىقىنىڭ ئىشكىنىڭ تۇيۇقسىز ئېچىلىشى مېنى چۆچۈتىۋەتتى .

— ئىشخانىغا كىرىڭلار ، يىگىتلەر ،— دېدى ئادىل ئاكا ئىشخانىدىن چىقىپ .

ئەمىرەش ئىچىدە ئىشخانىغا كىردۇق . ساقچىخانىدىكى باشقا كادىر ـ ساقچىلارمۇ ساقچىخانا باشلىقى ئىشخانىسىدا ئولتۇراتتى . ئەسلىدە ئادىل ئاكا بىز تاماق يېگىلى چىقىپ كەتكەندە پەيدا بولغان بولۇپ ، يىغىن ئېچىشقا تەييارلىنىپ ، بىز ئىككىمىزنى ساقلاپ ئولتۇرغانىكەن . مەن سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولدۇم ، لېكىن خىزمەتدىشىم قۇلىقىمغا «قورقما ، بۇ ئەمەلىيەت» دېگەچكە ، غالىبلارچە گىدىيىپ ئولتۇردۇم .

— بىرقانچە كۈندىن بېرى مەن ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر دېلوغا يېپ ئۇچى ئىگىلەيمەن دەپ ئالدىراش بولۇپ قالدىم . بىرەرسىڭلارغا ئەينى ئەھۋالنى دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمىدىم . يىغىنغا بارىمەنلا دەپ قويدۇم . ھەممىڭلار كۆپ جاپا تارتتىڭلار ، بۈگۈن كەچتە ئالاھىدە مۇھىم ۋەزىپە بار ، كېچە ئىشلەيمىز . چۈشتىن كېيىن ياخشى ئۇخلاپ ، تاماقلىنىپ تەييارلىنىڭلار ، تارقالساڭلار بولىدۇ ،— دېدى ئادىل ئاكا گەپنى قىسقىلا قىلىپ . ھەممەيلەن ئىشخانىدىن سىرتقا ماڭدۇق . ئادىل ئاكا مېنى چاقىردى . مەن : «مېنى تەنقىدلەيدىغان بولدى» دەپ ئاستا بېرىپ كرېسلودا ئولتۇردۇم .

— يىگىت ، كۆنۈپ كەتكەنسەن ، مۇشۇ كەسىپتە چېنىققان ساقچىدىن سەنلا بار ، بۈگۈنكى ۋەزىپىدە سەن رولۇڭنى ياخشى جارى قىلدۇرمىساڭ بولمايدۇ ، نېمە ۋەزىپىدۇر دەپ ئويلىنىپ قالما . تۇتۇشقا تېگىشلىك بىرقانچە مۇھىم جىنايەت گۇماندارى بار ، — دېدى ـ دە ، ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان بىر قاپ تاماكىنى ماڭا

تەڭلىدى . مەن ئاستا چىقىپ كەتتىم .

كەچتە ھەممەيلەن بۇ ئالاھىدە ۋەزىپىگە ئاتلاندۇق . ئالتە نەپەر مۇھىم جىنايەت گۇماندارىنى قاچۇرۇۋەتمەي تۇتۇپ كېلىپ ، سوراق قىلدۇق . ناھىيىمىز تەۋەسىدىكى نۇرغۇن بېسىلىپ قالغان ئوغرىلىق ، بۇلاڭچىلىق دېلولىرى يۇقىرىقى ئالتە نەپەر گۇماندارنىڭ ئىقرار قىلىشى ئارقىلىق پاش قىلىندى . قوشنا ناھىيە ، ۋىلايەتلەرنىڭمۇ خېلى زور تۇركۇمدىكى دېلولىرى بىز تۇتقان گۇماندارلار ئارقىلىق پاش قىلىندى .

ـــ خاتالىشىپتىمىز ئەمەسمۇ ، بىكارغا ئەيىبلەپ كېتىپتىمىز ، ئەسلىي ئىش مۇنداقكەن ئەمەسمۇ ،ـــ دېدى خىزمەتدىشىم خىجىللىق ھېس قىلىپ .

ئەسلىدە ئادىل ئاكا كېچە ـ كۈندۈز رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق يۇقىرىقى ئالتە گۇماندارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ ، توختىماي ئىشلىگەچكە ، ساقچىخانىدا كەمدىن ـ كەم كۆرۈنگەن ئىكەن .

قانداقتۇر بىر خىجىللىق مېنى ئۆز ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغانىدى .

# جەرىمانە

سەمەت بىر كۈنلۈك ئىتىز ئىشىنى تۈگىتىپ ، هارغىن هالەتتە ئۆيگە كىردى ـ دە ، ئايالى سائادەتنىڭ يەنىلا سۈيۈقئاش ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كايىشقا باشلىدى .

— هەي ، كۈندە ئىچىۋېرەمسەن سۈيۈقئاشنى ، ئۈنىڭدىن باشقا تاماق ئىچىشكە قولۇڭ بارمامدۇ ؟...

— يا گۆش ، يا تۇخۇم بولمىسا ، سۈيۈقئاشتىن باشقا نېمە تاماق ئەتسەم بولاتتى ، «هالىڭغا بېقىپ هال تارت ، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن تارت» دەپتىكەن ، غوجام ،— دېدى سائادەتخان .

— كەنت ئالدىدىن گۆش ياكى تۇخۇم ئەكىرسەڭ بولىدۇغۇ ؟— دېدى سەمەت .

— ئادەمنىڭ يۈزى چىمىلدايدىكەن ، نېسىگە ئەكىرەمتىم ،— دېدى سائادەتخان .

— هەي ، ئۆيدە قىلىسى كۈنى ياڭاق ساتقان پۇل بار ئىدىغۇ ؟— دېدى سەمەت .

— ئۇنىتۇپ قالغان ئوخشىمىلا ، قايسى كۈندىكى جەرىمانىگە تۆلىۋەتكەن ئەمەسمۇ ؟— دېدى سائادەتخان .

— هە ، راست ، ئۇنتۇپ قاپتىمەن ، مەيلى نېمە ئەتسەڭ ئىچىۋەرگىنە .

سەمەت سۈپىغا چىقتى ـ دە ، ئەمدىلا ئولتۇرغان قىزىنى قۇچىقىغا ئالدى .

— ئوماق قىزىم ، ئىسمىڭنى جەرىمانىخان قويايلى دېسەم ئاناڭ ئۇنىمىدى ئەمەسمۇ ، تاتلىق بالام ،— سەمەت قىزىنىڭ مەڭزىگە سۆيدى .

— دادا ، ئەتە مۇئەللىم بايراملىق كىيىم كىيىپ كېلىڭلار دەيدۇ . ئانامغا دېسەم ، ئانام تىللىدى ،— دېدى سەمەتنىڭ چوڭ قىزى .

— خاتىرجەم بول ، ئەتە بازاردىن ئۆزۈم ئېلىپ بېرىمەن ، سەندىن باشقا سىڭىلىڭغىمۇ قوشۇپ ئېلىپ بېرىمەن ، قىزىم ،— دېدى سەمەت .

سەمەت ئوتتۇز بەش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان دېھقان ئىدى . قانچە ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ ، سەمەتكە ئوغۇل پەرزەنت نېسىپ بولماي ، تۆت قىز پەرزەنت نېسىپ بولدى . ئاخىرىدىكىسىگە جەرىمانىمۇ تۆلىدى ، كەنتتىن سائادەتخانغا ئۆزۈك سالدۇرۇشنى قايتا - قايتا ئۇقتۇرۇش قىلغانىدى . بىراق سائادەتخان قېچىپ دېگەندەك ئۆزۈكمۇ سالدۇرمىدى .

سائادەتخانىنىڭ قورسىقى كۈندىن - كۈنگە تومپىيىشقا باشلىدى .

— ھەي ، خوتۇن ، بالىنى ئالدۇرۇۋەتسەڭ قانداق ؟— دېدى سەمەت .

— نېمە دەيسىز ، ئەگەر قورسىقىمدىكى ئوغۇل بولۇپ قالسىچۇ ؟— دېدى سائادەتخان .

سەمەت ئويلا - ئويلا ئاخىر بالىنى ساقلاپ قېلىش ، ئاخىرقى قېتىم تەلەي سىناش نىيىتىگە كەلدى .

— ھەي ، خوتۇن ، سەندىن قىز تۇغدۇڭ ، دەپ رەنجىپ قالغىنىم يوق ، قىزلىرىممۇ شۇنداق ئوماق ، لېكىنزە ، باشقىلارنىڭ ئوغۇل بالىلىرىنى كۆرسەم چىديالماي قالىمەن ،— دېدى سەمەت

— قانداق قىلىمىز ، كەتتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت مۇدىرى بىلىپ قالسىچۇ ؟— دېدى سائادەتخان .

— مەن سېنى داۋالانغىلى سىرتتىكى تۇغقانلارنىڭ يېنىغا كىچىك قىزىمنى ئېلىپ كەتتى دەپ يالغان ئېيتاي ، سەن ئۆيدە سىرتقا چىقماي يوشۇرۇنۇپ ياتقىن ، جەرىمانە تۆلەپ يۈرمەيلى ، يەنە ،— دېدى سەمەت .

سائادەتخاننىڭ كۆڭلى خۇددى مەھبۇسلاردەك ئۆي ئىچىدە ئۆتتى .

تاراسلاپ ياغقان يامغۇر پۈتۈن ھويلا - ئارامىنى بىر ئالدى . سائادەتخان ئۆگزىگە يېيىپ قويغان گۈلە - قاقلاردىن ئەنسىرەشكە باشلىدى . سەمەت ھېچ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . باللىرمۇ ئوينىغىلى چىقىپ كەتكەنچە كەلمىدى . سائادەتخان كەنجى قىزىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ئىشىك سىرتىغا چىقتى . چىقتىيۇ ئىشىك ئالدىدا يامغۇردىن پاناھلىنىپ تۇرۇۋاتقان قوشنىلىرى ئەنەلخان بىلەن مەلۈمخانغا ئۇچرىشىپ قالدى .

— ئۆيگە كىرەيلى ،— سائادەتخان ئۆيگە يېنىپ كىرىپ كەتمىسە بولمايتتى .

— ۋۇي ، سائادەت ، سەن قاچان كەلدىڭ . ئۇچ ئاي بولدى سېنى بەك سېغىندۇق ، ئاخشام كەلگەن ئوخشىمامسەن ، سەمەتنىڭمۇ خىڭلىقىنى قارا ،— دېدى مەلۈمخان .

مەلۈمخان بىلەن ئەنەلخان بىر - بىرىگە قاراشتىيۇ ، سائادەتخاننىڭ قورسىقىنى كۆرۈپ چاندۇرمىدى .

— خوش ، ئەتە كىرەيلى…

سائادەتخان يامغۇردا بىرھازا تۇردى . ئۇ چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكىنىنى سەزمەيلا قالدى .

— ھەي ، نېمە بولدى…

— ئوبدان بولدى ، مانا ، باللار ئوينىغىلى چىقىپ كەتكەن ، ئىشىكنى تېشىدىن ئېتىپ قويماپتۇ . مەن شوتىغا باراي ، دەپ هويلا ئىشىكى ئالدىغا بارسام قوشنىلاردىن ئەنەلخان بىلەن مەلۇمخان كۆرۈپ قالدى… تېزرەك كەلمەي… خوپ بولدى ، مانا…

سائادەتخان يىغلاشقا باشلىدى .

— يىغلىما ، بالىغا تەسىر يېتىدۇ ،— دېدى سەمەت .

— ئۇلار ئېغىزى ئوت خوتۇنلار تۇرسا ، نەق مېنى مارىغاندەك تۇرغىنىنى ، ئۇلار ئەتىلا كەنتكە دېمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ ؟— دېدى سائادەتخان .

— سەنمۇ باللارغا ئىشىكنى تېشىدىن ئېتىپ قوي دېسەڭ بولمامدۇ ؟

— دېگەن ، ئۇنتۇغان ئوخشايدۇ ، ئەمدى قانداق قىلىمىز…

ئەر - ئايال ئىككىسى بىرهازا مەسلىهەتلەشكەندىن كېيىن مەهەللە ، كەنتكە ئۇقتۇرۇپ ئوچۇق - ئاشكارا يۈرۈشنى راۋا كۆردى .

— هەي ، سائادەت ، ئەمدى جەرىمانە قويسا قانداق قىلارسىلەر ؟

— تۆت بالاڭ تۇرسا ، تۇغۇپ قانداق قىلاتتىڭ .

— بىچارىلەرگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى ، هالۇ - كۈنى ياخشىلانماي ئۆتكۈدەك…

قوشنا ئاياللار هەر خىل گەپلەرنى قىلىشماقتا ئىدى .

— خانىلىرىم ، ئەنسىرىمىسىلە ، جەرىمانە دېسە تۆلەرمىز ، هەرقايسىلىرىغا تۆلىشىپ بېرىڭ دېمەسمىز…

………

سائادەتخانىنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالدى .

— هەي ، خوتۇن ، مەن تۇغقىنىمىز سايىمئاخۇنۇم بىلەن

كۆرۈشتۇم ، ئاخۇنۇم بىلەن مەسلىھەتلەشتىم ، چارە تېپىلدى ، — سەمەت سائادەتخاننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى .

— شۇنداق قىلساق بولارمۇ ؟ — دېدى سائادەتخان .

— بولمايدىغان نېمىسى بار ، بولىدۇ .

سائادەتخان پاخلاندەك بىر ئوغۇل تۇغدى ـ دە ، بالىنى شۇ كېچىسى يۆگەپلا سائادەتنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋەتتى ، سائادەتنىڭ ئانىسى ئوغۇلنى قوچىقىغا ئېلىپ كالا سۈتى ئەمدۈرۈشكە باشلىدى...

سەمەت ئايالى سائادەتنىڭ يېنىغا بىر دانە چوڭ قونچاقنى بوۋاقـقا ئوخشىتىپ زاكىلىدى ـ دە ، يانقۇزۇپ يۈزىنى يۆگەپ قويدى .

تاڭ ئاتتى . سەمەت ئۆي ئالدىغا چىقىپ يىغلاشقا باشلىدى .

— ۋاي بالام ، كۆز ئېچىپلا كەتتىڭغۇ بالام ، ئوغۇلكەن ئەمەسمۇ بالام ، داداڭ قانداق چىدايدۇ بالام...

سايىمئاخۇنۇم دېيىشكىنى بويىچە ئالدىدىن بۇ ئۆيگە كېلىپ ئولتۇرۇپ بولغانىدى .

قولۇم ـ قوشنا ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ، ئەل ـ جامائەت كېلىشكە باشلىدى .

— مۆھتەرەم جامائەت ، نارەسىدەنى ئۇزۇن ساقلىساق راۋا بولماس ، شۇڭا هازىرلا مېيىتنى چىقىرىۋېتەيلى .

سايىمئاخۇنۇم جامائەتكە سۆزلىگەندىن كېيىن ئاستا ئۆيگە كىردى ـ دە ، سائادەتنىڭ يېنىدىكى قونچاقنى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى . قونچاقنىڭ يېنىدا ئىككى يۈز سوم پۇل مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى .

سايىمئاخۇنۇم بۇ تاپان ھەققىدىن رازى بولدى ـ دە ، پۇلنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى . قونچاقنى پاكىزە چۈەكلەرگە

يۆگەپ ، ئايەت ئوقۇغىنىچە جامائەتنىڭ ئالدىدا ئۆيدىن چىقتى .
جامائەت ئاخۇنۇمنىڭ كەينىگە ئەگەشتى . قەبرىستانلىققا بارغۇچە نامىزى چىقىرىلىۋاتقان بۇ قونچاق قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ مېڭىۋاتاتتى .
مېيىت قەبرىگاھقا قويۇلدى . سايىمئاخۇن بۇ پاكىزە چۈەكلەرنىڭ قونچاق بىلەن دەپنە قىلىنىشىنى خالىمىدىمۇ ـ قانداق ، ئۇران ئىچىگە ئەكىرىپ ، قونچاقنى ئېلىۋېتىپ ، چۈەكلەرنى ياندۇرۇپ چىقتى...
جامائەتنىڭ نەزىرى گەرچە چۈەككە چۈشمىگەن بولسىمۇ ، بىراق يىراقراق تۇرغان بەزى كىشىلەر سەل گۇمانلىنىشقا باشلىدى .
مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ھېچكىم بۇ قەبرىگاھقا چىقىپ دۇئا قىلمىدى .
سەمەت سايىمئاخۇنۇمنىڭ مەھەللىدىكىلەرنى بۇنداق ياخشى ئۇسۇل بىلەن ئالداپ ، ئۆزىنى جەرىمانىدىن ساقلاپ بەرگەنلىكىگە خۇش بولۇپ ، قايتىدىن يىگىرمە سومغا بىر ئاددىي تون ئېلىپ ئاخۇنۇمغا سوۋغا قىلدى . سايىمئاخۇنۇم بىكار كەلگەن ئىككى يۈز سوملۇق ھەم بىر تونلۇق بولۇپ قالغانلىقىدىن سۆيۈندى .
— ئۇكام ، سەن بىلەن تۇغقان تۇرسام ، بۇنچىلىك ئىشنى قىلمىسام بولامدۇ ، توننى ئېلىپ قالاي ، پۇلنى قايتۇرۇپ بېرەي ئېلىپ كەت...
ئاخۇنۇمنىڭ ئايالىنىڭ يۆتىلىشى بىلەن ئاخۇنۇم پۇلنى ئاستا يانچۇقىغا سالدى .
— رەھمەت ، سايىمئاخۇنۇم ئاكا ، بۇ ئىش چىنىپ قالمىسا .
— خاتىرجەم بول ، سەنمۇ ئېغىزىڭنى مەزمۇت تۇتقىن ، كەنت ئۇقۇپ قالسا مېنىڭ مەزىنلىكىمنى ئېلىپ تاشلاپ ، يېزىغا مەلۇم قىلىپ ماڭا جەرىمانە قويۇپ يۈرمىسۇن يەنە...

كۆنلەر ئۆتتى .

سەمەتنىڭ ئوغلىنىڭ يىغىسى بۇ ئىشنى يوشۇرۇپ قالالمىدى .

ــ بالام ، ئاناڭ يەنە تۇغدىمۇ ، كەنتتە پىلانلىق تۇغۇت مۇدىرى سەمەتنىڭ ئۆيى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ سەمەتنىڭ كىچىك قىزىدىن سورىدى .

ــ مېنىڭ ئامراق قونچىقىمنى ئۇكامنىڭ ئورنىدا كۆمۈۋەتتى . دادام يەنە بىرنى ئېلىپ بېرىمەن دەپ يالغان ئېيتىپ ھازىرغىچە ئېلىپ بەرمىدى ،ــ دېدى قىز .

سىر ئاشكارىلاندى ، قونچاق كولاپ ئېلىنىپ قىزغا بېرىلدى . يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن سايىمئاخۇنۇمنى مەزىنلىكتىن ئېلىۋېتىپ ، ئۇنىڭغا ئىككى مىڭ سوم جەرىمانە قويۇلغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش كىشىلەرنى تاڭ قالدۇردى .

سايىمئاخۇن مەسچىتكىمۇ ناماز ئوقۇغىلى چىقماي يېتىۋالدى .

ــ خوپ بولدىمۇ ؟ ئىككى يۈز سومنى دەپ ئىككى مىڭ سوم جەرىمانە تۆلىگەنسىز ؟ــ ئايالى كۇندە سايىمئاخۇنۇمغا تاپا ـ تەنە قىلاتتى .

كىشىلەر ياقىلىرىنى چىشلىشەتتى . سەمەتمۇ جەرىمانىدىن قۇرۇق قالمىدى . سەمەت جەرىمانىنى تۆلەپ بولغاندىن ، كېيىن سايىمئاخۇنۇمدىن كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن ئۆيىگە باردى .

ــ جەرىمانىنى سەن تۆلەيسەن ،ــ دېدى ئاخۇنۇم .

ــ ئاخۇنۇم ، بۇ پىلاننى سىز كۆرسەتكەن ، ماڭا تېگىشلىكىنى مەن تۆلەپ بولدۇم ،ــ دېدى سەمەت .

ــ يوقىلە !ــ دېدى ئاخۇنۇم .

ــ مەن سىزگە بەرگەن ئىككى يۈز سومنى دەپ كەلگەن ، ــ دېدى سەمەت سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن ، مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ :

ئۇ پۇلۇڭنى كەنت يېتىم - يېسىرلارغا بېرىمىز دەپ تۇتۇپ قالدى . كۆزۈمدىن يوقالغىنا...__ دېدى ئاخۇنۇم .

سەمەت يا كۇلۇشنى ، يا يىغلاشنى بىلەلمەي ئۆيگە كەلدى .

ئوغلىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىغان سەمەت بېشىنى تۇتقىنىچە بېغىغا چىقىپ ئولتۇردى ، بالىلارنىڭ يىغا ۋە كۇلكىلىرى هويلىنى بىر ئالغانىدى...

## ساقچىنىڭ ھېكايىسى

مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان بۇ ئەزىم دەريا كۆندۈزلىرى شارقىراپ ئاقسا، كېچىلىرى تولپاردەك كىشنەپ شاۋقۇن چىقىراتتى. شاۋقۇنىنىڭ ئاۋازى يىراق - يىراقلارغا ئاڭلىناتتى.

ئەنە، چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان كۆزەينەكلىك بىر كىشى دەريا لېۋىدىكى جىغانلىقتا ئولتۇرۇپ، دەريانىڭ ئېقىنىغا قاراپ خىيال دېڭىزىغا غەرق بولماقتا...

بۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئەزىمەت ئىدى، خۇددى باياۋاندا ئۆزۈن سەپەرلەرنى باسقان كارۋانغا ئوخشاش، ئۇنىڭ بېشىدىن نۇرغۇن جەبىر - جاپا ۋە مۇشەققەتلەر ئۆتكەنىدى. ئالدىدىكى مۇشۇ ئەزىم دەريا ئەزىمەتنى ئەللەيلىگەن ھەمدە مۇڭغا چۆمدۈرگەنىدى. دەريانىڭ يۇقىرى قىنىدىكى دۆڭلۈككە جايلاشقان ساقچىخانىغا ئەزىمەتنىڭ يۈرەك قېنى سەرپ قىلىنغانىدى، ئۇ دەريا قىنىغا جايلاشقان بۇ ساقچىخانىدا بىر ئۆمۈر ئىشلەپ يېقىندا دەم ئېلىشقا چىققان بولسىمۇ، بۇ ئەزىم دەريا ھەمدە بۇ يەردىكى ساددا دېھقانلار ئۇنىڭ قەلبىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغانىدى. ھەر ھەپتىدە بىر، گاھىدا ئىككى قېتىم چىقىپ دەريانى ياقىلايتتى. بۇ يەردىكى خەلقنىڭ دەرد، مۇڭ ئەھۋالىنى ئاڭلايتتى...

ياشلار تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتسا، ئۇنىڭدا تۇرمۇشنىڭ شادلىقىغا ئېرىشەلەيدۇ. ئەزىمەتنىڭ ساقچى مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ يېڭى تەقسىم قىلىنغان ۋاقتى ئىدى. قاتناش قىس

بولۇپ ، ئۇ تەقسىم قىلىنغان ساقچىخانىغا دەريا قىنىنى بويلاپ ئاتلىنىق ياكى ئىشەكلىك هالدا ماڭاتتى . پايانسىز چۆللۈك ، توغراقلىق ، ئەزىم دەريا ، مۇنبەت تۇپراق ئەزىمەتنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى . ئۇنىڭ چۇس مىجەزى بۇ زېمىندا تاۋلاندى ، ئۇ بارا ـ بارا خىزمەتكە كۆنۈپ قالدى . چۈنكى ، مۇهەببەتنىڭ تۇنجى قەدىمىنى مانا مۇشۇ ماكاندىن باشلاپ باسقانىدى .

قاش قارايغان چاغ . ئەزىمەت ساقچىخانىنىڭ قارا ئېتىنى مىنىپ ، دەريانىڭ تۆۋەنكى قاپتىلىدىكى ئائىلىلەرگە نوپۇس ئىنىقلىغىلى ماڭدى . هاۋا شۇنچىلىك ئوچۇق بولۇپ ، گۈل ـ گىياهلار دەريا قىنىنى بىر ئالغان . ئەزىمەت ئات مىنىشنى يېڭى ئۆگەنگەنلىكى ئۇچۇنمىكىنتاڭ ، ئاتنى قامچىلىدى . ئات قاتتىق كىشنەپ دۆڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ بولغۇچە ئەزىمەت ئاتتىن يىقىلدى . تەلىيىگە ئۇ بوش توپىغا يىقىلغان بولۇپ ئانچە چوڭ هادىسە يۈز بەرمىدى .

يىراقتا ئىشەك هارۋىسىدا كېتىۋاتقان تۆت قىز بۇ ئەهۋالنى كۆرۈپ هارۋىكەش بالىغا هارۋىنى توختاتقۇزۇپ قويۇپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى . ئۈچ قىز ئەزىمەتنى زاڭلىق قىلىپ كۈلمەكتە ئىدى .

ــ ئەجەب قالتىس چۈشتىڭىز ، خۇددى كىنولاردىكىدەك...

ــ رول ئېلىشنى مەشىق قىلىۋاتامسىز...

ــ بىچارە ساقچىنىڭ كىيىملىرى توپىغا مىلىنىپ كېتىپتۇ ها... ها... .

يەنە بىر قىز ئۈندىمىدى ، قارىقۇمچاق كەلگەن ، كۆزلىرى چوڭ بۇ قىز ئوقۇتقۇچى بولۇپ ، شەهەردىن ئەزىمەتلەر بىلەن تەڭ سەهراغا تەقسىم قىلىنغانىدى .

ــ مانا ، شەپكىڭىزنى كىيىۋېلىڭ ، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ، بىر يېرىڭىز ئاغرىمىغاندۇ ؟ ــ دېدى قىز ئوڭايسىزلىنىپ .

ئەزىمەتنىڭ جېنى ئاغرىق ئازابىدىن قىينىلىپ كەتكەن بولىسمۇ ، قىزنىڭ گۈزەل سېيماسى ، شېرىن سۆزلىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا غەيرەت ۋە تاقەت ئاتا قىلغانىدى .

— ياق ، ھېچنېمە بولمىدىم ،— دېيەلىدى ئەزىمەت .

— زىباگۈل ، يۈرە ، ھارۋىكەش ساقلاپ قالدى ،— دېدى قىزلار .

ئەزىمەت زىباگۈلنىڭ كەينىدىن قاراپ داڭ قېتىپ قالدى ، شۇ ئارىدا ھارۋىكەش بالا ئاتنى تۇتۇپ ئەزىمەتكە بەردى . ئەزىمەت ئاتنىڭ ئارغامچىسىنى تۇتۇپ ئولتۇردى .

زىباگۈل ھارۋا يېنىغا مېڭىۋېتىپ كەينىگە بۇرۇلدى - دە :

— بولمىسا بىز ئولتۇرغان ھارۋىدا ئولتۇرۇڭ ، ئاتنى ھارۋىغا باغلايلى ،— دېدى .

ئەزىمەت قىزلارنىڭ ياردىمىدە ھارۋىدا ئولتۇردى ، ھارۋىكەش بالا ھارۋىنىڭ كەينىگە ئاتنى باغلىدى .

— تۆۋەنكى مەھەللىدە دېلو يۈز بەرگەن ئوخشىمامدۇ ،— دېدى قىزلاردىن بىرى .

— ياقەي ، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى شۇنداق ساددا ئادەملەر تۇرسا ، نەدە دېلو يۈز بەرسۇن ، نوپۇس تىزىملىغىلى مېڭىۋاتىمەن ،— دېدى ئەزىمەت .

— ھەي سىلەرگە تەس ، شۇنچە چوڭ يېزىدا ساقى ئاكام بىلەن سىزلا ئىشلەيدىكەنسىز ، نوپۇس ئىنقىلاپ ، دېلو تەكشۈرۈپ ھەممىگە يېتىشەلەمسىلەر ؟— دېدى زىباگۈل .

— يېتىشىپ كېتىۋاتىمىز ، سىلەر ؟...

— ھە ، بىزمۇ سىزگە ئوخشاش ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى تىزىملىغىلى كېتىۋاتىمىز ،— دېدى زىباگۈل .

قىزلار كۈلۈشۈپ ئەزىمەتتىن ئۇنى ، بۇنى سورايتتى . بەزىسى

ناخشا ئېيتاتتى . بەزىسى بۇ سەھرادىن ئاغرىنىپ غۇدۇرايتتى . شۇ كۈنى ئەزىمەت قىزلار بىلەن بىرلىكتە ھەممە ئىشنى پۈتتۈردى - دە ، يېنىشىدىمۇ قىزلار بىلەن بىرگە قايتتى .

ئەزىمەتنىڭ مەزمۇت ، چەبدەس قامىتى زىباگۈلنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالغان بولسا ، زىباگۈلنىڭ كۆزلىرى ، شېرىن سۆزلىرى ئەزىمەتنى شۇنىڭدىن بېرى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى .

ئەزىمەت بىلەن زىباگۈل مۇھەببەت سەپىرىگە ئەمدىلا قەدەم تاشلىشىغا زىباگۈل بىلىم ئاشۇرۇشقا كېتىپ قالدى . ئەزىمەتنىڭ پاك مۇھەببىتى زىباگۈلنى بۇ سەھراغا قايتا ئېلىپ كەلدى .

مانا زىباگۈل مەكتەپتە باغۋەن بولغان بولسا ئەزىمەتنىڭ ئۆيىدە سۆيۈملۈك ئايال ، ئىككى ئوغۇلنىڭ ئانىسىغا ئايلاندى . يىللار بۇ بىر جۈپ قىز - يىگىتنى مۇشۇ ئەزىم دەريا بويىدا تاۋلاپ چېنىقتۇرۇپ ئۆز قوينىغا ئالغانىدى . ئەزىمەت بىلەن زىباگۈل خىزمەتتىن چۈشكەندە دەريا قىنى بويىدا ئۆزلىرى ئاپىرىدە قىلغان بۇ كىچىك باغنى گۈل - چېچەككە پۈركىدى .

— بالىلار مۇشۇ يېزىدا ئوقۇسا بولاتتى ، يېنىمىزدا تۇرغىنى ياخشى ئەمەسمۇ ، دادىڭىز بىلەن ئاپىڭىز يېنىمىزدا ئوقۇتىمىز دەپ ھەر ئىككى بالىنى ئېلىپ قالدى ، چوڭلارنى يالغۇز قالدى دەپ يۈرۈپ ، قاراڭ ، مانا ، بۇ ئائىلىدە ئىككىمىز تەنھالا قالدۇق ، چوڭلارغا ئېغىرچىلىق سالمىساق بولاتتى ، ھەي…— دېدى زىباگۈل .

— چوڭلارنىڭ كۆڭلى دەڭلار ، مانا ھەش - پەش دېگۈچە ئون بەش يىل ئۆتۈپتۇ ، بۇ يەردىن كېتەيلى دېسەك ھەر ئىككىمىزنىڭ مېھرى بار ، مەيلى بالىلار چوڭلارنىڭ يېنىدا ئوقۇسۇن ، كېيىنچە ئەكېلىۋالارمىز ،— دېدى ئەزىمەت .

ئەزىمەتنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىككى ئوغلىنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ

قالغان بولۇپ ، زىباگۇل گەرچە ئوغۇللىرى يېنىدا بولمىسىمۇ ، مەكتەپتىكى دېھقان بالىلىرىنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ دائىم سەھرا بالىلىرىغا ئاتىدارچىلىق قىلاتتى . مانا بۇ يىل زىباگۇل ئوقۇتقان بالىلاردىن ئون نەچچىسى ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتتى .

بۇ يۇرتتا يامغۇر ياغمىغىلى خېلى يىللار بولغانىدى . بۈگۈن يامغۇر قاتتىق يېغىپ كەتتى . زىباگۇل دەريا بويىنى بويلاپ بېشىغا بىر چىپتىنى يۆگەپ ئالدىراپ مېڭىۋاتاتتى ، تۇيۇقسىز دەريا قىنىدا بىر قىزنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى ئاڭلىنىشقا باشلىدى .

— قۇتقۇزۇڭلار…

زىباگۇل دەرياغا قارىدى ، دەريا سۈيى ئەزۋەيلەپ دولقۇن ياساپ ئېقىۋاتاتتى . دولقۇندا بىر قىز بىر شۇڭغۇپ ، بىر لەيلەپ ئاقماقتا ئىدى . زىباگۇل قولىدىكى چىپتىنى تاشلاپ دەرياغا سەكرىدى . ئەپسۇس ، زىباگۇلنىڭ زىبا قامىتى قىز بىلەن بىللە دەريا قايىنىمىدا غايىب بولدى . بۇ دەريا زىباگۇلنى مەڭگۈلۈك قوينىغا ئالدى .

زىباگۇلنىڭ شۇنداقلا ئۆلۈپ كېتىشى ئەزىمەتنى قاتتىق ئازابلىدى . تېخى تۇنۇگۈنلا خۇشال - خۇرام ھالدا كەلگۈسى توغرۇلۇق نۇرغۇن پىلانلارنى تۈزگەن ، كۆڭۈلدىكىدەك ئائىلىسىدىن سۆيۈنگەن ئەمەسمىدى ؟ بالىلىرى توغرۇلۇق ، ئوقۇغۇچىلىرى توغرۇلۇق نۇرغۇن ئارمانلارنى قىلغان ئەمەسمىدى ؟ زىباگۇلنىڭ دەريا ئېقىنىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ ، ئەزىمەتنى تاشلاپ كېتىپ قېلىشى ئەزىمەت ئۈچۈن قاتتىق زەربە بولدى .

زىباگۇلنىڭ قەھرىمانلارچە ئىش ئىزلىرى كەڭ تەشۋىق قىلىندى . ئەزىمەت سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلىنىپ رېئاللىققا يۈزلەندى ، چۈنكى ئەزىمەتنىڭ ئالدىدا مۇشكۈل ۋەزىپە بار ئىدى ، ئۇ ئوغۇللىرىنى قاتارغا قوشمىسا بولمايتتى . ئەزىمەتنىڭ كۆڭلىدىن گەرچە زىباگۇل چىقمىسىمۇ ئەزىمەت يەنىلا تۇرمۇشنى قىزغىن

سۆيدى . ئۇ مەيلى ئالدىراش خىزمەت ئورنىدا بولسۇن ياكى ئائىلىسىدە بولسۇن زىباگۇلنىڭ گۈزەل ئەسلىمىلىرى ئارقىلىق روھىي دۇنياسىنى بېيىتىپ ، پاك ۋە كۆڭۈللۇك ياشىدى . باللارغا خۇشاللىق بېغىشلىدى . ئەل ئۇچۇن بارلىقىنى ئايىمىدى .

نۇرغۇن يىللاردىن بېرى دېلو يۈز بەرمەي تېپتىنچ ئۆتۈۋاتقان بۇ يېزىدا يېقىنقى يىللاردىن بېرى توساتتىن خېلى چوڭ دېلولار ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىشكە باشلىدى .

ئەزىمەت ئالدىراش بولۇپ كەتتى . كىچىك ئىشلار تېخى كۆپ ئىدى . ئەزىمەت كىچىلەردىمۇ دائىم دېگۇدەك ئالدىراش ئىدى . بىر ئوچۇم قارا نىيەتلەر تۇتۇلدى ، لېكىن ئاز بىر قىسىملىرى قانۇن سىرتىدا قېپقالغانىدى . ئەزىمەت شۇ بىر ئوچۇم مۆكۈۋالغان كىشىلەرنى تۇتۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى . چۈنكى ، بۇ كىشىلەرنى ئەزىمەت تونۇيتتى .

كېچە ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى . ئەزىمەت خىزمەتدىشى بىلەن ساقچىخانىغا قايتىپ كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئۈچ قارا گەۋدە ئەزىمەت بىلەن خىزمەتدىشىغا ئېتىلدى . يۈزلىرىگە قارا پايپاق كىيىۋالغان ئۈچ قارا نىيەت بۇلارغا ھۇجۇم قىلغانىدى . ئەزىمەت چەبدەسلىك بىلەن ئىككىنى تۇتۇۋالدى ، بۇ چاغدا خىزمەتدىشى ئاللىقاچان يارىلانغانىدى . ئەزىمەتنىڭ بەدىنىنىڭ ئىككى يېرىگە پىچاق تىقىلغانىدى . گەرچە يارىلانغان بولسىمۇ ئەزىمەت بىلەن خىزمەتدىشى پىداكارلىق كۆرسىتىپ ئۈچ قارا نىيەتنى تۇتۇپ ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى . شۇ چاغدىكى ئېلىشىشتىن ئەزىمەتنىڭ بىلىكىدە تاتۇقتىن ئەستىلىك قالدى...

كۈنلەر شۇنداق ئۆتمەكتە .

ـــ ئوت كەتتى !... ئوت كەتتى !...

كىشىلەرنىڭ قىيا ـ چىيالىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن

ئاڭلىنىۋاتاتتى . ئەزىمەت كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئاتلاندى .

ئەسلىدە دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى مايسەمخان چوڭ ئانىنىڭ ئۆيىگە ئوت كېتىپ مايسەمخان ئون ياشلىق نەۋرىسى بىلەن بىرگە ئوت ئىچىدە قالغانىدى . بۇ چاغ قىشنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق ۋاقتى ئىدى . ئەزىمەت ئوت دېڭىزىغا ئۆزىنى ئېتىپ يۇرتداشلىرى بىلەن ئوتنى ئۆچۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ ، ئۆچۈرۈۋېلىشقا مۇمكىن بولمىدى . ئادەم قۇتقۇزۇش مۇھىم ئىدى . ئەزىمەت هايات ـ ماماتلىق پەيتتە دەرهال ئاتلىنىپ هۆل قىلىنغان ئەدىيالغا يۆركىنىپ ، ئۆي ئىشىكىنى تېپىپ ئېچىپ كىردى . يەردە مايسەمخان بىلەن نەۋرىسى ياتاتتى . ئەزىمەت ئوت دېڭىزىدىن مايسەمخان بىلەن نەۋرىسىنى قۇتقۇزۇپ چىققان بولسىمۇ ، كۆزىگە بىر نەرسە تېگىپ كېتىپ ، بىر كۆزىنى ئاچالماي قالدى . شۇنداقتىمۇ ئەزىمەت پۇت ـ قولى كۆيگەن مايسەمخان ئانىنى يۆلەشتۇرۇپ يۇرتداشلىرىنىڭ ياردىمىدە ماشىنىغا چىقاردى . بىراق قېرىشقاندەك ماشىنا ئوت ئالمىدى .

ــ مايسەمخاچامنى دوختۇرخانىغا ئاپارمىساق بولمايدۇ ،ــ دېدى ئەزىمەت .

ــ سوجاڭ بالام ، سىزنىڭمۇ كۆزىڭىز كۆيۈپتۇ…

ــ هېچقىسى يوق…

ئەزىمەت ئۆزىنى ئويلىماي مايسەمخانىنىلا ئويلايتتى .

ــ مانا مەن هارۋىنى قېتىپ كەلدىم…ــ دېدى بىر ئەر .

ماشىنا قانچە هەپىلەشكەن بىلەن ئوت ئالمىدى ، چۈنكى ماتورنىڭ ئىچىدىكى سۇ توڭلاپ قالغانىدى .

ــ تېز بولايلى ، مايسەمخاچامنى يۆگەڭلار ، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارايلى… مايسەمخان نەۋرىسى بىلەن

ھارۋىغا سېلىنىدى . ئۇلارنىڭ تېنىدە كۆيۈك ئىزلىرى خېلى بار ئىدى ، بالا ۋايسايتتى ، مايسەمخان جىم ئىدى .

— ئۇدۇل دەريا بىلەن ئۆتەيلى ، مۇز توڭلاپ كېتىڭلىك ، تۇنۇگۇن مەن ھارۋىدا مۇز ئۇستىدىن يۇرۇپ دەريادىن ئۆتكەن ، — دېدى ھارۋىكەش ئەر .

— بولىدۇ ، ماڭايلى ،— دېدى ئەزىمەت .

ھارۋا دەريا ئىچىدىكى چىغىر يول بىلەن توڭلاپ كەتكەن مۇزغا سېلىندى . ھارۋا ئاسانلا دەريادىن ئۆتتى ، مايسەمخان ، نەۋرىسى قۇتقۇزۇپ قېلىندى . دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بۇ دوختۇرخانا شەخسىي دوختۇرخانا ئىدى . يېزا دوختۇرخانىسى بۇ يەرگە يىراق ئىدى . ئەزىمەت مايسەمخاننىڭ ئەھۋالى ياخشىلانغاندىن كېيىن ، كەتتكە قايتماقچى بولدى . چۈنكى ، دېلو ئەھۋالى ئايدىڭلاشقان بولۇپ ، مايسەمخاننىڭ نەۋرىسى سەرەڭگە ئويناش داۋامىدا ياققان ئوت ئۆيگە تۇتىشىپ ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەنىدى . بۇ ئەھۋالنى خەلققە چۈشەندۇرمىسە كەنتتىكى كىشىلەر ۋەھىمە ئىچىدە قالاتتى .

— ئايلىنىپ چوڭ يول بىلەن ماڭايلىمىكىن ،— دېدى ئەزىمەت .

— ئۇدۇل ماڭايلى ، يول يىراق ھازىر چۈش بوپتۇ ، ئۇدۇل ماڭساق بىرەر سائەتتە بارالايمىز ،— دېدى ھارۋىكەش .

ھارۋىكەشنىڭ كىچىك بالىسىمۇ مايسەمخاننى ئېلىپ بارغان دوختۇرخانىدا ئىدى . ھارۋىكەش ئۇنىمۇ ھارۋىغا سېلىۋالدى .

— بىز بالا بىلەن مۇز تۆپىسىدە چۈشۈپ ماڭايلى ، — دېدى ئەزىمەت .

— سىز چۈشۈپ مېڭىڭ ، بالا كىچىك ، مەن ھارۋىدا ئېلىپ ماڭاي ئۇكام ،— دېدى ھارۋىكەش .

ئەزىمەت دەريا ئۇستىدىكى مۇز ئۇستىدىن ماڭماقتا ئىدى .

ئەزىمەت دەريادىن ئۆتۈپ بولدى . تۈيۈقسىز ھارۋىكەشنىڭ ئېشىكىنىڭ پۇتى مۇزغا سىيىلىپ قالدى ، تاراسلاپ مۇز پارچىلىرى ئاجراشقا باشلىدى . ئېشەك ھارۋىسى يانتۇ بولۇپ قالدى . ئەزىمەت كۆز ئالدىدىكى بۇ خەتەرنى كۆرۈپ ، دەريا ئوتتۇرىسىغا يۈگۈردى ، ھاۋانىڭ ئازراق ئىسسىشىغا ئەگىشىپ مۇز ئېرىشكە باشلىغاچقا ، كېچىدە كۆتۈرگەن مۇز كۇندۇزى ئېشەكنى كۆتۈرەلمەي يېرىلغانىدى . ھارۋىكەش سوغا چۆكۈۋاتقان ئېشىكى بىلەن قالدى . ئەزىمەت كاچكولغا ئۆزىنى ئېتىپ بالىنى قوچىقىغا ئېلىۋالدى ـ دە ، ئۇنى ھارۋىدىكى ئەدىيالغا يۆگەپ دەريا لېۋىگە ساق ـ سالامەت ئېلىپ چىقتى .

— پىچاق بارمۇ ؟ — توۋلىدى ئەزىمەت .

— بار ، مانا ، — ھارۋىكەش ئېشەك ئارغامچىسىنى قولىدا تارتىپ توۋلىدى .

— ئېشىكىمنى ئۆلتۈرمەكچىمۇسىز ؟...

ئەزىمەت گەپ قىلماي ئېشەكنىڭ نوختا بويۇنچىلىرىنى كېسىۋەتتى . ئېشەك بىردەمدىلا ھارۋىدىن ئاجراپ مۇز ئۈستىگە چىقىۋالدى ـ دە ، دەريا لېۋىگە چىقتى . ھارۋىكەش ھارۋىنى تارتىۋېلىشقا قولىنى ئۇزاتتى .

— تارتماڭ ، خەتەرلىك ! — توۋلىدى ئەزىمەت .

دەل شۇ چاغدا ھارۋا بىلەن ھارۋىكەش كاچكولغا قايتا چۈشۈپ كەتتى .

ئەزىمەت ئارغامچىنى ئۇزىتىپ ھارۋىكەشنى تارتىۋالدى ، ھارۋىكەش چوڭ ئۆتۈك كىيىۋالغاچقا ھېچنېمە بولمىدى ، بىراق ئەزىمەتنىڭ پۇتى ئۇششۇپ قالغانىدى . ئەزىمەتنىڭ پۇتىنىڭ بەزىدە ئاغرىشى شۇ قېتىملىق ھادىسىدىن قالغانىدى...

شۇنداق ، ئەزىمەت ھاياتىدا نۇرغۇن ۋەقەلەرنى باشتىن

ئۆتكۆزدى . چەبدەسلىك بىلەن تۇتۇلغان ئوغرىلار ، ئەپچىللىك بىلەن بىتچىت قىلىنغان زەھەر ئۇۋىلىرى ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئىزىنى يوقاتقان قاتىللارنىڭ تورغا چۈشۈشى ... ھەممىسى ئەزىمەتنىڭ ئۆتكۈر كۆزى ۋە پىداكارلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى . ئۇ يېزىدىكى چىغىر يوللار ، مەھەللىلەر ، ھەتتا ھەربىر ئۆي ، ھەربىر ئادەمگىچە ھەممىسىنى بىلەتتى . ئەزىمەت ھەققىدىكى ھېكايىلەر ساناقسىز ئىدى .

مانا ھەيۋەتلىك كۆۋرۈكتىن ئىككىسى بۇ يېزا تەۋەسىگە سىيلىندى .

يوللار راۋانلاشتى . ساقچىخانىدا ماشىنىلار كۆپەيدى . خەلقمۇ بېيىدى...

ئەزىمەت مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولغاندىلا ، ئاندىن دەم ئېلىشقا چىقتى .

قايرىلدىم كەينىمگە يېنىشلاپ بېقىپ ،
ۋەسلىڭنى سېغىندىم ياشلىرىم ئېقىپ .
مېھرىبان ئانامسەن ، ئەزىز دىيارىم ،
مەن كەلدىم قوينۇڭغا باغرىمنى يېقىپ .

يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان بۇ مۇڭلۇق ناخشا ئەزىمەتنىڭ دىققىتىنى تارتتى .

يىراقتىن يېڭى كەلگەن بىر قىز سومكىسىنى ئېسىپ ، مۇڭلۇق كۈينى ياڭرىتىپ كېتىۋاتاتتى . ئەزىمەت ناخشىنىڭ تولۇق تېكىستىگە قۇلاق سالدى . قىزنىڭ دەريا لېۋىدە ناخشا ئېيتىپ مېڭىشى زىباگۈلنى ئەسلەتتى . قىز ئەزىمەتنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ناخشا تۈگىدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، تاغا ،— دېدى قىز .
ئەزىمەت قىزغا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن :
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، قىزىم ،— دېدى .

ئەزىمەتنىڭ كەينىدە بىر ئوغۇل تۇراتتى ، ئوغۇل ئەزىمەتنىڭ ئەينى يىللاردىكى قامىتىنى ئەسلىتەتتى . دەل شۇ چاغدا ئەزىمەتنىڭ كەينىگە ساقچىخانىنىڭ ئىككى جىپ ماشىنىسى كېلىپ توختىدى .

— دوكلات ، پېشقەدەم ساقچىخانا باشلىقى ، ساقچىخانىمىزنىڭ بارلىق ساقچىلىرى سىزگە ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ ،— دېدى يەنە بىر ساقچى چاس بېرىپ . كەينىدىن سەككىز نەپەر ساقچى تەڭلا ئەزىمەتكە چاس بېرىپ ئېھتىرام بىلدۈردى .

— پېشقەدەم ساقچىخانا باشلىقى ، گەرچە دەم ئېلىشقا چىققان بولسىڭىزمۇ ، ساقچىخانىمىزغا دائىم كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ، ياش ساقچىلارنى تەربىيىلەشكە ياردەملىشىشىڭىزنى ھەمدە مەسلىھەتىڭىزنى بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز ،— دېدى قاۋۇل كەلگەن ساقچى .

— رەھمەت ،— دېدى ئەزىمەت .

دەل شۇ چاغدا ئەزىمەتنىڭ يېڭى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئوغلى يېڭى ساقچى فورمىسى بىلەن ئەزىمەتنىڭ ئالدىغا بىر دەستە گۈل كۆتۈرۈپ كەلدى .

ئەزىمەتنىڭ كۆزى ياشقا تولدى ، ئەزىمەت قولىدىكى ئاق ئەتىرگۈلنى ئاۋايلاپ دەريا قىنىغا قويۇپ بەردى ، ئەتىرگۈللەر دەريا سۈيىدە ئېقىپ يىراقلارغا ئۈزاپ كەتتى .

ساقچىلار مارشى ياڭراپ ، دەريا قىنىنى بىر ئالدى…

ئەزىمەتمۇ بۇ مارشقا جور بولۇپ ، ياش ۋاقتىدىن بېرى ئۆزىگە ھەمراھ بولغان بۇ ساقچى مارشىنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى…

# بۇزۇلغان قەسەم

ماي ئېيىنىڭ ئىككىنچى ئاخشىمى ، ئىزغىرىن شامال ئۆستەڭ بويىدىكى بۇ قەدىمىي دەرەخلەرنى لەرزان ئىرغاڭلىتىپ ، ئۆستەڭ سۈيىنىڭ داۋالغۇپ ئېقىشىغا ماسلىشىپ ، كېچە ئاسمىنىدا ماتەم كۈيىنى ياڭراتقاندەك بىر پەسلەپ ، بىر كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى . كېچە ئاسمىنىدا شامالغا ئەگىشىپ ئېقىۋاتقان قارا بۇلۇتلار گاھى ئاي يۈزىنى توسسا ، گاھى ئاينىڭ يۈزى ئېچىلاتتى . ئۆستەڭدە ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇ يۈزىگە ئاي نۇرى بىردەم شولا چاچسا ، بىردەم تۇن قاراڭغۇسى قارا پەردە ياپاتتى . شامال ، سۇ ، دەرەخلەر بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى . سۈپسۈزۈك سۇ يۈزىدە قىپيالىڭاچ بىر جەسەت گاھ لەيلەپ ، گاھ چۆكۈپ ، سۇنىڭ ئېقىشى بىلەن خۇددى مېيىت نامىزى ئوقۇپ ئاۋايلاپ كۆتۈرۈۋاتقان مېيىت ئادەملەر ئېقىنىدا گۆرىستانغا يۈرگەندەك ، سۇ ئېقىنى بىلەن تەڭ ئېقىپ مېڭىۋاتاتتى .

جەسەت ئالاھازەل ئون بەش كىلومېتىردەك ئاققاندىن كېيىن ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان بۇ يېزىنىڭ ئېچىش رايونىدىكى بىر ئازما زاكوۇغا كېلىپ سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇرۇپ قالدى . دەل شۇ چاغدا تاڭ ئاتقانىدى . سۇ بويىدا بىرقانچە دېھقان كېچىدىن بېرى نۆۋەتلىشىپ سۇنىڭ يار ئېلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن خەۋەر ئېلىۋاتقانىدى ، ئۇلاردىن بىرى تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئۆستەڭ گىرۋىكىگە كەلدى - دە ، جەسەتنى كۆرۈپ كەينىگە داجىپ

كەتتى .

ــ هەي ، بولۇڭلار ، سۇدا بىر جەسەت تۇرىدۇ ،ــ تووۋلىدى دېھقان . باشقا دېھقانلارمۇ كەلدى ـ دە ، جەسەتنى قىرغاققا ئېلىپ چىقىپ ، كېچىدىن بېرى سېلىپ ياتقان ئەدىياللارنى ئېلىپ يۆگەپ ، جەسەتنىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى ياپتى ـ دە ، دەرھال ج خ ئىدارىسىگە دېلو مەلۇم قىلدى .

نەق مەيدان ناھىيە مەركىزىدىن ئون بەش ـ ئون ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى ، ساقچىلار يېتىپ كەلدى . جەسەتنىڭ پېشانىسىدىكى ئازراق سۇرۇلگەن زېدىنى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا ئورۇنىدا ھېچقانداق يارا ئىزى يوق ئىدى . قانۇن دوختۇرى تەكشۈرۈپ ، جەسەتنى «سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن» دەپ يەكۈن چىقاردى .

ئۆلگۈچى كىم ؟ نەدىن سۇغا چۈشۈپ ئۆلگەن ؟ بۇ ساقچىلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بىر تېپىشماق ئىدى . چۈنكى ، بۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە يەنە ئېقىن مۇساپىسىمۇ ئۇزۇن ئۆستەڭ بولۇپ ، بۇ يەردىن باش تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا يەتمىش كىلومېتىرچە كېلەتتى .

جەسەتنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاپ چىقىش ساقچىلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بىرىنچى ۋەزىپە ئىدى . ساقچىلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ، ئۆستەڭنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە ئالا قويماي ئەھۋال ئىگىلەش ھەمدە ئۆلگۈچىنىڭ كىيىمىنى ئىزدەشكە كىرىشتى . بىراق ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى . جەسەتنى تېزلىكتە يەرلىكىدە قويۇۋەتمىسە بولمايتتى . چۈنكى ، ھاۋا ئىسسىقتا باشلىغانىدى . ئۆستەڭ بويى ئەتراپىدىكى بارلىق يېزا ـ كەنتلەردىن ئادەم چاقىرتىلىپ جەسەت كۆرسىتىلدى . بىراق ھېچكىم تونۇيالمىدى . تېلېۋىزور ، رادىئولاردا كەڭ تۈردە تونۇتۇش ئېلانى بېرىلگەن

بولسىمۇ ، ئۇنۇمى بولمىدى . مويسىپىت ئۆلىمالارنىڭ ساقچىلارغا ياردەم قىلىشى بىلەن مېيىت قائىدىلىك ئۆزىتىلدى...

* *

— ۋاي ئىسىت بالام ، مېنىڭ بالام...

— ئاھ ئۇكام ! نەدىن ئىقىپ نەگە بېرىپ ياتقانسەن ئۇكام !

ئارىدىن يىگىرمە كۈندەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ج خ ئىدارىسىگە توختىخان ، ئابلاجان قاتارلىق بىرقانچە كىشى ھازىدارلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ ھازا ئېچىپ يىغلاپ كىرىشتى .

— مېنىڭ ئۇكام 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۆيىدىن قېيىداپ چىقىپ كەتكەن . يېنىدا ئىككى مىڭ يۈەن پۇل بار ئىدى . تېلېۋىزوردا كۆرسەتكەن سۈرەتنى تونۇغۇن ئاخشام كۆردۈق ، مېنىڭ ئۇكام ئاشۇ شۇ ، ئىسمى ياسىن ، ج خ ئىدارىسىدىكى ساقچىلارغا رەھمەت ، بىزنى يەرلىكتە قويغان مازارلىقتا باشلاپ بارسىلا ، دۇئا - تىلاۋەت قىلىۋالايلى ، ئۇكامنىڭ نەزىرلىرىنى بەرمىسەك قانداقمۇ خاتىرجەم ياتسۇن ، جېنىم ئۇكام ، ۋاي ئۇكام ، — ئابلاجان يوقاپ كەتكەن ئۇكىسى ياسىنجاننىڭ تەرىپىنى قىلىپ يىغلاشقا باشلىدى .

— كېلىڭلار ئاۋۋال ئولتۇرۇڭلار ، ياسىنجان توغرۇلۇق بىرەر ئىسپاتىڭلار بارمۇ ؟— دېدى رازۋېدكا ئەترىتىدىكى ساقچىلار .

ئابلاجان ياسىنجاننىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ كىرگەنىدى ، ئۇ سۈرەتنى ئۆلگۈچىگە خېلى ئوخشىسىمۇ ، لېكىن سەل ئورۇقراق ئىدى .

— سۇدا تۇرۇپ بوشاپ سەمرىگەن گەپ ، ئاھ ئۇكام ، مېنىڭ ئۇكام شۇ ، مەن نېمە ئۈچۈن تونۇمىغۇدەكمەن...

ــ مەن جانجىگەر بالامنى بىر كۆرۈپلا تونۇغان ، مېنىڭ يۈرەك پارەم مۇشۇ شۇ…

توختىخان بىلەن ئابلاجان ھەم تۇغقانلىرى جەسەت يەرلىككىدە قويۇلغان مازارلىققا باردى ـ دە ، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىنى نورمال بېرىشكە باشلىدى .

بىراق ، ياسىنىنىڭ ئۆيىدىكىلەر ساقچىلارنى ياسىنىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى ، ھەمدە كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ رەڭگىدىن باشقا ھېچقانداق ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتەلمىدى .

ئابلاجان ، توختىخانلار ئائىلىسى ئۆزلىرىنىڭ ھازىسىنى قىلىۋەردى . قىرىق كۈندىن كېيىن توختىخان ، ئابلاجانلار ئالدىراش ھالدا ئوغلى ياسىنىنىڭ قىرىق نەزىرىسىنى بېرىۋاتاتتى . پاتىھە قىلىپ كەلگەن مېھمانلار خېلى بار ئىدى . تۇيۇقسىز ئۆي ئالدىدا بىر شالىي ماشىنا توختىدى ـ دە ، توختىخاننىڭ ئوغلى ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۆيى ئالدىغا كەلدى… .

ئۆي ئالدىدا نۇرغۇن ئاق كىيىم كىيىۋالغان كىشىلەرنى كۆرگەن ياسىنجان سەل ئەنسىرىدى ـ دە ، سومكىسىنى قويۇپ «ۋاي ئانام» دېگىنىچە ئۆيى ئالدىغا يۈگۈردى . ئۈچ ـ تۆت ئادەم ياسىنجاننى كۆرۈپ «تاۋۋا خۇدايىم» دېيىشىپ ، ئۆزلىرىگە ئايەت ئوقۇپ ھۈرۈشكە باشلىدى .

ــ يا ، يا ، يىلسىنجان ھىلىاتكەن ، قورقىماڭلار ، ئانا بىر خاتالىشىپتىمىز ،ــ ئابلاجان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ يا يىغلاشنى ، يا كۈلۈشنى بىلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى .

ــ بۇ سەنمۇ بالام ، سەن ھاياتمۇ ،ــ توختىخان ئوغلىنى سىلايتتى . ھىدىنى پۇرايتتى .

ــ شۇكەن ، مېنىڭ بالام ساقكەن…

يىغا ـ زارىگە تولغان بۇ ھويلا بىردەمدە خۇشاللىققا چۆمدى ،

ئاق كىيىملەر ئورنىنى رەڭلىك كىيىملەر ئالدى ـ دە، بۇ گەپ مەھەللىگە بىردەمدە پۇر كەتتى...

— ئانا، شۇنداقمۇ ئەنسىرەمسىلەر؟ مەن ئاقسۇغا پۇلغا ئىشلەشنى دېيىشكىلى چىققان، يەر باشقۇرماقچى بولۇپ يەر ئىگىلەپ قويۇپ كىردىم، — دېدى ياسىنجان. توختىخان، ئابلاجانلار ياسىنجاننىڭ تېلېفونمۇ ئېلىپ قويمىغانلىقىدىن ئاچچىقلانغان بولسىمۇ، كۆڭلىدىكى غەم ـ ئەندىشە تۈگىگەنىدى. جەمەتنى بۇلار تونۇغاندىن كېيىن تېلېۋىزوردىكى جەسەت تونۇش ئېلانى توختىتىلغانىدى. ئابلاجان، ياسىنجان، توختىخانلار ساقچىلارغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ياسىنجاننىڭ كومېدىيىسى ئاخىرلاشتى.

ئۆلگۈچى كىم؟

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياسىنجاننىڭ كەچۈرمىشىدىن خەۋەر تاپقان ھاشىمئاخۇن، ئادىلئاخۇن قاتارلىقلار ج خ ئىدارىسىگە كىردى.

— بىز تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ تازا پەرق قىلالمىدۇق. ئىگىسى چىقىپتۇ دەپ ئاڭلاپ كارىمىز بولمىدى. بالىمىز ئاسىم 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئۆزى ئىشلەيدىغان ئاشخانىدىن يوقاپ كەتتى. قانچە سۈرۈشتۈرگەن بولساقمۇ ئىز ـ دېرىكى بولمىدى. بىزنىڭ گۇمانىمىز قوزغالدى. شۇنچە ياخشى ئىشلەپ تۇرغان بالا ئاشخانىدىن ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كېتەرمۇ؟ ياكى بىرەر قېتىم تېلېفونى يوق، مەن بالىلىرىمنى باشلاپ كىردىم، سۈرەتلەرنى بالىلىرىم قايتا كۆرۈپ تونۇپ باقسۇن، — دېدى ھاشىمئاخۇن.

ھاشىمئاخۇننىڭ بالىلىرى ج خ ئىدارىسىدىكى سىن لىنتىسى بىلەن سۈرەتلەرنى كۆردى ـ دە، يىغلاشقا باشلىدى.

— ئاسىم شۈكەن ، ئېنىق شۇ ، بۇ قېتىم بىز خاتالاشمىدۇق ،— دېيىشتى باللار .

يىغا - زار قايتىدىن باشلاندى . ئاسىمغىمۇ ئادەت بويىچە قايتا نەزىر - چىراغ قىلىندى .

ئاسىم ئون يەتتە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان يىگىت بولۇپ ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، ئاتا - ئانىسىنىڭ بىرئاز بولسىمۇ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئاشپەزچىلىكنى ئۆگىنىش ئۈچۈن يېزىدىن ناھىيە بازىرىغا كىرىپ ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ ئاشخانىسىدا ئاشپەزلىك ئۆگىنىۋاتاتتى .

ئاسىم ئاشخانىدىكى ئەسەت ، ئوسمان ، توختى ، قادىر قاتارلىق شاگىرت ئاشپەزلەر بىلەن خېلى چىقىشىپ قالغانىدى . ئاسىم ھەر كۈنى كاۋاپدانغا ئوت ياقاتتى . ھاجىممۇ بۇ شاگىرتقا خېلى ئامراق ئىدى .

ھاۋا ياز كىرگەندىن بېرى خېلى ئىسسىپ كەتكەنىدى .

— ھەي ، ئاغىنىلەر ، كەچتە دۇكاننى تاقىغاندىن كېيىن ، ئۆستەڭگە چىقىپ سۇغا چۈشۈپ كىرمەيلىمۇ ،— دېدى قادىر .

ھەممەيلەن قوشۇلدى . قادىر ، ئەسەت ، ئاسىم ، توختى ، ئوسمان قاتارلىق بەش بالا چىقىدىغان بولدى . قالغان باللار ئۈنداق - مۇنداق باھانە كۆرسىتىپ چىقالمايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى .

كەچ سائەت توققۇزلاردا يۇقىرىقى بەشەيلەن ئاشخانىنى تاقىدى - دە ، ناھىيە مەركىزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان ئۆستەڭ بويىغا چىقتى . گەرچە كەچ بولسىمۇ ، ئالەم سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى ، ھاۋا تىپتىنچ بولۇپ سۈپسۈزۈك سۇلار ئۆستەڭ زاكۇسىدىن شارقىراپ چۈشۈپ جانغا راھەت بېغىشلايتتى .

ھەممەيلەن كىيىملىرىنى سالدى - دە ، ئۆستەڭ لېۋىگە كەلدى .

— ھەي ئاسىم ، سۇ بەك كۆپكەن چۈشمەيلىمىكىن ، — دېدى توختى .
— سۇ كۆپ بولغان بىلەن سۇزۇككەن ، ئايدىڭ تۇرسا ، مۇشۇنداق چاغدا چۈشمەي قاچان چۈشىمىز ، چۈشەيلى ، — دېدى ئاسىم ۋە ئەڭ بۇرۇن ئۆستەڭگە سەكرىدى . باشقىلارمۇ ئاسىمغا ئەگىشىپ يالىڭاچ ھالدا سۇغا سەكرەشكە باشلىدى .
— نېمىدېگەن راھەت سۇ بۇ...
— ھەي قادىر سەن نېمىشقا سەكرىمەيسەن ؟
بۇ بالىلارنىڭ خۇشاللىقى تولۇپ تاشقانىدى . قادىر سۇ ئۈزەلمىگەچكە ئۆستەڭنىڭ گىرۋىكىدىكى سۇ ئاز يەرگە چۈشۈشكە باشلىدى .
ھەممەيلەن بەدىنىگە سوپۇن سۇرتۇپ يۇيۇشقا باشلىدى .
قادىر ، ئەسەت ، توختى ، ئوسمان قاتارلىقلارمۇ ئون يەتتە ، ئون سەككىز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ياشلار بولۇپ ، ئاسىم بىلەن تەڭتۇش كېلەتتى . ئارىسىدا قادىر ئۇلاردىن سەل چوڭدەك كۆرۈنەتتى .
— قايتا سەكرەيلى ، ئاسىم سۇدىن چىقىپ ئۆستەڭگە قايتا سەكرىدى . سۇ بەلگىچە كېلەتتى .
ئاسىمنىڭ كەينىدىن ئوسمان سەكرىدى ، ئوسماننىڭ كەينىدىنلا ئەسەت سەكرىدى - دە ، ئوسماننىڭ پۇتىغا دەسسىۋالدى .
— نېمىشقا مېنىڭ پۇتۇمغا دەسسەيسەن ، ھارىمى ؟ ! — دېدى ئوسمان .
— مەن كۆرمەپتىمەن ، خاپا بولما ، — دېدى ئەسەت .
— ئاستىراق سەكرىسەڭ بولمامدۇ ، — دېدى ئوسمان .
— خاپا بولما دېدىمغۇ ، — دېدى ئەسەت .
ئەسەت بىلەن ئوسمان بىر - بىرىگە سۇ چېچىشىپ ئوينىشىپ

دېگەندەك بىر ـ بىرىنى سۇغا بېسىشقا باشلىدى . بۇنى كۆرگەن ئاسىم ئىككىسىنى سۇدا تۇتۇشۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى ۋە :

ــ ھەي ، نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ ئۇرۇشۇپ كەتمەڭلار يەنە ، ــ دەپ ئۇلارنى ئىتتىرىپ ئايرىۋەتمەكچى بولۇپ ، قولىنى ئۇزارتىشى بىلەن ئۇلارغا سۇ چاچراپ كەتتى .

ــ سەنمۇ بىز بىلەن سۇ چېچىشىپ ئوينامسەن ، كېلە ،ــ ئوسمان ئاسىمغا تاشلاندى ، ئەسەتمۇ ئاسىمغا تاشلاندى . ئوسمان بىلەن ئەسەت ئاسىمنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ سۇغا بېسىشقا باشلىدى . بۇ جەرياندا ئاسىممۇ ئۇلارغا سۇ چېچىپ ئۆزىنى قاچۇرغان بولسىمۇ ئۇلگۈرەلمىدى . ئەسەتنىڭ بىر مۇشتى ئاسىمنىڭ زاڭقىغا تەگدى . ئۇلار قوغلىشىپ ، ئىتتىرىشىپ سۇ ئىچىدە ئاسىمنى قىرغاققا ئېلىپ چىقتى ـ دە ، ئىتتىرىشىش داۋامىدا ئاسىمنىڭ پېشانىسى ئۆستەڭ گىرۋىكىدىكى تاشقا تېگىپ زېدە بولۇپ قان چىقتى .

ــ شوخلىچى قېرىنىڭ بالىسى ، نېمىشقا مېنى ئۇستۇرسەن؟!ــ دېدى ئاسىم تەرگەپ ئەسەتكە .

ــ قورۇق ھارىمى ، سەنمۇ بار!ــ دەپ يىغلىدى ئاسىم ئوسماننى تىللاپ .

ئوسمان بىلەن ئەسەت ، ئاسىمنى قاماللاپ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ بۇلدۇقلىتىپ سۇغا بېسىشقا باشلىدى . سۇدىن بۇلدۇقلىغان ئاۋاز چىقىشى بىلەن ئاسىمنى قويۇپ بەردى . ئاسىم سۇغا ئوڭدا چۈشتى ـ دە ، سۇنىڭ تېگىگە كىرىپ كېتىپ چىقمىدى ، ئەسەت يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىككى مېتىر ئارىلىققا بېرىپ ئاسىمنى سۇزۇپ ئېلىپ كۆتۈردى . ئاسىم جىم بولۇپ قالغانىدى .

ئەسەت قولى بىلەن ئاسىمنىڭ بۇرنىنى تۇتۇپ باقتى . تىنىقى

يوق ئىدى . يۈرىكىنى تىڭشىدى ، يۈرىكمۇ ھەرىكەتتىن توختىغانىدى . ئەسەت ئاسىمنى تۇتۇپ تۇردى .
— نېمە بولدى ؟ — دېدى ئوسمان .
— نېمە بولاتتى ، ئاسىم نەپەستىن قالدى ، — دېدى ئەسەت قورقۇپ .
— نېمە ! ؟ — دېدى ئوسمان ئاسىمنىڭ بىر قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ .
ئۆستەڭنىڭ ياقىسىدا سۇ چېچىشىۋاتقان قادىر بىلەن توختى ئاستا يېتىلىشىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى .
— نېمە بولدى ؟ — دېدى قادىر .
— ئاسىم نەپەستىن قالدى ، — دېدى ئەسەت .
ئۇلار ئاسىمنىڭ جەسىتىنى سۇدىن سۆرەپ ئۆستەڭ باغرىغا ئېلىپ چىقتى . ئەسەت ئاسىمنى تۇتۇپ تۇردى . ئاسىمنىڭ قولى ، بېشىدىن باشقا جايلىرى سۇ ئىچىدە ئىدى .
ئەسەت ، ئوسمان ، توختى ، قادىرلار مەسلىھەتكە چۈشتى ، قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئارىدىن ئون بەش مىنۇتتەك ۋاقىت ئۆتتى .
— قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى ئەسەت .
— قانداق قىلاتتۇق ، نەپەستىن قالغاندىكىن ، سۇغا قويۇپ بەر ، بۇ يەردە يات ئادەمدىن ھېچكىم يوق ، ھەممىمىز شاگىرتلار ، — دېدى ئوسمان كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ .
دەل شۇ چاغدا شامال چىقىشقا باشلىدى .
ئەسەت شۇ گەپ بىلەن ئاسىمنىڭ جەسىتىنى سۇغا قويۇپ بەردى . ئاسىم سۇغا بىر چۆكۈپ ، بىر لەيلەپ غايىب بولدى .
— يۈرۈڭلار كىيىملىرىمىزنى كىيىپ بۇ يەردىن كېتەيلى ، نېرىراق بېرىپ بىرنېمە دېيىشەيلى ، — دېدى ئوسمان .
ھەممەيلەن كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى . يەردە ئاسىمنىڭ

ئىشتان، كۆڭلەك، ئاياغ ۋە كالتە ئىشتانلىرى تۇراتتى.
قادىر ئىشتاننى قولىغا ئالدى. ئوسمان باشقا كىيىملەرنى قولىغا ئالدى، قادىر ئىشتاننىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ ئالتە يۈەن نەق پۇل، ئاچقۇچ، تېلېفون خاتىرىسى، قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ ئوسمانغا ئۇزاتتى.
ـــ ماۋۇ پۇلنى سەدىقە بېرىۋەت، قالغان نەرسىلەرنى كىيىم بىلەن قويغىن،ـــ دېدى، قادىر ئىشتاننى توختىغا ئۇزىتىپ.
توختى ئىشتاننىڭ بەلبېغىنى سۇغۇردى ـ دە، ئىشتاننى ماڭغاچ ئۆستەڭگە قارىتىپ ئاتتى. ئىشتان سۇغا چۆكۈپ ئېقىپ كەتتى.
ـــ نېمىشقا سۇغا ئاتىسەن؟ـــ دېدى قادىر.
ـــ ئادەم بولمىغاندىكىن ئىشتاننى قانداق قىلىمىز؟ـــ دېدى توختى.
ئۇلار ئاڭغىچە يول چىرىغىنىڭ يورۇقىغا كېلىپ قالدى. ئوسمان ئاسمىنىڭ قالغان كىيىملىرىنى يول بويىدىكى تۆمۈر بوتكا دۇكاننىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويدى.
ـــ ھەي، بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى ئۇستامىغا ياكى باشقىلارغا ئاسىمنى سورىسا «سۇغا چۈشكىلى ماڭغان يولدا ئۇنىڭ بىر ئاغىنىسى ئۇچرىغانتى، ئاسىم شۇ ئاغىنىسى بىلەن قالدى» دەيلى. شۇنداق دەپ بۇ ئىشتىن قۇتۇلمىساق بولمايدۇ،ـــ دېدى قادىر. ھەممەيلەن قوشۇلدى ۋە سىر ساقلاشقا قەسەم قىلىشتى.
ئۇلار ئاشخانا ئىچىدىكى ياتىقىغا كىرىپ يېتىشتى. يېرىم سائەتتىن كېيىن ھاجىم باللاردىن خاتىرجەم بولالماي ياتاققا كىردى.
ـــ ھەي، ئاسىم يوققۇ؟ـــ دېدى ھاجىم.
ـــ ھە، ئاسىم يولدا بىر ئاغىنىسى بىلەن قالدى، ئۇ

ئىلغىنىسىنى بىز تونۇمىلىمىز، بىز سوغا چوشۇپ يېنىپ كەلدۇق،ــ دېدى قادىر.

ــ ئىشىكنى ئىچىدىن ئەتمەي يېتىڭلار، ئاسىم كەلسە كىرەلمەي قالمىسۇن يەنە،ــ دېدى ھاجىم چىقىپ كېتىۋېتىپ.

ھاجىم چىقىپ كېتىشى بىلەن قادىر سۆز باشلىدى:

ــ ھەي، ئاڭلاڭلار، شۇ گەپتە چىك تۇرايلى، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ــ توختى، ئەسەت، ئوسمان ھەممىسى «شۇنداق قىلايلى» دېيىشتى-دە، خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتتى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئاسىمنىڭ ئاكىسى سۈرۈشتۈرۈپ كىردى.

ــ سوغا چۈشكىلى ماڭغان يولدا ئاسىم بىر ئاغىنىسى بىلەن قالغان ــ دېدى توختى.

ئاردا ساقچىلار يۇقىرىقى گۇمانداrlardن ئەھۋال ئىگىلىدى. ئەسەت، ئوسمان، توختىنىڭ گەپلىرى ئوخشاش ئەمەس ئىدى، بىرى: «يولدا دوغاپ ئىچىپ قالغان دېسە، بىرى ئاغىنىسى بىلەن گەپلىشىپ قالغان» دېدى. يەنە بىرى: «دۇكان تەرەپكە كەتكەن» دېسە، يەنە بىرى يەنە بىر نېمە دېدى. بۇ ھال ساقچىلارنى قاتتىق گۇمانلاندۇردى-دە، ئەسەت، ئوسمان، قادىر، توختىلارنى دەرھال چاقىرتىپ سوئال سورىدى.

چاقىرتىپ سوراق قىلىش داۋامىدا ساقچىلارنىڭ تەربىيە قىلىشىغا ئاساسەن گۇماندارلار ئۆز جىنايىتىنى تاپشۇردى. ھەممىيلەن ئاسىمنىڭ يوشۇرۇپ قويغان كىيىملىرىنى تېپىپ بەردى.

ئەسەت، ئوسمان، قادىر، توختىلارنىڭ قەسىمى بۇزۇلدى. ئۇلار تۈرمە دەرۋازىسىغا قاراپ يول ئالدى.

## ئىشقۋازنىڭ پاجىئەسى

ئىبىسىل هاراقنىڭ خۇش پۇراق ھىدى يۇنۇسنى يەنە ھاراق سورۇنىغا باشلاپ كىردى. يۇنۇس مەھەللىدىكى تونۇش ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن ھاراق ئىچىشكە تۇتۇش قىلدى. ئىچىلىۋاتقان ئىبىسىل ھاراقلار، چېلىنىۋاتقان شوخ ناخشىلار يۇنۇسنى ھېچبىر مەست قىلالىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاراق دۇكىنىنى خوجايىنىنىڭ ياندىكى ئۆيىگە چىقتى. ئۆيدە خوجايىنىنىڭ ئايالى بار ئىدى. يۇنۇس ئايالغا يېقىنلاشتى.

ــ يۇنۇسجان، چىقىپ كېتىڭ، خېلى مەست بولۇپ قاپسىز، ھېلى ئېرىم كىرىپ قالسا چوڭ چاتاق چىقىپ قالىدۇ…

ئايال يۇنۇسقا يالۋۇردى.

ــ مەن يارىمىدىمۇ، ئۇلار ھەممىسى دۇتتارنىڭ سېھرىي كۈچىگە بېرىلىپ، غەپلەتتە ھاراق ئىچىۋاتىدۇ، قورقماڭ… بىر قېتىملا…

يۇنۇس ئايالغا يېقىنلاشتى.

ئايال ۋارقىرىسا ياندىكى ئۆيدىكىلەرنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىمۇ ياكى يۇنۇسنىڭ يېنىدىن ئېلىپ شىرەدە قويغان پىچىقىدىن قورقتىمۇ ياكى يۇنۇسنى كۆڭلى خالامدۇ، جىم تۇردى.

ــ مۇشۇنچىلىك ئىش، بۇنىڭدىن كېيىن زېرىكسەڭ، ھە دەرسەن، مەن تەييار، ئومىقىم…

ئايال ئۇندىمىدى، يۇنۇس ئۆيىگە كەتتى…

يۇنۇس ئوتتۇز بەش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ، چەبدەس ، خۇشچاقچاق يىگىت ئىدى . يۇنۇسنىڭ ئايالى نۇرغۇن ، ساددا دېھقان ئاياللىرىغا ئوخشاش يۇنۇسنى بېشىدا كۆتۈرۈپ ، يۇنۇسنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماي خىزمىتىنى قىلىدىغان ئايال ئىدى . يۇنۇسنىڭ ئۈچ بالىسى بار ئىدى . بالىلىرىنىڭ چوڭىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ ، يۇنۇسمۇ دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ تىجارەتكە يۈزلىنىپ ، بەزىدە موتسىكلىت ئېلىپ - سېتىپ ، خېلى پايدىغا ئېرىشتى . يۇنۇسنىڭ تۇرمۇشى نورمال كېتىپ باراتتى . يۇنۇس قاچانلاردىن باشلاپ هاراققا ئاشىق بولۇپ قالدى؟ بۇنى ئۇ سەزمەيلا قالدى .

كۇندە دېگۇدەك هاراق ئىچىپ مەست يۈرۈپ ، كېچىلىرى ئۆيدە ئولتۇرالمايدىغان ، هاراق سورۇنى ، قىمار سورۇنىدىن نېرى بولالمايدىغان ، بەزىدە ئۆيگە قايتىپ كەلمەيدىغان بولدى . بۇ ئازلىق قىلغاندەك قوشنا كەنتلىك قىرىق بەش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بىرقانچە بالىسى بار زىنۋىيدىخان بىلەن ئىش - پەش تارتىشىپ قالدى .

— هەي يۇنۇس ، مېنىڭ بالىلىرىم بار ، يولدىشىممۇ بار ، ئەمدى ئارىلاشمايلى ، مەن سىزدىن ئون ياشتىن كۆپ چوڭ ، بولدى قىلايلى…—دېدى بىر كۇنى زىنۋىيدىخان .

— هەي زىنۋىيدىخان ، نېمە دېگىنىڭىز بۇ ، سىزنىڭ خۇيىڭىزنى زادىلا ئۇنتۇيالمايمەن ، ئۇنداق دېمەڭ ،—دېدى يۇنۇس .

ئىشلار داۋام ئەتمەكتە ئىدى . كۇندە بىر خىل تاماق يەۋەرسە ئادەم زېرىكىپتۇ دېگەندەك يۇنۇس كۇندۈزلىرى كۆزىنى مەھەللىدىكى كېلىشكەن چىرايلىق ئاياللارغا سېلىپ كۆزىتىپ كېلىشۋاتقىلى بىر يىلدەك بولدى .

يۇنۇس خېلى كېلىشكەن يىگىت بولۇپ ، مەھەللە تەۋەسىدىكى

خۇشچاقچاق ئاياللار دائىم ئۇنى كۆرگەندە چاقچاق قىلىشاتتى .

يۇنۇس كۆز سالغىلى باشلىغاندىن بېرى نۇرغۇن ئاياللار بىلەن ئىش - پەش تارتىشتى . بەزىلىرىنى ئېرى يوق ۋاقىتتا قورقۇتۇپ بوزەك ئەتسە ، بەزىلىرىنى شېرىن - شېكەر سۆزلەر بىلەن ئالدىدى .

نۇرغۇن قىز - چوكانلار كېچىلىرى شېرىن ئۇيقۇ ۋاقتىدا ياكى ئېتىزلىقلاردا ياكى ئۆستەڭ بويلىرىدا يۇنۇسنىڭ كۆڭلىنى خۇش ئېتىدىغان قونچىقىغا ئايلىنىپ قالغانىدى . بوزەك ئېتىلگەنلىرى بولسا يۇنۇسنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە ئەرلىرىگە ياكى باشقىلارغا بۇ ئىش ھەققىدە سۆز ئېچىشتىن قورقۇپ ئۇن - تىنسىز ئۆتۈپ كەتتى .

يۇنۇسنىڭ شەھۋەتلىك كۆزى ئايزىمخانغا چۈشتى .

— ھەي ئىسىت ، ئۇلجا ئالدىمدىلا تۇرسا ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نېمىشقا ئۇنىڭغا كۆز سالمىغاندىمەن ،— يۇنۇس ئۆز ئۆزىگە پىچىرلايتتى ، ئايزىمخانغا كۆڭلىنى قانداق ئىزھار قىلىشنى ئويلايتتى .

ئايزىمخاننى كۆرگەندە يۇنۇسنىڭ يۈرىكى ئويناپ ، ئۆيدىكى خوتۇن بالىلىرى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىپ كېتەتتى . ئايزىمخاننى كۆزىتىپ بىرقانچە ئاي ئۆتتى ، بۇ جەرياندا يۇنۇس ئايزىمخان بىلەن بىرقانچە قېتىم ئۇچراشتى .

— كەچۈرۈڭ ، مېنىڭ ئېرىم ۋە ئۈچ بالام بار ، خاپا بولماڭ ،— ھەر قېتىم ئايزىمخان شۇ جاۋابنى بېرەتتى . يۇنۇس يەنىلا ئايزىمخاننىڭ دەردىدە ساراڭ بولاي دېدى .

— ھەي ، زىۋىيدىخان ، سەن بىلەن ئارىلاشقىلى خېلى بولدى ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئايزىمخان ئەسىر قىلىۋالدى ، كەلتۈرۈپ بەرگىن ،— دېدى يۇنۇس .

— نېمە دەۋاتىسەن ؟ ! ھېلىمۇ مەھەللىدىكى سەن بوزەك

ئەتمىگەن ئاشۇ ئاياللا قالدى . بولدى قىل ، بۇنىڭدىن كېيىن مېنىمۇ ئىزدىمە ، خوتۇنۇڭ نېمىشقا يارىمايدۇ ، ئايالىڭ ئۇچ بالا تۇغقان تۇرسا ،ــ دېدى زىۋىيدىخان .

ــ ئۆيدىكى بالىنىڭ ئانىسىنى دەمسەن ؟ مەن بىلەن خۇشۇڭ قالمىغان بولسا مەيلى ، كۆزۈڭگە كۆرسىتىپ ئوينىمىسام...

يۇنۇس زىۋىيدىخانىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ قالدى .

ئايزىمخان يىگىرمە بەش ياشلاردىن ھالقىغان خېلى كېلىشكەن ئايال بولۇپ ، يولدىشى رۇستەم بىلەن بىرقانچە يىلنى خېلى جاپادا ئۆتكۈزۈپ ئۇچ بالىلىق بولۇپ ، ھاللىق ئىگىلىك تىكلەپ كېلىۋاتقان دېھقان ئايال ئىدى . يولدىشى رۇستەم ئوتتۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ، يۇنۇستىن پاكارراق بولسىمۇ مىجەز ، چىراي جەھەتتە يۇنۇستىن قېلىشمايتتى . رۇستەم ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان بولۇپ ئايزىمخاننى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى ھەم ھۆرمەتلەيتتى .

بىرقانچە قېتىم ئايالى ئايزىمخاننىڭ يولدا يۇنۇس بىلەن تۇرغانلىقىنى كۆرگەن رۇستەم ئايالىغا ئىشەنگەچكە بىرنەرسە دېمىگەن بولسىمۇ ، گۇمانلىنىپ يۇرۇشكە باشلىغانىدى .

سىم - سىم يامغۇر ئەمدىلا توختىغان چاغ ، يۇنۇس ھەر كۈندىكى ئادىتىگە ئوخشاش ھاراق ئىچىش ئۇچۇن ھاراق دۇكىنىغا باردى . دۇكاندا بىرقانچە تونۇشلىرى پۇل تىكىپ قىمار ئويناۋاتاتتى . بۇ ھاراق دۇكىنىنىڭ كۆپىنچە ۋاقىتلىرىدا ئادىتى شۇنداق ئىدى ، يانچۇقۇڭدا ئىككى يۈەن پۇل بولسىلا ھاراق ئىچكىلى بولاتتى .

يۇنۇسنىڭ ئامىتى خېلى كەلدى ، خېلى كۆپ ھاراق ئىچكەندىن كېيىن ھاراق خوجايىنىنىڭ ياندىكى ئۆيىگە چىقتى .

ــ سەن ماڭا ئالتۇن ئۇزۇك ئېلىپ بېرىمەن دەپ بىرقانچە

قېتىم ئالدىدىكى، بىلەزۈك ئەكەلمىگەن بولساڭ چىقىپ كەت...
هاراق دۇكىنى خوجايىنىنىڭ سىمىز ئايالى يۇنۇسنى بۇگۇن قارشى ئالمىدى. يۇنۇس چىقىپ كەتتى. يۇنۇس دەلدەڭشىگىنىچە توپىلىق يولنى خېلى ماڭغاندىن كېيىن تەستە زىۋىيدىخاننىڭ ئۆيىگە كەلدى.
— ئۆيدە باللىرىم بار، تېز كېتىڭ، چاتاق چىقىپ قالىدۇ.
زىۋىيدىخان شۇ گەپنى قىلىپلا ئىشىكنى ئېتىپ كىرىپ كەتتى.
— ئانا! كىمكەن ئىشىك چەككەن؟ — هويلىدا زىۋىيدىخاننىڭ ئوغلى سورىدى.
— هە، بىرى ئېزىپ قېلىپ يول سوراپ ئىشىك قېقىپتۇ، يولۇچى ئىكەن...
يۇنۇس كەينىگە ياندى.
— هەي كاساپەت، بۇگۇن ئېرى يوق ئىدى ئەمەسمۇ، كاساپەتنىڭ باللىرى بار ئىكەنغۇ، مېنى يولۇچى دەيدۇ تېخى. شۇنداق مەن يولۇچى، ياق، يولۇچى ئەمەس، قونۇچى، سېنىڭ ئۆيۈڭگە قونغىلى كەلدىم...
يۇنۇس يولدا بىرقانچە ئورۇندا قۇسۇۋەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى گۇپۇلدەشكە باشلىدى. چۈنكى، ئۇ ئايىمخاننىڭ ئۆيى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئەسەبىي كۆڭۈلنىڭ شېرىن ئەسلىمىلىرىگە بەند بولغان يۇنۇسنىڭ كۆز ئالدىدىن ئايىمخاننىڭ سىيماسى ئۆتۈشكە باشلىدى.
يۇنۇس ئايىمخاننىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ توختىدى.
رۇستەم ئوماق ئۈچ باللىنى ئارىغا ئېلىپ ئايالى ئايىمخان بىلەن ئوخلاپ قالغىلى خېلى ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. كېچە سائەت ئىككىلەردىن كېيىن ئىشىكنىڭ چېكىلىشى رۇستەم بىلەن

ئايزىمخاننى ئويغىتىۋەتتى .

— بۇنداق ۋاقىتتا ئىشىك چەككەن كىمدۇ ، مەن تىجارەت قىلغان ۋاقىتىمدىمۇ شۇنداق ئىشىك چېكىلىدىغان ئوخشىمامدۇ ؟ چاندۇرماي سورىغىن ، سېنى سىنايمەن ؟ — دېدى رۇستەم .

— كىم ؟

ئايزىمخاننىڭ ياڭراق ئاۋازىنى ئاڭلىغان يۇنۇسنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى .

— مەن ، ئىشىق ئوتىدا ، ئۇخلىيالماي سىلاڭ بولاي دېدىم ، — دېدى يۇنۇس تەقەززالىق بىلەن .

— كىم سىز ؟ — دېدى ئايزىمخان .

— مەن دېگەن يۇنۇس ، سىزنىڭ ئوتىڭىزدا كۆيۈۋاتقان شام ، جامالىڭىزنى بىر كۆرسىتىڭ ، — دېدى يۇنۇس .

— مەن دېگەن ئېرى ، باللىرى بار ئايال ، سىز دەرھال كېتىڭ ، سەت تۇرىدۇ . — ئايزىمخان شۇ گەپنى قىلدىيۇ ، قورقتى .

— مېنى بۇنداق ھەيدىمەڭ ، بىلىمەن رۇستەم تىجارەت بىلەن ئالدىراش ، سىزگە كۆيۈنەلمەيدۇ ، رۇستەم بەرمىگەننى مەن بېرىمەن ، سىزنى جاپادا قويمايمەن ، ئەگەر بۈگۈن ئىشىكنى ئاچمىسىڭىز ، مەن سىزگە قارا سۇۋايمەن - دە ، رۇستەمنىڭ ئالدىدا قارا يۈز قىلىمەن .

رۇستەمنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇردى . ئايالىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن رۇستەم ئاستا ئورنىدىن تۇردى - دە ، ئىشىكنى ئاچتى .

— بۇ ئىشىڭىز بولدى ، جېنىم ، كېلىڭا بىر سۆيۈۋالاي...

يۇنۇس ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەن كىرىپلا رۇستەمنى قۇچاقلىۋالدى . رۇستەم چىراغنى ياندۇردى . يۇنۇس رۇستەمنى كۆرۈپ ئوڭدا چۈشتى .

— مېنىڭ ئۆيۈمگە كېچىدە نېمىشقا كىردىڭ؟

— مەن ئېزىپتىمەن...

رۇستەم يەردە تۇرغان نوغۇچنى قولىغا ئالدى ـ دە، قېچىشقا تەمشىلىۋاتقان يۇنۇسنىڭ كاللىسىغا بىرنى سالدى، يۇنۇس يىقىلدى، ئۇنىڭ بېشى يېرىلغان بولۇپ، يەرگە ئاققان قانلارنى كۆرگەن ئايزىمخان چىرقىراپ كەتتى.

— مېنى كەچۈر رۇستەم، مېنى چىقىرىۋەت، بۇ سەتچىلىكنى باشقىلار بىلمىسۇن، — دېدى يۇنۇس يالۋۇرۇپ.

— بۇنىڭدىن كېيىن مەھەللىدىكى قىز ـ ئاياللارنى بوزەك قىلغىنىڭنى ئاڭلىسام سېنى بوش قويمايمەن، يوقىلە، ئىككىنچىلەپ مېنىڭ بوسۇغامدىن ئاتلىما...

رۇستەم يۇنۇسنى ئىتتىرىپ يولغا چىقىرىۋەتتى ـ دە، ئۆيگە كىرىپ ئايزىمخان بىلەن ئۇخلاپ قالدى. يۇنۇس يولغا چىقىپلا دۈم چۈشتى ـ دە، يول ياقىسىدا يېتىپ قالدى.

تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغان چاغ، ئالدىراپ مەسچىتكە ماڭغان مەزىن تۇيۇقسىز يۇنۇسقا پۇتلىشىپ كەتتى. ئۇ چىرىغنى ياندۇرۇپ قورقۇپ كەتتى. يۇنۇسنىڭ بېشىنىڭ ھەممىسى قان ئىدى.

— ھەي سىز كىم... نېمە بولدى...

— مەن يۇنۇس، سىزنىڭ قوشنىڭىز...

مۇشۇ سۆزلەر يۇنۇسنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى بولۇپ قالدى. يۇنۇس جان ئۈزدى.

ئۆلگىنى ئۆلدى، رۇستەممۇ تۈرمىگە يول ئالدى. بىراق، ئۆلگۈچى يۇنۇسنىڭ ئۈچ بالىسى، رۇستەمنىڭ ئۈچ بالىسى يىغلاشماقتا ئىدى.

# مەھبۇس بولغان قىزلار

خالىق ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمىگەندىن كېيىن ، ئاتا - ئانىسى قايتا ئىمتىھان بېرىپ بېقىش تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ ، قەتئىي ئۇنىمىدى . چۈنكى ، ئۇ قايتا ئىمتىھان بەرسە ئۆتەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىدى . ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بىچارە ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم دەپ ھېسابلاپ ، نېمە ئىش قىلىش ئۈستىدە كۆپ ئويلاندى . ئاخىر ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ، ناھىيە بازىرىنىڭ دوقمۇشىدىكى بىر ئورۇندا قاسساپلىق قىلىشقا باشلىدى .

خالىق قاسساپلىق قىلغان بىرقانچە ئايدىن بېرى ئىلگىرىكى ۋاقىتتىكى مىجەز - خۇلقى ئۆزگىرىپ خۇشخۇي ، ئوچۇق كۆڭۈل يىگىتكە ئايلانغانىدى . گۆش سېتىش داۋامىدا ئازراق پايدا - زىيان ئۈستىدە زىغىرلاپ ئولتۇرمايتتى . خالىقنىڭ قولىغا پۇل كىردى ، ئىلگىرى قاسساپلىق دۇكىنىدىن كەتمەي ئولتۇرۇپ گۆش ساتىدىغان بۇ يىگىت ئەمدىلىكتە دۇكىنىدا شاگىرت بالىلىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئويۇن - تاماشا ، رەڭلىك سورۇنلارغا دائىم بارىدىغان بولۇپ قالدى . «ھەي ، جاھان دېگەن ئاجايىپ ئىكەن ، بۇرۇنراق ئوقۇشتىن توختاپ قاسساپلىق قىلغان بولسام - ھە ، پۇل بولسا ، تاماشا بار ئىكەنغۇ» دەپ ئويلىدى خالىق . شۇنىڭ بىلەن ئۇ دۇكىنىغا گۆش ئالغىلى كەلگەن ھەر بىر قىز - چوكانغا نەزەر سېلىشقا باشلىدى .

— ھەي ، خالىقمۇسەن ، قاچاندىن باشلاپ قاسساپ بولۇپ قالدىڭ ؟ — خالىق ئالدىدا تۇرغان بۇ چىرايلىق قىزنى تونۇيالمىدى .

— ھەي ، مەكتەپ پۈتتۈرگىلى ئىككى يىل بولمايلا مېنى ئۇنتۇپ كەتتىڭمۇ ، مەن ھۆرقىز ئەمەسمۇ ؟

خالىق پېشانىسىگە بىرنى قويدى .

— سەن ھۆرقىزمۇ ؟ نېمانچە چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭ ، بىرەر خوجايىن بىلەن توي قىلدىڭمۇ ياكى بىرەر شىركەتكە دىرېكتور بولدۇڭمۇ ، سېنى كۆرۈپ كۆزۈمدىن ئوت چىقىپ كەتتى…

— بەك چاقچاقچى بولۇپ كېتىپسەنغۇ… بىكارچىلىق ، يېقىندا بىر شىركەتتە ئىشلىگەن ، ئىشتىن قالدىم دېگىنە ، ھازىر ئىش ئىزدەپ يۈرىمەن ، — دېدى ھۆرقىز .

بۇ قىز خالىقنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ئىدى . ھەر ئىككىسىنىڭ تەلىيى كاج چىققاچقىمىكىن ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەنىدى ، ھۆرقىز بىر يېپەك توقۇمىچىلىق شىركىتىگە ئىشقا چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئىشتىن بوشىتىلغانىدى . يېقىندا ئاتا - ئانىسى ھۆرقىزنى سەھرادىكى بىر باي كىشىگە ئۆيلەپ قويماقچى بولغانىدى . بۈگۈن خالىقنى كۆرۈپ ھۆرقىز ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى .

— گۆش سېتىۋالغىلى كەلگەنمۇ ؟ — دېدى خالىق .

— ھەئە ، ئىككى جىڭ گۆش تارتىپ بەرگىن ، — دېدى ھۆرقىز يىگىرمە سوم پۇلنى خالىققا سۇنۇپ .

— قويە پۇلۇڭنى ، سەن بايۋەچچە خېنىم بولمىساڭ ، بىز ساۋاقداش تۇرساق ، ئالە ماۋۇ بىر پۇت گۆشنى ، ئېلىپ كەت . ئايرىلمىساڭ مەن ئايرىپ بېرەي…

ھۆرقىز كۈلدى ، ئىشلار شۇنىڭدىن باشلاندى . ھاياجانغا تولغان

بىر جۈپ يۈرەك بارا ـ بارا بىر ـ بىرىگە يېقىنلىشىشقا باشلىدى .
هۆرقىز گۆش سېتىۋېلىش ئۈچۈن كوچا دوقمۇشىغا چىقمىسىمۇ ، كۈندىلىك يېڭى گۆش ئۆي ئالدىغا خالىقنىڭ قولى بىلەن كېلىشكە باشلىدى .

ئاينىڭ بالىسى دەيمۇ ؟
كۈننىڭ بالىسى دەيمۇ ؟
يۈرىكىمنىڭ قەلبىمنىڭ
پارىسى دەيمۇ ؟

هۆرقىزنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ ، ئەمدىلا يانغان خالىقنىڭ دىققىتىنى كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ناخشا ئېيتىپ مېڭىۋاتقان قىزنىڭ ئاۋازى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى . «نېمىدېگەن مۇڭلۇق ناخشا ، نېمىدېگەن يېقىملىق ئاۋاز» خالىق ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلايتتى . قىزنىڭ كەينىدىن ناخشىنى تىڭشاپ مېڭىۋاتقان خالىق يول بويىدىكى تاشقا پۈتلىشىپ يىقىلدى .
ــ ئادەم بارمۇ ؟ هەي خېنىم ، توختاڭ ،ــ خالىق ۋارقىرىدى .
ناخشا ئېيتىپ مېڭىۋاتقان قىز خالىقنى تونۇيتتى ، بىراق خالىق قىزنى تونۇمايتتى ، قىز خالىقنىڭ ئالدىغا گەرچە قانچە قېتىملاپ گۆش سېتىۋالغىلى بارغان بولسىمۇ ، بۇ كۆزلەر ئەسلا ئۇچرىشىپ باقمىغانىدى .
قىزنىڭ دادىسى مەسچىتنىڭ مەزىنى بولغاچقا ، يۈزى يۆگەلگەن روپاش ئىدى . يۈزى يۆگەلگەن قىزلاردىمۇ مۇھەببەت بولىدۇ ـ دە .
مۇھەببەتنىڭ هەرىكىتى سىرلىق بولۇپ ، ئۇنى بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ . ئۇ روپاش خېنىمنىڭ ئىسمى گۈلقىز ئىدى .
گۈلقىز كىچىكىدىن باشلاپ ئوقۇمىغان بولسىمۇ ، دادىسىنىڭ

تەربىيىسىدە ياخشى تەربىيىلەنگەن بولۇپ ، ئاتا - ئانىسىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايتتى . گۈلقىزنىڭ گەرچە ئوقۇغۇسى بولسىمۇ ، لېكىن ئوقۇش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى . گۈلقىز تىككۈچىلىك ھۈنىرىگە تايىنىپ ئاتا - ئانىسىنى رازى قىلغانىدى . ئەمدىلا توي قىلىش يېشىغا يەتكەن بۇ قىزنىڭ يۈرىكىنى گۈش سېتىۋېلىش ئۈچۈن بارغاندا خالىق ئوغرىلىۋالغانىدى . گۈلقىز قارا چۈمپەردە ئىچىدە خالىققا تەلمۈرەتتى .

ئالدىنقى كۈنى ، گۈلقىزنىڭ ئۆيىگە ساقاللىق بىر قارىم ئەلچى بولۇپ كىرگەن بولۇپ ، گۈلقىز دېرىزە يوچۇقىدىن قاراپلا ئۇنى ياقتۇرمىدى . قانداق قىلىش كېرەك ؟ بىچارە قىز يا يۈزىنى ئاچالماي ، يا ئۆزى گەپ قىلالماي ئاخىر خالىقنىڭ كەينىگە چۈشۈپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈش قارارىغا كەلگەنىدى .

— ھوي ، نېمە بولۇپ يىقىلىپ چۈشتىڭىز ؟ — گۈلقىز كەينىگەياندى - دە ، ياغلىقىنى قەستەنگە ئېچىۋەتتى .

يول بويىدىكى چىراغنىڭ غۇۋا نۇرىدا خالىق داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى . چۈنكى ، خالىقنىڭ ئالدىدا ئاسماندىكى ئايدەك چىرايلىق بىر پەرىزات تۇرغاندەك بىلىندى .

— سىز ؟ ... — خالىق شۇ گەپنى قىلىپ قىزغا قاراپلا قالدى .

گۈلقىز پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي ، ياغلىقنى يېپىۋالدى .

— كەچۈرۈڭ ، مەن كەتمىسەم بولمايدۇ ، — گۈلقىز ئالدىراپ كىچىك كوچا ئېغىزىغا ماڭدى .

— ئەتە بىلىپ قالىسىز ، مەن گۈش ئالغىلى دائىم بارىمەن ...

خالىق خىياللار ئىلكىدە ئۇخلىيالمىدى ، ئەجەب ئىش ، بۇ قىز كىمدۇ ؟ «ھە راست ، ئەسلىدە ھەر كۈنى ھەر خىل كىيىملەرنى كىيىپ يۈزىنى يۆگەپ كېلىدىغان قىز شۇكەن - دە ... »

مۇھەببەتتە بۇنداق ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىشى دەرۋەقە

خالىقنى خېلى ئويلاندۇرۇپ قويدى. بىرى چاچلىرى قويۇۋېتىلگەن مودا قىز، يەنە بىرى ئاخشام ئۇچراتقان نىقابلىق قىز...

تاڭ ئاتتى، خالىقنىڭ تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن مىنۇتلىرى كەلدى. روپاش قىز خالىقنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى.

خالىق ياغلىق ئۈستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزگە قاراپ سەل خىجىل بولدىيۇ، دەرھاللا گەپ تاشلىدى.

— ئۆزلىرى، كىمنىڭ چاھار بېغىدىكى قىزلىگۈلكىن؟

— سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە ئانچە يىراق ئەمەس، ئاخشام سىز يۈتلىشىپ كەتكەن كىچىك كوچىدىكى مەمەت مەزىنئاخۇنۇمنىڭ قىزى بولىمەن. ئىسمىم گۈلقىز، دائىم سىزنىڭ گۆشلىرىڭىزنى يەپ كېلىۋاتىمىز، باشقا گۆشلەر تېتىمايدۇ...— دېدى گۈلقىز جۈرئەتلىك ھالدا.

— ۋۇي، شۇنداقمۇ؟...

ئىشلار داۋام ئەتتى، خالىق بارا - بارا ھەر كۈنى گۈلقىز بىلەن كۆرۈشمىسە ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. تۇساتتىن قوزغالغان ھېسسىيات خالىقنىڭ كۆزىنى ئېزىقتۇرۇشقا باشلىدى.

ھۆرقىز خالىقتەك سىرداش تاپقانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، خالىققا ساداقەتلىك بىلەن ئەگىشىش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

گۈلقىزمۇ نىقابلىق ياغلىق ئارىسىدا تۇرۇپ، مۇھەببەت گۈلزارلىقىغا قەدەم قويۇپ، خالىقنىڭ ئۆزىنى يارىتىپ مۇھەببەتلىك بېقىشلىرىغا ئەسىر بولۇپ قالغانىدى. بىراق، خالىقنىڭ ھەر ئىككى گۈلنى قولدىن بېرىشكە كۆزى قىيمايتتى. بىرى زامانىۋى، بىر قەدىمىي تۇسكە ئىگە بۇ خۇش پۇراق گۈللەرنىڭ ھىدى خالىقنى مەست قىلماقتا ئىدى.

ئاشكارىلانمايدىغان سىر يوق دېگەندەك، ئەخلاقنىڭ مۇقەددەس زېمىنىدىن ئايرىلىپ كېتىۋاتقان خالىقنى كېچىلىرى سۇر بېسىشقا

باشلىدى .

خالىق ئەمدىلا دۆكاندىكى كانارلارغا ئۈچ تۇياق قوينىڭ گۆشىنى ئېسىپ تۇرۇشىغا ھۆرقىز پەيدا بولدى .

— خالىق مېنى ئالداۋېتىپسەن ، مەن ئۆيۈمدىكىلەرگە سەن بىلەن مۇشۇ يېقىندا توي قىلىدىغانلىقىمنى دەپ بولغان تۇرسام ، سەن بىر روپاش ئايال بىلەن كېچىلىرى بىرگە يۈرۈپسەن ، راستمۇ ؟...

ھۆرقىزنىڭ پەيلى ياماندەك كۆرۈنەتتى .

— كىم دەيدۇ بۇ گەپنى ، مەن تېخى بىر قارارغا كەلمىگەن تۇرسام ؟— دېيەلىدى خالىق .

— ئەسلىدە ئىشنى گۈلقىز دېگەن شۇ پاسكىنا بۇزغانكەن - دە خەپ !—ھۆرقىز ئۆرۈلۈپلا ماڭدى ۋە يىراقتىكى لەگلەكچى ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ ئورۇندۇقنىڭ يان تەرىپىدە يوشۇرۇنۇپ ئولتۇردى .

دەل شۇ چاغدا گۈلقىز خالىقنىڭ يېنىغا پەيدا بولدى . بۇنى كۆرگەن ھۆرقىز قولىغا بىر دانە ساقال تىغى ئېلىۋالغان بولۇپ ، بىردەمدە خالىقنىڭ يېنىغا پەيدا بولدى - دە ، ۋارقىراشقا باشلىدى .

— مۇشۇكەن - دە ، ھۇ رەسۋا ، ئاچە ياغلىقىڭنى مەندىنمۇ چىرايلىق بولساڭ مەيلى دەيمەن ، ئەگەر مەندىن سەت بولساڭ يۈزۈمنى تىلىپ بېرىپ بولدى قىلىمەن . بۇ چىرايىمنىڭ ماڭا نېمە لازىمى بولسۇن...

گۈلقىز ئالدىدا نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى بىلەلمىدى - دە ، كەينىگە داجىپ كېتىشكە تەمشەلدى ، ھۆرقىز كاپلا قىلىپ گۈلقىزنىڭ ياغلىقىنى تارتتى ، گۈلقىزنىڭ ئايدەك چىرايىنى كۆرگەن ھۆرقىز نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قولىدىكى تىغ بىلەن گۈلقىزنىڭ چىرايىنى سىزىشقا باشلىدى . گۈلقىز يىقىلدى . ھۆرقىز

خالىق تۇتۇپ بولغۇچە گۈلقىزنىڭ چىرايىغا تىغ بىلەن زەخىملەندۈردى. خالىق ئاران دېگەندە ھۆرقىزنى تۇتۇۋالدى.

گۈلقىز چىرايى قان ھالەتتە بۇ سەتچىلىكتىن خىجىل بولغان ھالدا يۈگۈرۈپ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ ئالدىغا ئون ياشلىق كىچىك ئۇكىسى ئۇچرىدى.

— ئاچا، توختا، نەگە بارىسەن؟!— دېدى ئۇكىسى.

گۈلقىز ئاران «دوختۇرخانىغا» دېيەلىدى - دە، يۈزىنى تۇتۇۋالدى.

— سەن ئۇ ئايالدىن قېلىشامسەن، يۈرە ئۇنىڭمۇ يۈزىنى تىلىۋېتىمىز، يۈرمەمسەن؟

كىچىك ئۇكىسى باياتىنقى ئىش يۈز بەرگەندە بار بولۇپ، ئۆيىدىكىلەرنى چاقىرغىلى بېرىپ، ئادەم بولمىغاچقا، قولىغا تىغ ئېلىپ كەلگەنىدى، كىچىك ئوغۇل بالا كىشىلەر توپى ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ھۆرقىزنىڭ پاچىقىغا ئېسىلدى - دە، پۇتىنى چىشلىگىنىچە ئۇگدىسىغا يىقىتتى. گۈلقىز قانغا مىلەنگەن قوللىرىنىڭ تىترىگىنىگە قارىماي ھۆرقىزنىڭ يۈزىگە يۇمىلاق شەكىللىك خەرىتىلىك ئەن سېلىپ زەخىملەندۈردى. خالىق غىپلا قىلىپ تىكىۋەتكەنىدى.

ھۆرقىز بىلەن گۈلقىزنىڭ قانلىق ئېلىشىشى بىردەمدىلا ناھىيە مەركىزىدىن سەھرالارغىچە پۇر كەتتى. ھەر ئىككىسى دوختۇرخانىغا يۆتكەلدى. ھەر ئىككىسىنىڭ يۈزلىرىدىكى تىغ بىلەن كېسىلگەن ئورۇنلار تىكىلدى. بىراق. چىرايىدىكى تاتۇقلار خۇددى تامغا باسقاندەكلا مانا مەن دەپ تۇراتتى. ھەر ئىككى قىز دوختۇرخانىدىن چىقتى، بىراق ئاتا - ئانىلار دەۋاغا چۈشتى.

ج خ ئىدارىسى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى، ھۆرقىز بىلەن گۈلقىز ھەم زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، ھەم گۇماندارغا ئايلاندى،

ج خ ئىدارىسى گۈلقىز بىلەن ھۆرقىزنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغۇچە كېپىلگە بېرىپ دېلونى تەپتىش مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى .

سوت ئېچىلدى ، بىراق سوت مەيدانىدا خالىق گۇۋاھلىق بېرىشكە كەلمىدى . ئىككى ئائىلە كىشىلىرىنىڭ سوت مەيدانىدا كېلىشەلمەي جېدەل قىلىشى ھەمدە ھەر ئىككىسىنىڭ زەخىملىنىش دەرىجىسىنىڭ ئېغىر زەخمە بولۇپ چىقىشى بىلەن ئاخىرقى ھۆكۈم كېچىكتى . سودىيەنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمنى جاكارلىشى گۈلقىز بىلەن ھۆرقىزنى چۆچۈتۈپ قويدى .

— جاۋابكار ھۆرقىزغا ئېغىر زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىلسۇن !

— جاۋابكار گۈلقىز ئېغىر زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۈچ يىل ئالتە ئايلىق قاماق جازاسى بېرىلسۇن !

گۈلقىز بىلەن ھۆرقىز مەھبۇسلۇق ھاياتىنى باشلىدى .

ئۇلار گەرچە ھۆكۈمگە قايىل بولماي ، نارازىلىق ئەرزى قىلغان بولسىمۇ ، ئەسلىي ھۆكۈم كۈچكە ئىگە قىلىنغانىدى .

ھۆرقىز بىلەن گۈلقىز تۈرمە سىرتىدا گەرچە ئەشەددىي رەقىبلەردىن بولسىمۇ ، لېكىن تۈرمىدە بىر مەزگىلدىن كېيىن كامىرداش بولۇپ قالدى .

— ئاداش ، كەچۈرگىن نېمانچە ياخشى كۆرۈپ قالاتتىمكىن ئۇ قاسساپنى ، مەن بەك ئاشۇرۇۋەتتىم ،— دېدى ھۆرقىز .

— سەندىلا ئەمەس ، مەندىمۇ بار ، مەنمۇ خالىقنى قاتتىق ياخشى كۆرەتتىم ، سەن مېنى زەخىملەندۈرگەندىن كېيىن مەنمۇ بولدى قىلىپ قانۇن ئارقىلىق ھەل قىلماي ، سېنىمۇ نابۇت قىلدىم ، مېنىمۇ كەچۈرگىن...

قىزلار ھۆڭرەپ يىغلىشىپ كەتتى .

— ھەي ، ھازىرمۇ ياخشى كۆرەمسەن؟— سورىدى گۇلقىز .
— قويە ، ئۇنداق قاسساپنى ، نىمە بالاغا قويىمىدى ئۇ بىزنى ، مەن ئۇنى ھەرگىز ياخشى كۆرمەيمەن ، — ھۆرقىز شۇنداق دىدىيۇ ئەمما گۇلقىزنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر خالىقنىڭ گۆش پۇرايدىغان ھىدى قالغاندەك بىر خىل سىزىمدا ئۇخلاپ قالدى .
تۇرمىدە ئايال مەھبۇسلار ئارىسىدا نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ ئۆتتى ، ھۆرقىز بىلەن گۇلقىز بىر - بىرىنى قوغدىدى . ئۇچ يىللىق تۇرمە ھاياتى بۇ مەھبۇس قىزلاردىن بىر تۇغقان ئاچا - سىڭىلغا ئايلاندۇرۇپ قويغاندەك قىلاتتى . ھەش - پەش دىگۇچە ئۇچ يىللىق مەھبۇسلۇق ھاياتى ئاخىرلاشتى ، ھۆرقىز تۇرمىدىن چىقىش ئالدىدا تۇراتتى .
— گۇلقىز ، مەن ئەتە چىقىپ كىتىمەن ، ئالتە ئايدىن كىيىن سىنى ئالغىلى كىلىمەن ، ئۇنىڭغىچە يوقلاپ كىلىشىممۇ مۇمكىن ، نىمە تاپشۇرۇقۇڭ باركىن؟ — دىدى ھۆرقىز .
— باشقا تاپشۇرۇقمۇ يوق ، خالىقتىن ھىچ ئۇچۇر يوق ، ئىزدەپ قوي ، ئەھۋالنى بىلگەندە ماڭا دەپ بىرەرسەن ،— دىدى گۇلقىز .
— قويە ، ئۇنداق پەسنىڭ گىپىنى...
ھۆرقىز ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن كۆزى قىيمىغان ھالدا چىقىپ كەتتى .
ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتكەندە ھۆرقىز نۇرغۇن نەرسە - كىرەكلەرنى ئىلىپ گۇلقىزنى يوقلاپ تۇرمىگە كەلدى . تۇرمە رىشاتكىسى ئارىسىدىن ھۆرقىزنى كۆرگەن گۇلقىز ئۇنى تونۇيالماي قالدى .
— چىرايىڭدىكى مەن سىزىپ قويغان يۇملاق خەرىتىلەر قىنى ، يوقاپ كىتىپتۇغۇ؟— دىدى گۇلقىز .

— هازىر زاماننىڭ تەرەققىياتىنى بىلەمسەن ، مەن تۇرمىدىن چىقىپ مەركىزىي شەھەرگە بېرىپ ، بىر ئۇستا مۇتەخەسسىسكە كۆرۈنۈپ ، ھۆسىن تۈزەتتىم ، ئاداش ، مېنى مۇبارەكلەرسەن ، سىزغان خەرىتە ئۆچۈرۈۋېتىلدى . مەن ھازىر بىر شىركەتتە ئىشلەۋاتىمەن ، سەنمۇ تۈرمىدىن چىققاندا يۈزۈڭدىكى مەن سىزغان قوشۇش بەلگىسىنى ئۆچۈرۈۋېتىمەن ، ئاداش ،— دېدى ھۆرقىز كۈلۈپ .

— جىق پۇل كېتەر ھەرقاچان ؟— دېدى گۈلقىز .

— خاتىرجەم بول ، ئۆيۈڭدىكىلەر پۇل جۇغلاپ قويۇپتۇ ، مەنمۇ ياردەم قىلىمەن دېگىنە .

گۈلقىز خۇشاللىقتىن كۆزىگە ياش ئالدى ، ھۆرقىزمۇ يىغلىدى .

— رەھمەت ساڭا ، مەن دېگەن ئىشنى بېجىردىڭمۇ ؟— دېدى گۈلقىز ئاستا پىچىرلاپ .

— ھەي ، قويە ئاداش ، مەن سۈرۈشتۈردۈم ، ئۆزىنىمۇ كۆردۈم .

گۈلقىز جىم بولۇپ قالدى .

— سېنىڭ خالىق بىلەن توي قىلغۇڭ بولسا مەيلى ، پەقەت ئەھۋالنى بىلىۋالاي دېگەن ئىدىم شۇ ،— دېدى گۈلقىز .

— ۋاي بىچارە بايقۇشۇم ، مېنى بىلمەيدۇ دېمە ، مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ ، قانداق قىلاي ، سېنى ئالغىلى كەلگەندە مەن ئېرىم بىلەن بىرگە كېلىمەن ، چىراي جەھەتتە قاسساپقا يەتمىسىمۇ خېلى سالاپەتلىك باي دېگىنە ،— دېدى ھۆرقىز .

گۈلقىزنىڭ چىرايى ئېچىلىپلا كەتتى .

— خالىقنى كۆردۈڭمۇ ؟

— كۆردۈم ، سەنمۇ ئۇنى تاشلا ئەمدى ، ھازىر ئۇ چېكىمدىكەن ،

كوچىدا ساراڭدەك ئولتۇرغىنىنى كۆردۇم ، بەزىدە تىلەمچىلىكمۇ قىلارمىش تېخى ، ــ دېدى ھۆرقىز چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ .

ــ ھە ــ ە راست ، سـ ـەن تـ ـۇرمىدىـ ـن چىقـقاندا نىقابىڭنى تارتىۋالامسەن ؟ــ دېدى ھۆرقىز .

ــ چۈمبىلىمنى ئىككىمىز خەرىتە سىزغان ۋاقتىمىزدا سەن ئېچىۋەتكەن ، ئەمدى تارتمايمەن ، بىراق چىرايىمدىكى بەلگەڭنى يوق قىلىپ بەرسەڭ ، ئاندىن ئوچۇق يۈرەرمەن ،ــ دېدى گۈلقىز .

ھـ ـۆرقـ ـىـ ـز كـ ـەتتى .گۈلقىزنى قاتتىق چىگىش خىياللار ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالدى .

خالـ ـىق ھۆرقىز بىلەن گۈلقىز مەھبۇس بولغاندىن كـ ـېيىن ، نـ ـۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەپرەت ، ھاقارەتـ ـلىرىگە ئۇچرىدى ، ئۆزىنى ئەيىبلەش ئىچىدە كـ ـۈننى ئۆتكـ ـۈزدى . ئۆمۈر بويى بىر خىل قەرز يۈكلىنىۋالغاندەك ۋىجدان ئازابىدا قىيـ ـنىلىشقا باشـ ـلىدى ـ دە ، قىز ـ ئاياللار بار كوچىلاردىنمۇ ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولۇۋالدى . بارا ـ بارا نەشە چېكىش ، ھاراق ئىچىشنى ئۆگىنىۋېلىپ ، بارلىق بىساتىدىن ئايرىلىپ قاق سەنەم بولۇپ ، كوچىدا سەرگەردان تۈرمۈش كـ ـەچۈرۈشكە باشلىدى . كىشىلەر خالىقنى كۆرسە «ساراڭ» دەپ ئەگىپ كېتەتتى . خالىق راست ساراڭمۇ ياكى نەشە ، ھاراق ئىچىپ شۇنداقمۇ ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى .

گـ ـۈلـ ـقـ ـىـ ـز تـ ـۈرمـ ـە روجـ ـىـ ـكـ ـىـ ـدىـ ـن قاراپ خىيالغا پېتىپ ئۇخلىيالمىدى .

ــ ھـ ـەي خـ ـەرىتە ، سەن ئۈچ يىلدىن بېرى شۇ قاسساپنى ئويلىدىڭ ، يا سېنى يوقلاپ كەلمىدى ، قانداقراق قاسساپتۇ ـ ئۇ ، شۇنداق قىلىشقا ئەرزىمدۇ ؟ــ دېدى ياشتا چوڭ ئايال مەھبۇس .

ــ سـ ـەن نـ ـېمىنى بىلەتتىڭ ، قېرى تۇرساڭ ، مۇھەببەتنى بىلەمسەن سەن ؟ــ دېدى ياش ئايال مەھبۇس .

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، ئېرىڭنىڭ ئاشنىسىنى زەخىملەندۈرگەن تۇرساڭ، — دېدى يەنە بىرى.

— ھەي توختاڭلار، مېنىڭچە گۈلقىز ئۇ قاسساپنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىكەن. مۇھەببەت دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟ تۇنجى سۆيگەن كىشىسى بولغاچقا ئۇچ يىلغىچە يوقلاپ قويمىسىمۇ يەنە سېغىنغىنى شۇنى ئىسپاتلايدۇ… — دېدى يەنە بىر ئايال مەھبۇس.

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، مۇھەببەت دەپ كېتىشلىرىنى بۇنىڭ، ھەي سەنچۇ زەھەرنى ئاشنا تۇتۇپ ئۆمرۈڭدە توي قىلماي، نەشە، خروئىن بىلەن ھەپىلەشكەن تۇرساڭ، — دېدى قېرى مەھبۇس.

— مەندىمۇ مۇھەببەت بار، خان ئاچاڭدىن مەسلىھەت سورىساڭ بولىدۇ…

تۇرمىداشلىرىنىڭ گەپلىرى گۈلقىزنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى…

گۈلقىزنىڭ ۋاقتى توشتى، ھۆرقىز تۇرمە ئالدىدا بىر پىكاپتا ئولتۇراتتى. ماشىنىدىن بىر ئەر ھۆرقىز بىلەن چۈشتى، گۈلقىز بۇ ئەرنىڭ خالىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، خالىق بولماي چىقتى.

— بۇ مېنىڭ يولدىشىم بولىدۇ، يېقىندا توي قىلدۇق، تويۇمغا قاتنىشالمىدىڭ، ماشىنىغا چىقىپ كېيىمىڭنى ئالماشتۇرۇۋال، — دېدى ھۆرقىز. ئۇنىڭ بوينىدا، قۇلاقلىرىدا، قوللىرىدا ئالتۇن جابدۇقلار پارقىراپ تۇراتتى. يېنىدىكى خام سېمىز ئەرگە ھۆرقىز پۇلنى دەپلا توي قىلغاندەك تۇراتتى. گۈلقىز بىر قۇر كۆڭلەكنى كىيىۋالدى ـ دە، ياغلىق بىلەن يۈزىنى يۆگىۋالدى.

— سەن نېمە دېگەن، يۈزۈڭنى ئاچمامسەن؟ — دېدى ھۆرقىز.

— ياق، مەن پەرەنجە ئېچىگە مەنسۇپ، يۈزۈمدىكى بەلگىنى

كۆرمىدىڭمۇ ؟ !ــ دېدى گۇلقىز . ماشىنا قوزغالدى .

ــ بىزنىڭ ناھىيىگە ئۇدۇل يول بىلەن ماڭمىدىڭىزغۇ ؟ ــ دېدى گۇلقىز ماشىنىنىڭ باشقا يولغا ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ .

ــ ئالدىرىما ، بىرەر ھەپتە كېچىكىپ بارساڭمۇ بولىدۇ ، ئاۋۋال يۇزۇڭدىكى بەلگىنى ئۆچۈرۈۋېتەيلى...

ئىككى ھەپتىدەك كارىۋاتتىن چۈشمەي ياتقان گۇلقىز چىرايىنىڭ باشقا چىرايغا ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشاللىقتا چۆمگەن بولسىمۇ ، لېكىن قانداقتۇر بىر ئازاب ئۇنىڭ قەلبىدە داۋالغۇيتتى .

ھۆرقىزمۇ گۇلقىزنى كۆرۈپ دەسلەپتە تونۇيالمىدى ، بۇ ساھىبجامال قىزنىڭ چىرايىنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىپ باشقىچە سىياقتا كىرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ گۇلقىز بويىنىدىن قۇچاقلىدى .

ــ ئەجەب چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن ، ئېڭىكىڭدىكى خالىڭدىن ۋە ئىلۋازىڭدىن تونۇمىسا تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىپسەن ،ــ دېدى ھۆرقىز .

گۇلقىز ئاخىر ئۆز ناھىيىسىگە كەلدى . بۇ تونۇش ماكان تونۇش كىشىلەر گۇلقىزغا ناتونۇش كۆزلەر بىلەن باققاندەك قىلاتتى ، ھەتتا ئاتا - ئانىسىمۇ گۇلقىزنى تونۇيالماي قالدى . گۇلقىز تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن دادىسى ۋە ئانىسى گۇلقىزنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ يىغلىشىپ كەتتى .

ــ قىزىم ، ھەر ئىشتا سېنىڭ ئىختىيارىڭغا قويىمىز ،ــ دېدى دادىسى .

ــ دادا ، مەن مەركىزىي شەھەردە گۇلقىز بىلەن بىر شىركەتتە ئىشلەيدىغان بولۇپ قالدىم ، شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن بىرەر يىلدا بىر كېلەرمەن . گۇلقىز باشقىچە مىجەز ، باشقىچە چىرايغا ئىگە بىر قىزغا ئايلىنىپ قالغانىدى .

بۇگۈن ھاۋا شۇنچە سالقىن بولۇپ ، گۈلقىز بىلەن ھۆرقىز بازار ئارىلىدى ، گۈلقىزنىڭ كۆزى ھەر دوقمۇشتا بىر كىشىنى ئىزدىگەندەك قىلاتتى ، ھۆرقىز ئالدىدا تۇرغان خالىقنى كۆردى ۋە ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراۋاتقان خالىققا قەھرى بىلەن بىر ئالايدى ـ دە «تۇفى» دەپ بىرنى تۈكۈردى .

گۈلقىزنىڭ كۆزلىرى خالىق بىلەن ئۇچراشتى ، خالىقنىڭ كىيىملىرى مەينەت بولۇپ ، بېشىغا شەپكە كىيىۋالغانىدى . ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى سالاپىتى يوق ئىدى . كۆزىدىن بىر خىل خامۇشلۇق چىقىپ تۇراتتى . گۈلقىز خالىقتىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى .

خالىق بىر قاچا دوغاپنى ئىچىپ كۆزىنى ھۆرقىزدىن ئەپقېچىپ ، قول تىقىپ ، چىنە ئىچىدىن بىر پارچە مۇزنى ئېلىپ غاجىلاشقا باشلىدى . مۇز پارچىسى گېلىغا تۇرۇپ قالدىمۇ ـ قانداق ، ئۇنى تاشلاپ شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ ، شەپكە ئىچىدىن يۆگەلگەن تاماكىنى ئېلىپ ، تۇتاشتۇرۇپ چېكىپ ماڭدى .

گۈلقىز خالىقنىڭ ئۆزىنى تونۇمىغانلىقىنى كۆرۈپ قانداق قىلىشنى بىلەلمىدى ـ دە ، بىر قەغەزگە ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل قىلىپ خەت يازدى ـ دە ، سومكىسىدىن بىر ئۈزۈكنى ئېلىپ ئورىدى . ئەسلىدە بۇ ئۈزۈكنى خالىق تۆت يىل ئىلگىرى گۈلقىزغا سوۋغا قىلغانىدى .

ــ ئۇكام ئاۋۇ ماڭغان ئاكاڭغا بۇ خەتنى بېرىپ قويغىن . كىم بەردى ، دېسە ، مېنى كۆرسىتىپ قوي ،ــ دېدى گۈلقىز بىر بالىغا بەش سوم پۇل بېرىپ .

بالا يۈگۈرۈپ خالىقنىڭ يېنىغا بېرىپ ، گۈلقىزنىڭ سوۋغىسىنى بەردى . خالىق قەغەز بولاقنى ئاچتى ، ئىچىدە ئانىسىدىن قالغان چوڭ ئالتۇن ئۈزۈك تۇراتتى . خەتكە :

ئاينىڭ بالىسى دەيمۇ ؟
كۇنىنىڭ بالىسى دەيمۇ ؟
يۇرىكىمنىڭ ، قەلبىمنىڭ ،
پارىسى دەيمۇ ؟

دېگەن مىسرالار يېزىلغانىدى . شۇئان خالىقنىڭ يۇرىكى دۇپۇلدەپ سوقۇشقا باشلىدى ـ دە ، بېشىنى بۇراپ كەينىگە قارىدى . ناتونۇش چىرايلىق بىر قىز خالىققا قاراپ تۇراتتى . خالىق ئوتلۇق كۆزلەردىن گۇلقىزنى تونۇدى .

گۇلقىزنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىغانىدى ، بۇ ئارىدا هۆرقىزنىڭ مېڭىشقا ئالدىرىتىپ بەرگەن ماشىنا سىگنالى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۇزۇۋەتتى . گۇلقىز كەينىگە ئۆرۈلدى ـ دە ، هۆرقىزنىڭ ماشىنىسىغا چىقتى .

— گۇلقىز…

خالىق ماشىنىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرمەكتە ئىدى…

# تۇرمىدىكى ھېكايە

مەمەت تەگسىز خىياللار ئىلكىدە بېشىنى قاماللىغىنىچە ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ پاجىئەدىن، ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ، ئۆز - ئۆزىنى قاتتىق ئەيىبلەپ كەتتى.

— مەن نېمە قىلىپ قويدۇم، بۇنداق بولار دەپ ئويلىمىغانىدىم، مەن ئەمدى تۈگەشتىم، نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟ !...

مەمەتنىڭ بىلىكىدىن قان ئېقىۋاتاتتى، رازىيە ياغلىقى بىلەن مەمەتنىڭ بىلىكىنى چىگدى - دە، ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

مەمەت 10 مىنۇت ئىلگىرى مۇشۇ دەريا بويىدا ئىككى يىگىت بىلەن ئېلىشقانىدى...

مەمەت يىگىرمە ئىككى ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان تېتىك، شوخ، ھېسسىياتقا باي دېھقان يىگىتى ئىدى. يېقىندا قوشنا يېزىدىكى دېھقان قىزى رازىيە بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەن بولۇپ، بۈگۈن دەريا بويىغا ئارام ئالغىلى چىققانىدى...

كىم بىلسۇن رازىيە بىلەن مەمەت دەريا بويىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئىككى يىگىت كەلدى - دە، ھاياسىزلارچە سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەي، بۇ قىزنى بىر ئوينامدۇق؟— دېدى يىگىتنىڭ بىرى.

— ئاۋۋال مەن ئوينايمەن، — دېدى يەنە بىرى.

— ھەي ئاغىنىلەر، سىلەر خاتالىشىۋاتىسىلەر، بۇ مېنىڭ توي قىلىدىغان قىز دوستۇم بولىدۇ، — دېدى مەمەت.

— قىز دوستۇڭمۇ ، ئاشناڭمۇ ، نېمە كارىمىز . ئىشقىلىپ بىزمۇ ئوينايمىز ،— دېدى يەنە بىرى .

— نېمە دەۋاتىدۇ ماۋۇ نېمىلەر ، يولۇڭغا مېڭىشە !— دېدى رازىيەمۇ .

قولىدا كالتەك كۆتۈرۈۋالغان يىگىت رازىيەگە تاشلاندى .

مۇھەببەتنىڭ ئوتلۇق رىشتىسى كۈچىيىپ ، تويماي بېقىشىۋاتقان چاغدا بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى مەمەتنىڭ قەھر - غەزىپىنى قايىنىتىۋەتتى ، مەمەت يىگىتكە ئېتىلدى . مەمەت يىگىتنىڭ قولىدىكى كالتەكنى تارتىۋالدى - دە ، ئىككىسى قالايمىقان ئېلىشىپ كەتتى . دەل شۇ چاغدا يەنە بىر يىگىت يېنىدىكى پىچىقىنى چىقاردى - دە ، مەمەتنىڭ بىلىكىگە بىر پىچاق تىقتى . يەنە بىرنى تىققانىدى ، بۇ كالتەك تۇتقان شېرىكىنىڭ قولىغا كىرىپ كەتتى . مەمەت كالتەك بىلەن يىگىتنى بىرنى سالدى . كالتەك پىچاق تۇتقان يىگىتنىڭ كاللىسىغا تەگدى ، يىگىت دۈم چۈشتى . يەنە بىر يىگىت ئاغىنىسىنى يۆلىدى - دە ، «خەپ ، ئەگەر ئۆلمىسەم ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسەن» دېگىنىچە يىگىتنى يۆلەپ ماڭدى . باشتىن چىققان قان چىملىقنى قىزىللىققا بويىغانىدى .

— مېنى كەچۈرۈڭ مەمەت ، مەن دەريا بويىغا چىقايلى دېمىگەن بولسام بۇ ئىش چىقماس ئىدى ، يۈرۈڭ دوختۇرخانىغا بارايلى…— رازىيەنىڭ كۆزلىرىدىن پۇشايمان ياشلىرى تامچىلىماقتا ئىدى .

— ساقچىغا تېلېفون بەردىڭىزمۇ ؟— مەمەت بىلىكىنى تۇتۇپ تاشقا يۆلەندى .

— بەردىم .

— بىردەم تۇرايلى ، بۇ يەردىن ئايرىلمايلى . ساقچىلار كەلسۇن… ھەي بېشىغا سالارمەن دەپ ئويلىمىغان…— مەمەت رازىيەگە قارىدى ،— رازىيە ، ئەگەر مەن تۇتۇپ تۇرۇلسام ، ئانامنىڭ

ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويارسىز .

يىراقتىن ساقچى ماشىنىسىنىڭ سىگنالى ئۈزۈلمەي ياڭراپ نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى . ماشىنىدىن تۆت ساقچى چۈشتى . بىر قۇر ئەھۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن نەق مەيدان تەكشۈرۈلدى ، ئۇلار نەق مەيداندىن بىر كالتەك بىر پىچاقنى يىغىشتى ـ دە ، دوختۇرخانىغا تېلېفون قىلدى .

ساقچىلار باياتىن كالتەك يېگۈچىنىڭ دوختۇرخانىدا ئۆلگەنلىكىنى بىلگەندى . ساقچىلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ مەمەتنىڭ قولىغا كويزا سالدى .

— قولى يارىلانغان تۇرسا ، كويزا سالمىساڭلار ، قېچىپ كەتمەيدۇ ، — رازىيە مەمەتكە ئېسىلىپ يىغلىدى .

— سىڭلىم ، بىز قولىنى تاڭدۇرىمىز ، خاتىرجەم بولۇڭ ، تېلېفوننى سىلەر قىلىپسىلەر ، ئۆزۈڭلارنى مەلۇم قىلغان ھېسابلىنىدۇ . سىزمۇ بىز بىلەن بىللە ساقچىخانىغا بېرىپ گۇۋاھلىق بېرىڭ ، مەمەت تۇتۇپ تۇرۇلۇپ تەكشۈرۈلىدۇ ، — دېدى ساقچى .

ساقچىلارنىڭ ئارىسىدىن پېشقەدەم بىر ساقچى مەمەتنى ماشىنىغا چىقاردى ، ماشىنىنىڭ سىگنالى يىراق ـ يىراقلارغا ئاڭلىنىپ بۇ تىمتاس يېزىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى .

مەمەتنىڭ قولىدىكى جاراھەت ئىزى ساقچىلارنىڭ ياردىمىدە تېڭىلغاندىن كېيىن ، ئاغرىق ئازابى توختىغان بولسىمۇ ، سوراقتىن كېيىن مەمەتنىڭ يۈرەكلىرى ئېچىشىپ كەتتى ، مەمەت ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغىنىغا زادىلا ئىشەنمەيتتى . بىراق بۇ رېئاللىقتا ئىدى .

مەمەتنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى . ئۇنى سۆرلۈك دەرۋازا ئىچىگە كىرگەن ھامانلا ئېتىۋېتىدىغاندەك سۈر بېسىشقا باشلىدى . چۈنكى ، مەمەت تۈرمىنىڭ سۆرلۈكلۈكى

توغرۇلۇق باشقىلاردىن نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى .

بىرھازا تەكشۇرۇشلەردىن كېيىن ، تۇرمە ساقچىسى مەمەتكە بىر يۇرۇش كىيىم بېرىپ ، كامېرغا باشلاپ كىردى .

— مەمەت ، سەن مۇشۇ كامېردا ياتىسەن ، كامېرنى ئائىلە دەپ بىلىشىڭ كېرەك ، جېدەل قىلىشقا ، ئۇنلۇك ۋارقىراپ - جارقىراشقا بولمايدۇ... — دېدى

بۇ كامېر شۇنداق يورۇق بولۇپ ، روجەكتىن كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى ، قاتار قىلىپ تىزىلغان كارىۋات ئۇستىدىكى يوتقان - كۆرپىلەر شۇنچىلا رەتلىك تىزىلغان بولۇپ ، ناھايىتى پاكىز ئىدى ، توۋا باشقىلارنىڭ «تۇرمىگە كىرسە پىت - بۈرگە بېسىپ كېتەرمىش ، دېگەن گېپى يالغانىكەن - دە ، نېمىدېگەن پاكىزچىلىق بۇ» دەپ ئويلىدى مەمەت .

— ھوي قاراپ تۇرسەنغۇ ، كەلمەمسەن ، ماۋۇ داستىكى سۇنى ئىچكىرىسىدىكى مۇنچىغا ئەكىرىپ تۆكۈۋەت ، — ياندا سىلىنىپ ياتقان قاپقارا سېمىز بىر ئەرنىڭ بوم ئاۋازى مەمەتنى ئېسىگە كەلتۈردى .

— ئاكامنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭمۇ ؟ ! — مەمەت قولىدىكى نەرسىلەرنى نەگە قويۇشنى بىلەلمەي قالدى - دە ، قاراپ تۇردى .

مەمەتنىڭ كامېردا سەككىز نەپەر گۇماندار قامالغان بولۇپ ، ھەممىسىنىڭ كۆزى مەمەتتە ئىدى . ئورۇق بىر بالا كېلىپ مەمەتنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى ئالدى - دە ، بوش تۇرغان كارىۋاتقا قويدى .

مەمەت داستىكى سۇنى كامېرنىڭ ئىچىدىكى مۇنچىغا ئەكىرىپ ، سۇ چۈشۈرۈۋېتىدىغان جايغا تۆكۈۋەتتى .

— يۇيۇنۇپ چىق ، ئەبلەخ ، — قوپاللىق بىلەن توۋلىدى قارا سېمىز گۇماندار .

— نېمە؟ ئالىيىسەنغۇ… — قارا مەھبۇس مەمەتنىڭ ئېڭىكىگە بىر شاپىلاق سالدى.

— توختا، نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئۇرىسەن، يېڭى كەلگەن تۇرسا، قائىدىلەرنى بىلەمدۇ ئۇ؟! — دېدى ئورۇق گۇماندار.

— مېنىڭ دېگىنىم قائىدە، بىلەمسەن؟ مەن نېمە دېسەم قىلىسەن، ساقچىلار كىرگەندە دېسەڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن، ئاكاڭ قارىغاينى بىلەمسەن، ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ كىرگەنمەن، ھۆكۈمنى كۈتۈۋاتىمەن، نېمە دېسەم شۇنى قىلىشىڭ كېرەك…

— قورقمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، بۇ كامېرغا ئاساسلىقى گۇماندارلار قامىلىدۇ.

ھۆكۈم كېسىلىپ مەھبۇس بولغاندا باشقا ئۆيگە يۆتكىۋېتىدۇ، يۈيۈنۈپ چىقىڭ، — دېدى ئورۇق بالا.

ئورۇق بالىنىڭ ئىسمى ئەزىز بولۇپ، تۈرمىگە كىرگىلى بىر ئايدەك بولغانىدى، ئەزىزنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق كەچۈرمىشلىرى بار ئىدى.

مەمەت يۈيۈندى. «تۈۋا تۈرمە دېگەندىمۇ مۇنچا بولىدىكەن، نېمىدېگەن راھەت - ھە» مەمەت يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن چېچى چۇشۇرۇلۇپ باشقا گۇماندارلاردىن پەرقلەنمىدى. گەرچە ھەممىسى گۇماندار بولسىمۇ بۇلارنىڭ جىنايىتى پەرقلىنەتتى. بەزىلىرى ئادەم ئۆلتۈرگەن، بەزىلىرى ئوغرىلىق قىلغان، بەزىلىرى بۇلاڭچىلىق قىلغان، بەزىلىرى باسقۇنچىلىق قىلغان… ئىشقىلىپ ھەر خىل جىنايەت گۇماندارلىرى ھەر كۈنى دېگۈدەك بۇ كامېرغا كىرىپ ياكى چىقىپ ئالمىشىپ تۇراتتى.

مەمەت ئەزىز بىلەن بىر يەردە ياتاتتى.

— ھەي ئاكا، سىز نېمە بولۇپ كىرىپ قالدىڭىز؟ — سورىدى

ئەزىز .

مەمەتنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل قورقۇنچ قاپلىۋالدى ـ دە، بۇ سوئال بىلەن گاڭگىراش ئىچىدە قالدى .

«نېمە دېگۈلۈك، ئادەم ئۆلتۈرۈپ دەمدىم، توۋا مەن راستتىنلا بىر قاتىلمۇ؟ ياق، مەن ئادەم ئۆلتۈرمىگەن . ئۆلۈپ قالدى، دەمدىم؟» مەمەت جىمىپ كەتتى . كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلەتتى .

ئەزىزنىڭ بۇ سوئالى جاۋابسىز قالدى .

— ھە، خىجىل بوپسىز ـ دە، ماڭا ئوخشاش بولغان ئوخشىمامسىز، بىز ھەمشىرىكلەردىن ئىكەنمىز، نېمە خىجىل بولىسىز، دەپ بېرىڭ، بىرىنىڭ يانچۇقىنى كولىغانمۇ ياكى قولۇپ چاققانمۇ...

ئەزىزنىڭ سوئالى يەنە جاۋابسىز قالدى .

— بولدى، بولدى ئەتە دەپ بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ . بۈگۈن سىزگە مەن ئۆزۈمنىڭ جىنايىتىنى سۆزلەپ بېرەي، يىغلىماڭ، ئاكا، — دېدى ئەزىز .

— ھەي، تولا گەپ قىلما، شۇمتەك، مېنى ئۇخلىغىلى قوي، — قارىماتاق گۇماندار توۋلىدى .

ئەزىز جىم ياتتى . بىردەمدە كامېردا خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى .

— ئەزىز، تاماكا بارمۇ؟ تاماكا چەككۈم كېلىپ كەتتى، — دېدى مەمەت .

— سىزدىنمۇ زۇۋان چىقىدىكەن ـ ھە، ئاكا، تاماكا يوق، بۇ يەردە تاماكا چەككىلى قويمايدۇ . كۆرگەنسىز، تۈرمىگە كىرگەندە يالىڭاچ قىلىپ تەكشۈرۈلىدىغان گەپ، مەنمۇ دەسلەپ شۇنداق بولغان، — دېدى ئەزىز ئاستا پىچىرلاپ .

— قارىغاندا ئۆيقۇڭىز كەلمىگەن ئوخشايدۇ، مەن سىزگە

مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلىرىمنى سۆزلەپ بېرەي .

ئەزىز ئاستا پىچىرلاپ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى .

ئېسىمنى بىلسەم ئانام ، دادام يوق ، كوچىدىكى سەرگەردان بالا ئىكەنمەن ، يېتىپ ـ قوپۇشۇم قىشلىرى تونۇر ، يازلىرى ھاۋالىق ئۆستەڭ ، باغلار ئىدى . قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ ، خەقلەرنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىپ جان باقاتتىم ، مەن بىلەن تەڭتۇشلارنىڭ مەكتەپكە ماڭغانلىقىنى كۆرسەم مېنىڭمۇ مەكتەپكە ماڭغۇم كېلەتتى . گاھىدا بالىلارنىڭ كەينىدىن مەكتەپلەرگە بېرىپ دەرس سۆزلىگەننى سىنىپ سىرتىدا تۇرۇپ كۆرەتتىم . بىر قېتىم يېقىندا تونۇشۇپ قالغان بىرقانچە دوستۇم بىلەن مەكتەپكە باردىم .

مەكتەپتىكى بىر ئايال ئوقۇتقۇچى : «ھەي ، سەن نەدىن كەلگەن مەينەت بالا ؟ نەدىن كەلگەن بولساڭ ، شۇ يەرگە كەت ، سەن بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇمايدىكەنسەن ، ئەگەر مەكتەپتە ئوقار بولساڭ ئاتا ـ ئاناڭنى ئېلىپ كەل » دەپ مېنى مەكتەپتىن چىقىرىۋەتتى .

مەن دوستلىرىمنى سىرتتا ساقلاپ تۇردۇم . دوستلىرىم چىقتى . ئۇلار بىلەن ئۆيلىرىگە ياردىم ، تۇيۇقسىز بىر دوستۇمنىڭ ئانىسى مېنى دوستلىرىم بىلەن كۆرۈپ قېلىپ : «ھەي بالا ، سەن كىم ؟ سەن بىزنىڭ بالىلارنىڭ كەينىگە كىرىۋالما . بالىلارنى بۇزۇپ ، مەكتەپتىن قالدۇرۇپ ، ئۆزۈڭگە ئوخشاش سەرگەردان قىلماقچىمۇ ؟ ئىككىنچى بالىلار بىلەن كۆرمەي ، ماڭ كەت » دەپ مېنى ئۆيدىن قوغلىدى .

مەن قاتتىق ئىزا ـ ئاھانەت ئىلكىدە ، شۇنىڭدىن بېرى چىرايلىق كىيىنىدىغان دوستلىرىم بىلەن ئۇچرىشالمىدىم ، شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ ئاشخانىلارغا سۇ توشۇپ ، ناۋايخانىلارغا ئوت قالاپ بېرىپ ، جېنىمنى جان ئەتتىم . قاچانلىقى ئېسىمدە يوق ،

مەن شەھەردە سەرگەردانلىقتا يۈرۈۋاتقان چېغىمدا بىر قول مېنى كاپ قىلىپ تۇتتى ـ دە ، يانغا تارتتى . «ماڭا بالا بولۇشنى خالامسەن» دېدى ئۇ ئايال . مەن بۇ سېمىز ئايالنىڭ ئەپتىگە قاراپ قورققان بولساممۇ ، لېكىن «بالا بولامسەن؟» دېگەن گېپى ماڭا شۇنداق ياقتى ـ دە ، ماقۇل دېدىم .

شۇ ئايالنىڭ كەينىدىن ماڭغاندىن كېيىن كۆزۈم ئېچىلدى . ئەسلىدە بۇ ئايال ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بالا ئېلىپ بېرىپ ساتىدىغان ئايال ئىكەن ، مېنى ئىچكىرىگە ئېلىپ بېرىپ ، تۇيدۇرماي سېتىۋېتىپ غايىب بولدى .

شۇنىڭدىن بېرى مەن ئىچكىرى ئۆلكىدە بىر خوجايىننىڭ قولىغا ئېلىنىپ قالدىم . كۇندە يانچۇقچىلىق قىلىپ ، كۆپ پۇل تاپمىساڭ ، تاياق يەيدىغان گەپ . قېچىپ كېتەي دېسەممۇ كېتەلمەيسەن . مەن ئىچكىرىدە قولدىن قولغا ئۆتۈپ كىشىلەرنىڭ قولىدىكى ماددىي بۇيۇمغا ئېلىنىپ ، ئوغرىلىق قىلىپ دېگەندەك چوڭ بولدۇم . ئوغرىلىق قىلىش داۋامىدا ئاق تاماكىنىمۇ چېكىپ سالدىم . ئىشقىلىپ ، ئىچكىرىدە تۇرغان ۋاقتىلىرىمىزدا قىلمىغان ئەسكى ئىشلىرىمىز قالمىدى . كېيىن خوجايىن تۇتۇلۇپ قالغاچقا ، مەن قېچىپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە يېنىپ كېلىۋالدىم . نەگە بارىمەن ، نېمە ئىش قىلىمەن؟ ئىچكىرىدىن ئېلىپ كىرگەن نەرسىلىرىم تۈگىدى . ئاخىر يەنە كونا ھۈنىرىم ياخشى ئىكەن دەپ يېزا بازارلىرىدا يانچۇقچىلىق قىلىشقا باشلىدىم . نەچچە قېتىم خەقلەردىن تاياق يېدىم . ئاساسلىقى ، مەن مال بازىرىدا يانچۇقچىلىق قىلدىم . كېيىن بازارنى باشقىلار تارتىۋالدى . مانا ، قارىمامسەن نەق ئىككى مىڭ يۈەن ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قېلىپ ھازىر سولاقتا يېتىۋاتىمەن . دەسلەپتە ، خۇمارىم تۇتۇپ قىينالدىم ، مانا ھازىر ئۇبدان بولدى . قورسىقىم ئېسىلگەندىن باشقا ئالامەت يوق ، مېنىڭ

ئاددىي كەچۈرمىشلىرىم مۇشۇ... قاچان چىقىپ كېتەرمەن... ئەزىز ئەسنىدى .

— چىقىپ كەتسەڭ ، يەنە چېكەمسەن ؟ — دېدى مەمەت .

كىم بىلىدۇ دەيسەن ، پۇلغا يەتسەم چەكمەيمەن دېيەلمەيمەن - دە ، — دېدى ئەزىز .

— يەنە ئوغرىلىق قىلامسەن ؟ — مەمەت قاچانلاردا بازاردا كالىسىنى ساتقان قوشنىسىنىڭ پۇلى يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى . ئۇ دېھقانىنىڭ ئاھ - زارى پۈتۈن مەھەللىنى بىر ئالغانىدى . ئۇنىڭ ئەزىزگە قاراپ غەزىپى كەلدىيۇ ، لېكىن بۇ بىچارىنىڭ ھالىغا قاراپ ئىچى سىيرىلدى .

— ئوغرىلىق قىلماسمەن دەيمەن ، چۈنكى خەقلەرنىڭ بىرنەرسىلىرىنى ئوغرىلاپ بولغاندا ، يۈرىكىم ئېچىشىپ ئىچىم ئاغرىيدىغان چاغلار كۆپ بولغان . —دېدى ئەزىز .

ئەزىز خورەككە چۈشۈپ كەتتى . مەمەت ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ ھېچبىر ئۇخلىيالمىدى . «توۋا بىر ئوغرىنىڭ مال ئىگىسىگە ئىچى ئاغرىغان يەردە ، مېنىڭچۇ ، ھەي ، مەن تەنتەكلىك قىلدىم . ئۆلگۈچىمۇ تەنتەكلىك قىلدى... » مەمەت قورقۇنچقا چۆمدى... كېچىچە تەرلەپ ، جۆيلۈپ ئۇخلىيالمىدى .

— گۇماندار مەمەت ، سەن باشقىلارنى زەخىملەندۈرۈپ ، ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولغان جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنىدىڭ ، ئۆزۈڭنى - ئۆزۈڭ ئاقلىساڭمۇ ، ئادۋوكات تەكلىپ قىلساڭمۇ بولىدۇ...

سوراق ئۆيىدە ساقچىلارنىڭ يۇقىرىقى سوئالىنى ئاڭلىغان مەمەت جىمىپ كەتتى . ئاقلىغۇچى ئادۋوكات دېگەنلەرنى ئاندا - ساندا كىنولاردا كۆرگەن مەمەت قانۇننى ھېچ بىلمەيتتى .

مەمەت خىيال ئىلكىدە ساقچىلارنىڭ ھىمايىسىدە كامېرغا

يېتىپ كەلدى .

ــ ھەي لاپسىپ قاپسەنغۇ ، سەنمۇ مەندەك ئادەم ئۆلتۈرگەنكەنسەنغۇ ، نېمە يوشۇرسەن ، نوچىلىقىنى بۇنىڭ . كۆرىمىز ، ئەتە ـ ئۆگۈنگە قالماي سېنىمۇ ئېتىۋېتىدۇ ، ئۆلۈم جازاسى لايىق ساڭا ، ــ قارىماتاق گۇماندار قاقاقلاپ كۈلدى .

ــ ھەي مەمەتنىڭ جىنايىتى ساڭا ئوخشىمايدۇ ، گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم قىلامدۇ ، تېخى . سەن بىلمەسەن ، ئۆزۈڭنىڭ جىنايىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئويلىغىنا ،ــ دېدى ئەزىزمۇ بوش كەلمەي .

ــ ھەي ئوغرى نېمەڭگە يان باسىسەن ، ھەدەڭمىدى سېنىڭ ، ئاچا ـ سىڭىل بولۇۋالغىلى ،ــ دېدى قارىماتاق گۇماندار مەھبۇسلار كىيىمىنى سېلىپ ، ئىچ كۆسرى بىلەنلا مۇنچىغا مېڭىۋېتىپ .

ــ ھەي بولۇشىمامسەن ، دۇمبەمنى تاتىلا !ــ توۋلىدى ئۇ مۇنچىدا تۇرۇپ .

يەنە ئىككى گۇماندار مۇنچىغا كىرىپ كەتتى .

ــ ئاستىراق تاتىلاشىمامسەن ! ؟ — ئاۋازىنىڭ چىقىشىچە توۋلىدى قارىماتاق . ئىككى گۇماندار مۇنچىدىن يېنىپ چىقتى .

ــ ھەي ، مەمەت سەن كىرە ، مېنىڭ دۇمبەمنى تاتىلاپ ، يۇيۇپ قوي…

مەمەت ئۈنىمىدى ، دەل شۇ چاغدا كامېرنىڭ ئىشكى ئېچىلدى .

ــ توختى ، سەن بۇگۈندىن باشلاپ مۇشۇ كامېردا ياتىسەن .

ساقچىلار چىقىپ كەتتى . كامېرغا قىرىق ياشلاردىن ھالقىغان سېمىز زىيالىي سۈپەت بىر كىشى كىردى .

قارىماتاق مۇنچىدىن يالىڭاچ چىقتى .

ــ نېمىشقا كىرمەيسەن !ــ مەمەتكە قاراپ ھۆرپەيدىيۇ ، ئالدىدا تۇرغان توختىنى كۆرۈپ جىمىپ قالدى .

— ئۇيالساڭچۇ ، ھەرقانچە ئادەملىكىڭنى يوقاتقان ھايۋان بولساڭمۇ ، نېمە يالىڭاچ يۈرسەن !— دېدى توختى غەزەپ بىلەن .

— ھە ، توختى ئاكا ، خاپا بولما ، مەن سەن بىلەنمۇ كامېرداش بولغانغۇ ، مانا كىيىمىمنى كىيىۋاتىمەنغۇ ، — قارىماتاق توختىنى تونۇيتتى . بىر ئاي ئىلگىرى بىر كامېردىمۇ ياتقانىدى .

قارىماتاق توختىدىن ئەيمەندىمۇ قانداق ، ئەمدى ئۇنىڭ نوچىلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى ، توختى ئەسلىدە ئامانەت قەرز كوپىراتىپىدا ئىشلەيتتى . خېلى كۆپ پۇلنى باشقىلارغا قەرزگە بېرىۋەتكەچكە ، قەرز ئالدامچىلىقى بىلەن قولغا ئېلىنغان بولۇپ ، يېقىندا سوت ئېچىلاتتى ، توختىمۇ كەچلىكى يېتىپ ئەزىز ۋە مەمەتلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىدى .

— ھەي ئۇكام ، — دېدى توختى مەمەتكە ، سىزنىڭ جىنايىتىڭىز ئانچە ئېغىر ئەمەستەك تۇرىدۇ . قاراپ تۇرۇڭ ، يەنە بىر زەخمىلەنگۈچى ساقىيىپ راست گەپ قىلسا ، يوللۇق قوغدانغان دەپ قويۇپ بېرىشى مۇمكىن ، سىز ئانچە ئۆزىڭىزگە ئېلىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولغۇدەك ،— دېدى توختى .

— مېنىڭچۇ توختى ئاكا ، قانچە يىل كېسەركىن مېنى ،— دېدى ئەزىز ئالدىراپ .

— سېنىمۇ ؟ سېنى ئاز بولسا بىر يىل ياكى ئىككى يىل كەسسە مۇۋاپىق بولىدۇ ، سەن چىقىپ كېتىشكە ئۇنچە ئالدىرىمىساڭمۇ بولىدۇ ، سەن زەھەرنى تاشلاشنى ئويلا ، ئۆزۈڭنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى ساقچىلارغا قالدۇرماي تاپشۇرغىن ،— دېدى توختى .

— ھەي ، توختى ، سەن قانۇندا ئوقۇپ ، نېمىشقا ئادۋوكات بولماي ، قەرز كوپىراتىپىدا ئىشلىگەن… قاراڭلار بۇنىڭ بىلىمدانلىقىنى ، مانچە يىل كېسىدۇ ، مانداق قىلىدۇ ، دەپ

سۆزلەپ كەتكىنىنى ، هەي ، ئۆزۈڭنى بىر ئاقلاپ باققىنا قېنى ، تېخى مەمەتنى يوللۇق قوغدانغان دەيدۇ ماۋۇ ،ــ دېدى قارىماتاق گۇماندار .

ــ هــەي ، مەن ساڭا بۇرۇنمۇ دېگەن ، سەن توۋا قىلىپ ، يــاخشى ئەمەللىرىڭ بولسا قىلىۋېلىپ ، گۆرۈڭنىڭ تەييارلىقىنى قىلماقتا يوق ، ئادەم ئۆلتۈردۈمغۇ دەپ چوڭ سەكرەپ هەممىنى بوزەك قىلامسەن ، سەن ئىنسان ئەمەسمۇ ؟...

توخــتــىنىڭ پەند ـ نەسىهەتى قارىماتاقنى يەنە بىر قېتىم پەسكويغا چۈشۈرۈپ قويدى .

ئارىدىن بىرەر هەپتە ئۆتتى .

نــېــمــىــشــقــىــكىنتاڭ ، قارىماتاقنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندى . ئۇ جىمىپ بىر كىچىدىلا مۈردىغا ئايلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى .

ــ نېمە بولدى ؟

قارىماتاق جىم ئىدى ، باشقىلار ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش توغرىسىدا هۆكۈم قىلىنغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋايلاپ سورىمىدى .

ــ ماۋۇنى يەۋال... .

ــ پۇتۇڭنى يۇيۇۋال...

ــ دۇمبەڭنى تاتىلاپ قويايمۇ...

قارىماتاقنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلايتتى .

ــ كامېرداشلار ، بەلكىم بۈگۈن ياكى ئەتە مەن بۇ كامېردىن چىقىپ كېتىشىم مۇمكىن ، مەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كامېردا زومىگەر بولۇۋېلىپ ، ، سىلەرگە جىق ئازاب سالدىم ، مەن ئادەم ئۆلــتــۈردۈمــغــۇ ، هــامــان ئۆلىمەن ، دېگەن ئىدىيىدە بولۇپ ، هەرقايسىڭلار بىلەن ئەپ ئۆتكۈم بولسىمۇ ئۆزۈمنى باسالماي شۇنداق

قىلدىم، مېنى بەلكىم هايۋان دەپ قالغانسىلەر… مەندىن ھېچقايسىڭلار «نېمە قىلدىڭ؟» دەپ سوراپ قويمىدىڭلار، مەنمۇ ئەسلىدە دۇرۇس ئادەم ئىدىم. لېكىن، ئادەملىكىنى يوقاتقان خوتۇنۇم بىلەن ئاشنىسىنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ قېچىپ كەتكىنىم ئۈچۈن بۇ ئۆلۈم جازاسىغا مۇپتىلا بولدۇم. مەن ئادەم ئۆلتۈردۇم دەپ پەخىرلەنمەيمەن ھەم ئۆكۈنۈپمۇ كەتمەيمەن. ھەرھالدا يېشىم چوڭ بولسىمۇ بالام بولماپتىكەن، مېنى بەلكىم يېقىندا ئىجرا قىلىشى مۇمكىن. خوش ئاغىنىلەر، مېنىڭ زومىگەرلىك قىلىشىمغا چىدىدىڭلار، ساقچىلارغىمۇ دېمىدىڭلار، مەن سىلەردىن رازى، سىلەرمۇ رازى بولۇڭلار…

قارىماتاق ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى.

مەمەت ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بۇ قاتىلنىڭمۇ يۈرىكىنىڭ گۆش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قاتتىق تەسىرلەندى.

ئەسلىدە بۇ كىشى خوتۇنىنى ئاشنىسى بىلەن تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئىزىنى يوقىتىپ قېچىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، بۇ قېتىم ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنىدى.

— ئاتىمىش تۆت نومۇر، سەن كامېر ئالمىشىسەن، نەرسە - كېرەكلىرىڭنى يىغىشتۇر…

ساقچىنىڭ رېشاتكىلىق ئىشىكنى ئېچىپ تۇۋلىغان ئاۋازى ھەممەيلەننى دىققەتكە سالدى، قارىماتاق نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرماقچى بولدى. قارىماتاقنىڭ پۇتىدا كىشەن بار ئىدى، مەمەت ئۇنىڭ ئورنىدا يىغىشتۇرۇپ بەردى. ئەزىزمۇ ياردەم قىلدى. شۇ تاپتا مەمەت قارىماتاقنىڭ دۈمبىسىنى تاتىلاپ قويمىغىنىغا پۇشايمان قىلغانىدى.

— خوش، دوستلار، — قارىماتاق يىغىدىن توختاپ قىزارغان كۆزلىرىگە كۈلكە يۈگۈرتتى - دە، ئاستا كامېردىن چىقىپ كەتتى.

قارىماتاق بۇ كامېرغا كېيىنچە ئىككىنچىلەپ كىرمىدى ، ئەجرا قىلدىمۇ ياكى ھاياتمۇ ، بۇنى مەمەت ، ئەزىز ، توختىلار ھېچقايسىسى بىلمەيتتى .

— توختى ئاكا، سىز بېشىڭىزدىن ئۆتكەننى سۆزلەپ بەرمىدىڭىزغۇ ؟ — سورىدى ئەزىز .

— كۆرمىدىڭىزمۇ ، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەيىبلەشنامىسىدە بەش يۈز مىڭ يۈەن قەرزنى بانكىدىن ئالداپ ئالغان ، شېرىكى قېچىپ كەتكەن دەپ تۇرمامدۇ ، مېنىڭ قىلمىشىم شۇ .

— سىزنىڭ بىلمەكچى بولغىنىڭىز بۇ بەش يۈز مىڭ يۈەن نەدە ؟ تۆلىدىڭىزمۇ ، شېرىكىڭىزچۇ ، شۇنى سوراۋاتىمىز ، شۇنداقمۇ ؟ — دېدى مەمەت ئەزىزگە .

— ھەي ئۇكىلار ، سىلەر كىچىك ، بىلمەيسىلەر ، مەن سۆزلىسەم گەپ تولا ، مەن باللىرىمنىڭ ئالدىدا يۈز كېلەلمەيمەن ، ئائىلەمنى قوغداپ قالالمىغىنىمغا يۈز كېلەلمەيمەن ، سۆزلەپ بېرەي… كېيىنچە تۇرمىدىن چىقىپ قالسام مېنى ئىزدەڭلار ، شېرىك تىجارەت قىلارمىز ، كامېرداش ئۇنتۇلمايدۇ ، ئۇكىلىرىم ، — توختى بىر ئۇھ تارتتى - دە ، كەچۈرمىشلىرىنى كامېرداشلىرىغا سۆزلەپ بەردى .

ئەسلىدە توختى قانۇندا ئوقۇغان بولۇپ ، تەقسىم قىلىنغاندا بانكىغا تەقسىم قىلىنغانىدى . كېيىنچە بانكىلارنى قەرز كوپېراتىپ بانكا دەپ ئايرىدى . توختى قەرز كوپېراتىپىغا تەقسىم قىلىندى . توختىنىڭ بالىسى بار ئىدى . ئايالى كېلىشكەن ئايال بولۇپ ، خىزمىتىنى تاشلاپ تىجارەت قىلاتتى . چۈنكى ، توختىدىكى پۇللار خوتۇنىنى قىزىقتۇرۇپ خىزمىتىنى ئاقسىتىشقا سەۋەب بولغانىدى . غورا - غورىنى كۆرسە ئالا بوپتۇ دېگەندەك ، توختىنىڭ خوتۇنى

رېستوران ، مېھمانسارايلاردىن كېلەلمەيدىغان ، قاتار چاي بولمىسا ياشىيالمايدىغان بولۇپ قالدى . توختى ئىككى بالىغا ھەم ئانا ، ھەم دادا بولۇپ مەكتەپتە ئوقۇتتى ، خوتۇنىنىڭ پۇل تېپىشى توختىدىن ئېشىپ چۈشتى . خوتۇنى بىرمەھەل خېلى كۆپ پۇل تاپتى ، پۇل تېپىش بىلەن بىرگە ئويۇن تاپقاندى ، توختى نەدىن بىلسۇن ، بىر كۈنى خوتۇنى توختىغا ئەركىلىدى .

— ھەي توختى ، سىز تامغا بېسىپ كېپىل بولسىڭىز بولىدىكەن ، مەنمۇ كېپىل بولاي ، قۇرۇلۇشچى ئەمەت تازا بېيىپ كەتتى ، مەن بىلەن شېرىكلىشىپ مېھمانساراي ئاچماقچى ، شۇڭا ئۇنىڭغا بەش يۈز مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ بېرىڭ ، — توختى خوتۇنىنىڭ دامىغا چۈشكەندى . توختى بەش يۈز مىڭ يۈەننى بانكا ئارقىلىق ئۆزى ھەم ئايالى كېپىل بولۇپ ئەمەتكە ئېلىپ بەردى . شېرىك تىجارەت قىلىش توغرىسىدىكى ئايالى بىلەن بولغان توختامنىمۇ بانكىغا بەردى . بولمىسا بۇ پۇلنى ئالالمايتتى ، ئەمەت بىلەن توختىنىڭ خوتۇنى بەش يۈز مىڭ يۈەننى ئالغاندىن كېيىن بىر كېچىدىلا يوقالدى ، ئۇلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى… توختىنىڭ كۆڭلىگە بۇ ئىش يۈز بېرىپ بولغاندا ئاندىن گۇمان چۈشتى .

گۇمان توغرا چىقتى . ئەمەت توختىنىڭ ئايالىنىڭ ئاشنىسى ئىدى .

مانا بۇ توختىنىڭ كەچۈرمىشى ئىدى…

— ھەي ، ھەممىڭلارنىڭ جىنايىتىدە خوتۇن كىشى شېرىككەن ، مېنىڭكىدىمۇ شۇ خوتۇن كىشى مېنى سېتىۋەتكەن ، توۋا بۇ جاھانغا نېمە بولدى ، — دېدى ئەزىز .

مەمەت قارىماتاق بىلەن توختىنىڭ كەچۈرمىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خىيالغا چۆمدى…

مۇھەببەت ئۇرۇقى تىكىلگەن ئىكەن ، ئۇنى كۆكلەپ قويۇپ پەرۋىش قىلىپ پورەكلەپ ئېچىلدۇرۇپ ، خۇش پۇراق چاچقۇزۇش كېرەك . مۇھەببەتنى ئۆز جېنىنى قوغدىغاندەك قوغدىغاندىلا ئاندىن مېۋە بېرەلەيدۇ . گەرچە رازىيەنىڭ سېيماسى مەمەتنى مەپتۇن قىلىپ ھاياجانغا سالغان بولسىمۇ ، كۆڭلى ئېغىشقا باشلىدى . ھەي رازىيەمۇ ئاخىر بىر ئايالغۇ قارىماتاقىنىڭ ئايالى ، توختىنىڭ ئايالى ياق ، ياق ، مۇھەببەتنىڭ پايانسىز دۇنياسىدا ھەر خىل ، ھەر رەڭدىكى ۋاپاسىزلار تۇرلۇك ئويۇنلارنى ئويناپ چىقىدۇ ، بەزىلىرى يېڭىسىنى كۆرۈپ كونىسىنى تاشلايدۇ ، توختىنىڭ ۋە قارىماتاقىنىڭ ئايالى ئۇچۇن ھەسرەت يېشى تۆكۇشكە ئەرزىمەيدۇ ، رازىيە ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ ؟ قانداق قىلىشىم كېرەك ؟ ئەڭ ياخشىسى رازىيە بەختىنى تاپسۇن ، ئايرىلىپ كېتەي ، مەن تۇرمىدە قانچە يىل ياتىمەن ، بۇ ماڭا نامەلۇم ، مەمەت ھەر خىل خىياللارنى قىلىپ ئۇخلاپ قالدى .

تاڭ ئاتتى . كامېر ئىشىكى ئېچىلدى ، تاڭ ئېتىشى بىلەنلا بىر گۇماندارنى ساقچىلار كامېرغا ئەكىرىپ قويدى .

— ھەي ، ئۇكىلىم سىز نېمە جىنايەت بىلەن كىرىپ قالدىڭىز ؟— سورىدى توختى .

— كونا خوتۇنۇمنىڭ ئۆيىگە ئوت قويغانلىقىم ئۇچۇن كىردىم .

يېڭى كىرگەن يىگىت پاكار بوي بولۇپ ، ئاچچىقى يامانداك قىلاتتى ، ئۇ قاراماتاقىنىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى .

— توۋا قىلدىم ، يەنە خوتۇن گېپى…

— خوتۇنغا مۇناسىۋەتسىز ئىش قىلغانلار بارمىدۇ بۇ كامېردا ؟— سورىدى ئەزىز .

— ھەي بىلمەمسەن ، بۇ كامېردا مەنلا بۇلاڭچىلىق قىلىپ

كىرگەن...

باشقا بىر گوماندار شۇ گەپنى قىلىپ تۇرغاندا كامېرغا ساقچىلار كىردى .

— توختى سەن نەرسىلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ چىق .

توختىنىڭ توغقانلىرى بارلىق زىيانلارنى تۆلىگەن بولۇپ، سىرتتا ئىجرا قىلىنىشقا ھۆكۈم قىلىنغانىدى .

— تۇرمىدىن چىققاندا مېنى ئىزدە، ئۇكام، — دېدى توختى مەمەتكە .

مەمەتكىمۇ سوت ئېچىلدى، رازىيە مەمەتكە بىر ئادۋوكات تەكلىپ قىلغانىدى .

مەمەتنىڭ بەختىگە يارىشا يەنە بىر زەخىملەنگۈچى دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن شېرىكىنىڭ (ئۆلگۈچىنىڭ) پىچىقىنىڭ ئۆزىنى زەخىملەندۈرگەنلىكى، مەمەتكىمۇ پىچاق تىققاچقا كالتەك بېشىغا تېگىپ كەتكەنلىكى، ئەسلىدە رازىيەگە لۈكچەكلىك قىلماقچى بولغاندا، مەمەتنىڭ قوغداپ قالغانلىقىنى ئېنىق تاپشۇرغانىدى . مەمەت يوللۇق قوغدانغان دەپ قويۇپ بېرىلدى .

ئەزىزمۇ بىر يىلدىن كېيىن تۇرمىدىن چىقتى . ئەنە، توختىنىڭ قۇرۇلۇش شىركىتىدە مەمەت، ئەزىزلەر ئىشلىمەكتە، رازىيەنىڭ قورسىقى خېلىلا يوغىناپ قالغان بولۇپ، ئۇلاردا تۇرمىدىكى ۋاقىتىدىكى ئەنسىزلىكتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى...

# خاسىيەتلىك تېرەك

ھەر ئادەمنىڭ ھاياتىدا ئۇنتۇلغۇسىز بىر خاتىرە بولىدۇ. ئالدىمدا تۇرغىنى بىر كونا ئۆي، ئۆينىڭ كەينىدىكى ئاچىماق تېرەك، بۇ تېرەك مومامنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى، ھەر قېتىم مومامنى سېغىنغاندا، مۇشۇ تېرەكنىڭ يېنىغا كېلىپ، تېرەك بىلەن ئۇنسىز سىرداشىمەن. يىللار تېرەكنى قۇرۇتۇۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تېرەكنىڭ كۆتىكىدىن قايتا ياشىرىپ چىققان نوتىلارنى مەن ياخشى پەرۋىش قىلغاچقا ئوبدان ئاينىدى.

مومام قازا قىلغىلى بىر قانچە يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن مومامنىڭ سىماسى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. دوستۇم شەپقەت تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن يىلى مەنمۇ ساقچى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىققان ئىدىم. مومام شۇ يىللىرى سەكسەن ياشتىن ئاشقان بولۇپ، پالەچ بولۇپ يېتىپ قالغان ئىدى. بىر كۈنى مەن دوستۇم شەپقەتنى باشلاپ يېزىدىكى كونا ئۆيىمىزگە مومامنى يوقلاپ چىقتىم. مومام باغ چېتىدىكى ئىككى تۈپ چوڭ تېرەكنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغان ئىكەن.

— موما، ئەجەب تېرەك تۈۋىدە ئولتۇرۇپسىزغۇ؟ — دېدىم مەن.

— كەل بالام، ئولتۇرغىن، — دېدى مومام مېنى يېنىغا

تارتىپ .

— شەپقەتنى سىنىڭ كېسىلىڭنى كۆرۈپ باقسۇن دەپ باشلاپ چىقتىم ، — دېدىم موماڭغا .

— رەھمەت بالىلىرىم ، مېنىڭ كېسىلىم يوق ، بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى ، قېرىلىق ئەمەسمۇ ، — دېدى مومام .

مەن مومامنى يۆلىدىم . شەپقەت مومامنىڭ قان بېسىمىنى ئۆلچەپ كۆردى .

— موما كېسەللىرىمۇ ئېغىر ئەمەسكەن ، مەن كېلەر قېتىم دورا ئالغاچ چىقاي ، — دېدى شەپقەت .

— موما ، يۇرە ئۆيگە كىرەيلى ، ئۆيدە ياتقىن ، — دېدىم مەن مومامنىڭ تېرەك تۈۋىدىكى توپىغا سېلىپ ياتقان سىلىنجىسىنى قېقىشتۇرۇپ .

— بالام بۇ تېرەككە قارا ، تېرەكتە مېنىڭ ھايات خاتىرلىرىم ساقلانغان ، بۇ تېرەك بۇنىڭغا گۇۋاھ ، تۇۋا ، ئەجەب ئۇدۇل كەلگىنىنى بىرىڭلار دوختۇر ، بىرىڭلار ساقچى ، — دېدى مومام تېرەكلەرگە قاراپ .

مەن شۇئان بېشىمنى كۆتۈرۈپ تېرەككە قارىدىم ، ئىككى تۈپ قاپاق تېرەكنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئايلانمىسىغا ئادەمنىڭ غولىچى يەتمەيتتى . ئۇستى تەرىپى كېسىۋېتىلگەن بولۇپ ، نۇرغۇن نوتىلار ئەتراپقا باراقسان يېيىلىپ سايە تاشلاپ تۇراتتى .

— موما ، قانچە ياشقا كىردىلە ؟ — دېدى دوستۇم شەپقەت .

— ۋاي بالام ، قانچە ياشقا كىرگەنلىكىمنى ئۇقالمايمەن ، — دېدى مومام .

— موما ، تېرەكنى شۇنچە قەدىرلەيدىكەنسەن ، ھەر قېتىم چىقسام تېرەك تۈۋىدە ئولتۇرىسەن ، بۇ تېرەكنىڭ نېمە خاسىيىتى بار ؟ — دېدىم موماڭغا قاراپ .

— بۇ ئىشلارغا نۇرغۇن يىللار بولدى، — دېدى مومام، — سۆزلىسەم گەپ جىق، بوپتۇ سورىغاندىكىن دەپ بېرەي:

— ئون ئالتە ياشلاردىكى ۋاقتىم ئىدى، بوۋاڭ بىلەن قوشنا ئىدۇق. ئۇ دەۋرنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا كىيىنىشلىرى بار ئىدى. ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولۇپ، مەن ئۇزۇن پىنجەك كىيەتتىم. چېچىمدا يارىشىملىق كۆمۈش گۆيەكلەر لاۋۇلداپ تۇراتتى. بوۋاڭنىڭ تازا قىران، يىگىتلىك چاغلىرى ئىدى. مېنى ئالىمەن دەپ تۇرۇۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ماڭا چاي ئىچۈرۈلدى. بوۋاڭ باي ئائىلىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە يالغۇز ئوغۇل بولۇپ، مەھەللىدىكى يىگىتلەرنىڭ كۆزى ئىدى. قېينانام ھەجگە ماڭماقچى بولدى ـ دە، ئات يېتىلەپ مېڭىش، ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن بوۋاڭنىمۇ بىرگە ئېلىۋالدى. تويىمىزنى ئۇلار ھەجدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قىلماقچى بولدۇق، بوۋاڭ كەتتى. ئاردىن بىر يىل ئۆتتى. كەلمىدى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا قاتناش ئات ـ تۆگىلەر ئىدى. بىر چاغلاردا بوۋاڭدىن خەت كەلدى، بوۋاڭ خېتىدە بىزنى سېغىنغانلىقىنى، يولنىڭ بەك يىراقلىقىنى، ئات بىلەن تاغ ـ داۋان ئېشىپ ماڭغانلىقىنى، يەنە ئالتە ئايدىن كېيىن ھەج قىلىپ بولۇپ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەن بوۋاڭنى ساقلىدىم. شۇ ئاي، شۇكۈنلەردە ۋابا كېسىلى تارقىلىپ پۈتۈن يۇرتتا يىغا ـ زارە، ماتەم بولدى. بەزى ئۆيلەردىن ئائىلە بويىچە ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. قورقۇش، گاڭگىراش ئىچىدە كۈنلىرىمىز تەستە ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ چاغلاردا نەدە داۋالاشتىن سۆز ئاچقىلى بولسۇن، تېۋىپلار شۇنداق ئەتىۋار بولۇپ، تېۋىپ تېپىشمۇ قىيىن بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۆي ـ ئۆيدە كۈندە ناماز بولماقتا ئىدى. «قىزىم بۇياققا كەلگىن» دېدى دادام مېنى ئىككى تۇپ تېرەككە ئارغامچا باغلاپ ياسالغان ئىلەڭگۈچنىڭ يېنىغا چاقىرىپ:

سەن قوشنىمىزنىڭ قىزى دانىخان بىلەن بۇ ئىلەڭگۈچتە ئولتۇرۇپ ئويناپ تۇرغىن ، ئۆي تەرەپكە ئۆتمەڭلار ، يەيدىغان نەرسىلەرنى قويۇپ قويدۇم ، تېرەك تۆپىسىدىكى بىر خالتىدا نان بار ، چېلەكتە سۇ بار . قورسىقىڭلار ئاچسا نان يەپ ، ئۇسسىساڭلار سۇنى ئىچىپ ، باغدا ئويناڭلار . ئاناڭ بىلەن تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەيلى . باغدىن چىقماي ئىلەڭگۈچ ئويناڭلار ، كەچ بولسا تېرەك تۇۋىگە سېلىپ قويغان كۆرپە ، ئەديالدا ئۇخلاڭلار .

دادام كۆزىگە ياش ئېلىپ دانىخان بىلەن مېنى باغدا قالدۇرۇپ ، باغ ئىشىكىنى ئېتىپ چىقىپ كەتتى . دانىخان بىلەن ئىككىمىز قىپقىزىل ئەتلەس كۆينەك كىيىۋالغانىدۇق .

كېيىن ئۇقسام ، قوشنىمىز دانىخاننىڭ ئاتا - ئانىسى كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن . دادام بىزنى بىلىپ قالسا قورقمىسۇن دەپ ، باغقا ئەكىرىپ قويغان ئىكەن . دادامنىڭمۇ بۇ كېسەلنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ ئۆلۈپ كېتىشىنى مەن نەدىن بىلەي ؟ ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتكەندە باغقا دادامنىڭ سىڭلىسى كىردى . مېنى ھەم دانىخاننى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى . دادام ئۆلۈپ كەتكىلى ئالتە كۈن بولغان بولۇپ ، مەن تېرەك تۇۋىدە تۇرۇپ دادامنى ئۈزۈتىپ قويالمىغانىدىم . دادامنىڭ سىڭلىسى ئۆيلەرگە سەندەل چاچتى . دانىخان بىلەن ئىككىمىزنى دورا - دەرمەكتە يۇيۇندۇردى . قىش يېتىپ كەلگەچكە ، ئۆلۈم - يىتىم ئازلاشقا باشلىدى . كېسەل تۈگىدى . بىزنىڭ ئائىلىدىن مەنلا ساق قالغانىدىم . ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بوۋاڭ ھەرەمدىن قايتىپ كەلدى . مەن بوۋاڭ بىلەن توي قىلدىم ، شۇنىڭدىن كېيىن بىر قانچە يىللار ئۆتتى . كېيىن ئۆلكە ئازاد بولدى . سولچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا بۇرۇن چەت ئەللەرگە چىققان بەزى كىشىلەر ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىدى . بىز بوۋاڭدىن ئەنسىرەپ باغقا ئېلىپ چىقىپ ئىلەڭگۈچ ئېسىلغان تېرەك

ئۈستىگە يوشۇردۇق . تېرەكنىڭ ئۈستىگە ئۈچ ـ تۆت ئادەم ئازادە پاتاتتى . بوۋاڭ ئۈچ ئاي ئەتراپىدا تېرەك ئۈستىدىن چۈشمەي يوشۇرۇنۇپ تۇردى . كېيىن ۋەزىيەت ئوڭشىلىپ بوۋاڭ ئۇۋالچىلىقا ئۇچراشتىن ساقلىنىپ قالدى . بۇ تېرەك ئىلگىرى مېنى يۇقۇملۇق كېسەلدىن ساقلاپ قالغان بولسا بۇ قېتىم بوۋاڭنى ساقلاپ قالدى . يىللار ئۆتتى . بوۋاڭ قېرىلىق يېتىپ ئۆلۈپ كەتتى . مېنىڭ تەقدىرىم بىلەن بۇ تېرەك چەمبەرچاس باغلانغان ، تېرەك تۈۋىدە ئولتۇرۇشۇمنىڭ سەۋەبى شۇ .

مومام بۇ تەسىرلىك ھېكايىسىنى ماڭا قالدۇرۇپ بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى . خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن باشقا يەرگە بېرىپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلسەم ، ھەر ئىككى تېرەك قۇرۇپ كېتىپتۇ ، كېيىن ئۇنى كېسىۋەتتىم . شۇنىڭدىن بېرى تۈۋىدىن ياشىرىپ چىققان نوتىلارنى پەرۋىش قىلىپ كېلىۋاتىمەن .

# گۈزەللىك ۋە رەزىللىك

(پوۋېست)

## 1

تۈرمە ئالدىغا كەلگەندە تۈرانىسانى سۈر بېسىشقا باشلىدى . ئۇ يېقىندىلا يۈز بەرگەن پاجىئەنىڭ بىر قاباھەتلىك چۈش بولۇشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى ـ ھە !ساقچىلارنىڭ يالاپ مېڭىشى بىلەن تۈرمە دەرۋازىسىدىن كىردى ـ دە ، تېخىمۇ قورقۇنچ ئىچىدە قالدى .

بەھەيۋەت ئېگىز تاملار ، تامدىكى مىخلىق سىملار ، ئۆگزىدە رەتلىك تىزىلىپ چارلاۋاتقان قوراللىقلارنى كۆرگەن تۈرانىسا ئۆزىنىڭ چۈش كۆرمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى .

ئېگىز بوي ، كۆزلىرى چوڭ ، كېلىشكەن بۇ چوكاننى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ ياۋاش ، مۇلايىم تۇرقىدىن تۈرمىگە خاتا كىرىپ قالغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ قالاتتى .

— جىنايەت گۇماندارى تۈرانىسا ، سەن قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايەت گۇمانى بىلەن بۇگۈندىن باشلاپ سولاقخانىدا جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇلۇپ تەكشۈرۈلىسەن ، بۇ يەرگە قول قوي ، — باياتىن بېرى تۈرانىسانى يالاپ كەلگەن ئايال ساقچى تۈرانىسانىڭ قولىغا قەلەمنى كەسكىنلىك بىلەن ئۇزاتتى .

تۈرانىسانىڭ قوللىرى توختاۋسىز تىترەپ ئاران دېگەندە يەنە بىر ئايال ساقچى كۆرسىتىپ بەرگەن ئورۇنغا ئۆز ئىسمىنى يازدى .

ئايال ساقچىلار بىر قاتار رەسمىيەتلەرنى ئۆتىگەندىن كېيىن ،

تۇرانىسانى تۇرمە ساقچىلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى ـ دە ، تۇرمىدىن چىقىپ كەتتى ، تۇرانىسا مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى .

تۇرمە دىجورنى ئىشخانىسىدا بىر ئايال ساقچى ھەمدە تۆت ئەر ساقچى بار ئىدى .

— يىغلىما ، — دېدى ئايال ساقچى مۇلايىملىق بىلەن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — بۇ سولاقخانا مۇنداقچە دېگەندە ، بۇ دېگەن تۇرمە . بۇگۈندىن باشلاپ سەن تۇرمىنىڭ بىر ئەزاسى ، تۇرمىنى ئۆز ئائىلەم دەپ بىلىشىڭ كېرەك ، بۇ يەرگە ھەر خىل گۇماندارلار قامىلىدۇ ، سەن ئاياللار ئىككىنچى كامېرىغا قامالدىڭ ، كامېر ئىچىدە ئۈنلۈك ۋارقىراشقا ، قالايمىقانچىلىق چىقىرىشقا بولمايدۇ ، مانا ماۋۇ تۇرمىدىكى گۇماندار ھەم جىنايەتچىلەر رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بەلگىلىمە ، ئوبدان كۆرۈۋال ، — ئايال ساقچى تۈزۈم خاتىرىلەنگەن بىر ۋاراق قەغەزنى تۇرانىساغا سۇندى .

تۇرانىسا مىشىلداشتىن توختاپ ، قەغەزنى قولىغا ئالدى .

— مەن بىلەن ماڭ ، كىيىملىرىڭنى ئالماشتۇرىسەن ، — ئايال ساقچى تۇرانىسانى تەكشۈرۈش ئۆيىگە ئەكىرگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا تۇرمە كىيىمىنى بەردى .

تۇرانىسا سىزىقچە بەلگىسى بار ، كۆكۈچ كىيىمنى قولىغا ئېلىپ تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى .

— نېمە تۇرىسەن ، چاپسان كىيىملىرىڭنى يېشىپ ، بۇ كىيىملەرنى كىيگىن ، بۇ يەرنىڭ قائىدىسى مۇشۇ ، بۇنىڭغا بويسۇنمىساڭ بولمايدۇ ، — دېدى ئايال ساقچى .

تۇرانىسا مەھبۇس كىيىمىنى كىيدى ، ئەمما ياغلىقىنى ئېلىۋەتمىدى :

— ياغلىقىڭنىمۇ ئېلىۋەت ، — دېدى ئايال ساقچى بۇيرۇق

قىلىپ .

تۇرانىسا چىڭ چىگىلگەن ياغلىقىنى يەشتى ، ئۇزۇن ، قاپقارا ، سۇمبۇل چاچلىرى ياغلىقنىڭ يېشىلىشى بىلەن پەسكە ساڭگىلاپ چۈشتى ، بۇ مەھبۇسنىڭ زىبا قامىتى ھەرقانداق كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى .

— ماۋۇ يوتقان - كۆرپە ھەم ئاۋۇ قاچىنى ئېلىپ مەن بىلەن ماڭ ، — ئايال ساقچى قولىدىكى ئاچقۇچلارنى شاراقلىتىپ ، تۇرانىسانى رەسمىي كامېرغا باشلاپ ماڭدى .

ئۈچ تۆمۈر رىشاتكىلىق ئىشىكتىن كېيىن ، تۆتىنچى تۆمۈر رىشاتكىلىق ئىشىك ھەيۋەت بىلەن ئېچىلدى .

— گۇماندار تۇرانىسا ، سەن مۇشۇ كامېردا تۇرىسەن ، نەرسىلىرىڭنى ئاۋۇ ئورۇنغا قوي ، جېدەل قىلىشقا بولمايدۇ ، جېدەل قىلساڭ جازاغا تارتىلىسەن ، — دېدى ئايال ساقچى .

تۇرانىسا نەرسىلىرىنى ساقچى كۆرسىتىپ بەرگەن ئورۇنغا قويدى - دە ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى .

ساقچى ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى .

تۇرانىسانىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەشكە باشلىدى ، چۈنكى تۇرانىسا كىنولاردا مەھبۇسلارنىڭ بىر - بىرىنى بوزەك قىلىپ ئۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئىدى .

ئۆزىنىڭ قانداق دىشۋارچىلىققا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ، كىم تەرىپىدىن بوزەك ئېتىلىدىغانلىقىنى خىيال قىلىۋېتىپ كامېرداشلارغا كۆز يۈگۈرتتى .

بۇلاقتەك شەھلا كۆزلەر ، ئۇزۇن - كالتە چاچلار تۇرانىساغا تەلمۈرۈپ قارىشىپ تۇراتتى .

ياشتا چوڭراق ئىككى ئايالدىن باشقا بەش قىز تۇرانىسا بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولۇپ ، بۇ كامېرغا تۇرانىسا بىلەن قوشقاندا سەككىز

ئادەم قامالغاندى ، تۇرانسا ئوڭايسىزلاندى .

— بۇياقىقا كېلىك ، سىز نېمە جىنايەت بىلەن سولاندىڭىز ؟ — چاچلىرى سېرىق رەڭدە بويىلىپ ئۆڭۈشكە باشلىغان چىرايلىق قىز تۇرانسانىڭ يېنىغا كەلدى . تۇرانسا نېمە دېيىشىنى بىلمەي جىمىپ ، ئېغىزىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى .

— گەپ قىلمايدۇغۇ بۇ خېنىم ، ياكى ئېيىپتىنى ساتقان پاھىشە ، ياكى بولمىسا مەندەك ئاق ساتقاندۇ ، خىجىل بولۇپ گەپ قىلمىغىنىنى قارا بۇنىڭ ، ۋۇي خېنىم ، سولامچىلىق قىلغانمۇ ، ئەجەب گەپ قىلمايسىز - يا ، — دېدى سېمىز ئايال .

— ھەي ، ئېھتىمال ، بۇ قىز گاس - گاچا ئوخشايدۇ ، ئەجەب چىرايلىق قىزكەن بولمىسا ، ماڭلا ئوخشاش ئوغرى ئوخشىمامدۇ ، — دېدى ئوتتۇرا ياش يەنە بىر ئايال .

— باغلىشامدۇق ؟ — دېدى يەنە بىر ئايال .

— بىز ھەممىمىز جىنايەت ئۆتكۈزۈپ كىرگەن ، بىر - بىرىمىزنىڭ جىنايىتىنى بىلىشمىسەك بولماس ، مەيلى تەڭلىكتە قالغان بولسىڭىز ! دېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، — دېدى سېرىق چاچلىق قىز .

— ئادەم ئۆلتۈرۈپ كىرىپ قالدىم ، — تۇرانسا ئىككى قوللاپ يۈزىنى تۇتۇپ يىغلاشقا باشلىدى .

تۇرانسانىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ بەزى ئاياللار يانغىراق بېرىپ ئولتۇرۇشتى . سېرىق چاچلىق قىز تۇرانسانىڭ يېشىنى سۈرتتى .

— يىغلىۋىلىك ، قانغۇچە يىغلىۋىلىك ، لېكىن ئاۋازىڭىزنى بوش چىقىرىك ، — دېدى سېرىق چاچلىق قىز تۇرانسانى بەزلەپ .

— مېنىڭ ئىسمىم ماھىرە ، جاھانكەزدى ماھىرە ، ئەسلىدە مەن تاغلىق قىز ئىدىم ، بالا ئالداپ ساتقانلىقىم ئۈچۈن يېقىندا

رەسمىي قولغا ئېلىندىم . ھازىر سوت ئىچىپ ھۆكۈم قىلىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن ، ــ دېدى سىرىق چاچلىق قىز .

ــ مەن ئېرىمنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەنىدىم ، ئېرىمغا چاشقان دورىسى سېلىپ بەرگەن ، ئىسسىت ئىككى بالام ، ئىسسىت كېسەلچان دادام ، ئۇلارنى كىممۇ باقار ...

ــ تۇرانىسا قايتىدىن بۇلدۇقلاپ يىغلاپ كەتتى .

ــ مېنىڭ ئىسمىم ساجىدە ، مەنمۇ سىزگە ئوخشاش ئېرىمنى زەھەرلىگەن ، مەنمۇ چاشقان دورىسى بەرگەن ، لېكىن ئۆلمەي قالدى ئۇ ئەبلەخ ، دوختۇرلار قۇتقۇزۇۋالدى ، ھەر نېمە بولسا مېنىڭ رىسقىم باركەن ، ئۆلگەن بولسا قانداق قىلاتتىمكىن تاڭ ، مېنىمۇ ھۆكۈمەت ئېتىۋېتەتتى ـ دە ، ــ دېدى ساجىدە .ڭ

ــ ئوھوش ، ــ دېدى ماھىرە ئېغىزىغا قولىنى ئاپىرىپ ساجىدەنى سۆزلىمەسلىككە ئۈندەپ .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرانىساغا تىترەك ئولىشىشقا باشلىدى .

ــ مېنىڭ ئىسمىم خانىيىپخان ، ئۆزۈمنى ھەممىڭلارنىڭ ئانىسى دېسەممۇ بولىدۇ . مەن ئەر خەقلەردىن يىرگىنىپ ، زەھەر بىلەنلا ئۆتكەن خوتۇنمەن ، زەھەر چەكتىم ، ساتتىم . بۇ نۆۋەت خېلى كۆپ مال بىلەن نەق تۇتۇلدۇم . ھازىر بەك پۇشايمان قىلىۋاتىمەن ، نېمە ئۈچۈن قىرىغاندا زەھەرگە يولىغاندىمەن ، ــ دېدى يەنە سېمىز ئايال .

ــ ھەي ، سىز نېمە ئۈچۈن ئېرىڭىزنى زەھەرلەيسىز ، باللارنىڭ دادىسى ئەمەسمۇ ؟ ــ دېدى يەنە بىر ئايال مەھبۇس تۇرانىساغا قاراپ .

ــ ھوي ، خىجىل بولماي ئوغرىلىق قىلغان خېنىم ، ئۇنداق قىلىشىڭىزمۇ سەۋەبى بولىدۇ ، سوراۋەرمەڭە ئادەمنىڭ نىرۋىسىغا تېگىپ ، ــ دېدى ساجىدە تۇرانىسانىڭ يېنىدىكى قاچىنى قاچا

قويىدىغان جازىغا ئېلىنىۋېتىپ .
— ساڭا گەپ قىلمىدىم ، ياش تۆرۈپ ئېرىنى زەھەرلىگەن ساراڭ ، — دېدى ئايال مەھبۇس قاپىقىنى تۈرۈپ .
ساجىدە يەردىكى سۈپۈرگىنى قولىغا ئالدى .
— بولدى ، جېدەللەشمەڭلار ، ھەممىمىز تۈرمىدە يېتىۋاتىمىز ، بۇرۇن تونۇشمىساقمۇ ئەمدى تونۇشتۇق ، ھەممىمىزنىڭ بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتكەن . ھەممىمىز ئاچا - سىڭىل ، يېغىرىمىزغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلىپ نېمە قىلىمىز ؟ — دېدى ماھىرە .
— تاماق ئېلىۋېلىڭلار ...
كارىدوردا تاماققا قوڭغۇراق چېلىندى .
— ماھىرە ئاچا ، تامىقىڭىزنى مەن ئەكېلەي ، — ساجىدە ئىككى قاچا كۆتۈرۈپ ئەڭ ئاۋۋال ئىشىك ئالدىغا باردى . رىشاتكىدىن تاماق سۇنۇلدى .
— ساجىدە ، ماۋۇ دوستىمىزغىمۇ ئەكەل ، ئىسمىڭىز نېمە ئىدى ؟ — سورىدى ماھىرە .
— تۇرانىسا .
— ئېلىڭ تامىقىڭىزنى ، تۇرانىسا ئاچا ، — دېدى ساجىدە تاماقنى ئەكېلىپ .
— ۋايجان ، يەنە سۇيۇقئاش ئىكەنغۇ ، — ساجىدە تۇمشۇقىنى ئۈمچەيتتى .
— ھۆي ، تاۋى نازۇك خېنىم ، باينىڭ قىزى بولسىڭىز كاشكى ، بىر قەلەندەرنىڭ قىزى تۇرۇپ مۇشۇ ئاشنى ياراتمىغىنىنى بۇنىڭ ، — دېدى ياشتا چوڭراق ئايال مەھبۇس .
— كىم قەلەندەرنىڭ قىزىكەن ، سەن پادىشاھنىڭ خانىشى بولساڭ بۇ تۈرمىدە يېتىپ نېمە قىلىسەن ، ياش بالىلارنى ئازدۇرۇپ

ئوغرىلىقا سېلىپ ، هارام مالنى يېگەن خوتۇن ، ـــ دېدى ساجىدە قەھرى بىلەن .

ـــ خوپ بوپتۇ ، مەن ياش باللارنى ئازدۇرغاچ ئۆزۈمگە تارتتىم ، سەنچۇ ، سەن ئەرلەرنىڭ قاتىلى قانجۇق ، ـــ دېدى ياشتا چوڭراق ئايال مەھبۇس .

ـــ تاماق ۋاقتىدىمۇ ئارامچىلىق يوقمۇ ؟ بىز ھەممىمىز جىنايىتىمىزگە توۋا قىلغىلى كەلگەن تۇرساق ، نېمە كۈندە جېدەل قىلىسىلەر ؟ ساجىدە سەنمۇ گەپنى ئاز قىلىپ تامىقىڭنى يە ، ساجىدە سىلەردىن كىچىك بولغاندىكىن بىرەر ئېغىز گەپنى قويۇپ بېرىڭلار ، ئاچىلار ، ـــ دېدى ماھىرە .

ـــ توۋا ماھىرە ، سەن نېمىدېگەن ياخشى بالا ـ ھە ، نېمە بولۇپ بالا ئالداپ ساتقانسەن ؟ نېمە بولۇپ تۈرمىگە كىرىپ قالغانسەن ؟ سەن مېنىڭ ئۆز قىزىمنى ئەسلىتىسەن ؟ ـــ دېدى خانسايىپخان .

ـــ سىز نېمە ئۈچۈن بالا ئالداپ سېتىپ كىرىپ قالدىڭىز ؟ ـــ دېدى تۇرانسا ئۆزى دېمەتلىك بۇ چوكانغا قاراپ .

ماھىرە سەل ئويلىنىپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى .

ـــ مۇھەببەتنى دەپ ، پۇلنى دەپ ، ـــ دېدى ماھىرە . ماھىرەنىڭ كۆزىدىكى بىر تامچە ياش قاچىدىكى ئاشقا چۈشتى . چۈشلۈك ئۇخلاشقا قوڭغۇراق چېلىندى ، ماھىرە قاچىنى يېغىشتۇردى ـ دە ، يوتقانغا يۆلىنىپ خىيالغا پاتتى …

## 2

قىزلار مۇھەببەت گۈلزارىغا قەدەم قويغاندا ، خۇددى بىر ـ بىرى بىلەن گۈزەللىك تالاشقان گۈللەردەك يىگىتلەرنى ئۆزىگە جەلپ

قىلىپ ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەت ئۇچقۇنىنى يالقۇنغا ئايلاندۇردۇ .

ماھىرەمۇ تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ يوشۇرۇن كۆيۈكىنىڭ ئازابىنى بولۇشىغا تارتقانىدى . ماھىرە ھەيۋەتلىك گۈزەل تاغلار ئېتىكىدە چوڭ بولغان تىپىك تاغ قىزى ئىدى . ئەلمىساقتىن تارتىپ ماھىرەنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى كوئىنلون تاغلىرى ئارىسىدا قوي بېقىپ ، دېھقانچىلىق قىلىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى . باشلانغۇچ مەكتەپنى چالا پۈتتۈرۈپ ئوقۇشتىن توختاپ قالغان ماھىرە يېشى چوڭىيىپ بالاغەتكە يېتىشكە باشلىغان چاغدا ، چوڭلار سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىپ ، مۇھەببەت مەكتۇپلىرىنى بىمالال كۆچۈرۈپ يازالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەنىدى . قاش ـ كۆزى ئويناپ تۇرىدىغان ، ئېگىز بوي ، چىرايلىق بۇ قىزنىڭ قەلبىنى ئۆزىنىڭ تاغلىق كەنتىدىكى كەسكىن ، شوخ ، چېچەن مىجەزلىك خەمىت ئەسىر قىلىۋالغان ئىدى . خەمىت گەرچە دېھقان بولسىمۇ ، ھالال ئەمگىكى بىلەن ئىشلەپ كېلىۋاتاتتى . يېقىندىن بېرى خەمىت ماھىرەنىڭ ئاكىسى زىلال بىلەن بىرلىشىپ قاشتېشى سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى .

زىلال بىلەن خەمىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئاددىي بىر ئىختىلاپ ماھىرەنىڭ بەختىنى ئۇچۇرىۋەتتى ، كېچە ـ كۈندۈز خەمىتنىڭ ئىشقىدا كۆيۈۋاتقان ماھىرە نېمىشقىكىنتاڭ ، خەمىتنى كۆرگەندە سىنچىلاپ قاريالمايتتى .

خەمىتنىڭ كۆزى گەرچە ماھىرەگە چۈشكەن بولسىمۇ ، زىلال بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ ، بىر قىزنى ئۇسسۇلغا تارتىش داۋامىدا قىزنى تالىشىپ قىزىرىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ، خەمىت ماھىرەنى كۆرگەندە كۆزىنى ئېلىپ قاچىدىغان بولۇۋالدى .

خەمىتنىڭ تۇيۇقسىز قوشنا كەنتتىكى بىر قىز بىلەن قىلغان

تويى ماھىرەنى گاڭگىرتىپ قويدى . ئۆزى بەكمۇ ياخشى كۆرگەن يىگىتنىڭ توي قىلىپ كېتىشى ، ماھىرەنىڭ قەلبىدە كىشىلىك ھايات سەھنىسىدىكى ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز ئازابلىق بىر كۆرۈنۈش بولدى . ماھىرە ئاھ ئۇردى ، ئۆز مۇھەببىتىنى خەمىتكە دادىللىق بىلەن ئېيتقانلىقىغا ئۆكۈندى . تۇرمۇشنىڭ قىلچىمۇ قىممىتى قالمىغاندەك ھەسرەت چېكىش ، ئازابلىنىش بىلەن كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى .ماھىرەنىڭ تەڭتۇشلىرى توي قىلىشقا باشلىدى .

— ھەي ، ماھىرە قاچان توي قىلىسەن؟ ...

— ساڭا بىر كىم توي قىلىش تەكلىپى قويمىدىمۇ؟ ...

— ئۆزىنىڭ چىرايىنى كۆز - كۆز قىلىپ ، تاغلىقلارنى ياراتمىغان گەپ دېگىنە ، بۇ تاۋى نازۇك خېنىم .

— ئەر چىققان بولسا تېگەر ئىدى ...

— بىرسىنى ساقلامدۇ - يا ، بۇ تەنتەك قىز ...

كىشىلەرنىڭ ھەر خىل نەشتەردەك ئاچچىق سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ماھىرە بەزىدە ئوڭايسىزلىنىپمۇ قالاتتى . ئەمەلىيەتتە ماھىرە خەمىتنى ساقلاۋاتاتتى . كۈنلەرنىڭ بىرىدە خەمىت ئايالى بىلەن ياخشى بولالمىسا ئۆزىنى شۇنىڭغا ئاتىماقچى بولغان ماھىرە كۈتۈش ، سېغىنىش ئىلكىدە كۈنلىرىنى تەستە ئۆتكۈزۈۋاتاتتى .

ئەپسۇس ئۇزۇنغا بارماي خەمىت بالىلىق بولدى ، بۇ خەۋەر ماھىرەنى تېخىمۇ گاڭگىرتىپ قويدى .

مۇھەببەت ، يوشۇرۇن كۆيۈش ، يوشۇرۇن مۇھەببەتكە مەڭگۈ سادىق بولۇش دېگەنلىك ئەمەستە؟ ! ماھىرە ئەمدى خەمىتنى ئويلىمايدىغان ، يىراقتىن خەمىتنى كۆرسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغان بولدى .

بۇ تاغلىق كەنتتە ماھىرە توغرۇلۇق ھەر خىل گەپ - سۆزلەر

بىخلىنىشقا باشلىدى . تاغلىق كەنتتە بۇنداق گەپ ـ سۆزلەر ، ئاۋۋال تــوي قــىلمىغان قىزلاردىن باشلانسا ئاخىرىدا بويتاق يىگىتلەرگە بېرىپ تاقىلاتتى .

— ماھىرە قىزىم ، ساڭا چاي ئىچكۈزۈپ قويدۇق ، — دېدى بىر كۈنى ماھىرەنىڭ ئانىسى تۇيۇقسىزلا .

— كىم بىلەن ؟ ئەجەب خەۋىرىم يوقكىنە مېنىڭ ، — دېدى ماھىرە ھەيران بولۇپ .

— تـۆۋەنـكـى مەھەللىدىكى قادىرنىڭ ئانىسى تۇغقانلىرىنى بــاشلاپ ، تۇنۇگۈن كەپتىكەن ، بىز تاغلىق خەقنىڭ ئارىلىقىمىز يــىــراق ، سـەن تـۇنـۇگۈن بازارغا كەتكەندە كەپتىكەن ، سېنىڭ رازىلىقىڭنى ئالمايلا قوشۇلدۇم ، ماقۇل دېمىسەم ھېلىمۇ كەنتتە سەن توغرۇلۇق ئەپقاچتى گەپلەر كۆپىيىپ قالدى ، — دېدى ئانا دوق قىلىپ .

— قايسى قادىر ئۇ ؟ يا مەن ئۇنى تونۇمىسام ؟ — ماھىرە ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن سورىدى .

— بىر ئۆيگە كىرسەڭ تونۇيسەن ، قاسىم ئاخۇننىڭ بالىسى قادىر ، — دېدى ئانا .

— دادىسىنى تونۇيمەن بىر قانچە يىل ئىلگىرى ئۆيگە كەلگەن ، لېكىن قادىر دېگەننى تونۇمايمەن ، — دېدى ماھىرە دومسىيىپ .

— تونۇساڭ ، تونۇمىساڭ بەربىر قىزىم ، ئەتە تويلۇق سۇرەتكە چۈشكىلى يېزا بازىرىغا بارىسىلەر ، شۇ چاغدا تونۇۋال ، — دېدى ئانا .

— ئانا ، چاقچاق قىلما ، مەن ... — ماھىرە شۇ گەپنى قىلىپ توختاپ قالدى .

ماھىرەگە مەھەللىدىكى بولۇۋاتقان گەپلەر ، تىكىلىپ مەنىلىك قاراۋاتقان كۆزلەر ئايان ئىدى .

— ئىشقىلىپ مەن قوشۇلدۇم ، ئاكاڭمۇ قوشۇلدى ، ئەتە سۈرەتكە چۈشۈشكە تەييارلىق قىل ، باشقا گېپىڭنى ئاڭلىغۇم يوق ، ھېلىمۇ بۇ مەھەللىدە سەن دېمەتلىك كىم توي قىلماي يۈرۈۋاتىدۇ… — ئانا ئىشىكنى داققىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى .

ماھىرە ئويلا - ئويلا ئاخىرى ئانىسىنىڭ گېپىنى يىرىۋېتىشنى خالىمىدى ، چۈنكى ماھىرەنىڭ قوشۇلماسلىقىدىن ئەنسىرەپ قۇدىلار ئارىسىدا خۇپىيانە ھالدا چايمۇ ئىچۈرۈلۈپ بولغانىدى .

ماھىرە ئەتىسى تويلۇق سۈرەتكە چۈشۈش ئۈچۈن ئىشەك ھارۋىسىدا بىر كۈن يول يۈرۈپ ، يېزا بازىرىغا كىردى .

قادىرمۇ يېزا بازىرىدا ساقلاپ تۇراتتى ، ئۆزىدىن بويى پاكار كەلگەن بۇ يىگىتنى كۆرگەن ماھىرەنىڭ سەل ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ ، چىدىدى ، ماھىرە شۇنداق چىرايلىق بولسىمۇ ھېچكىم تەكلىپ قويۇشقا پېتىنالمىغانىدى . خەمىتمۇ گەپ قىلمايلا توي قىلىۋالدى ، ماھىرە ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بىچارە قىز ھېسابلىدى . ئۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق قىز ئىدى .

«توۋا ، چىرايىمغا چاي قۇيۇپ ئىچەمتىم ، تەگسەم تەگدىم بۇ پاكارغا» دەپ ئويلىدى ماھىرە ، ئۇ قادىر بىلەن ئاخىر سۈرەتكە چۈشتى .

— لەڭپۇڭ يەيلى ، — دېدى قادىر .

ماھىرەنىڭ سەل قوشۇمىسى تۈرۈلگەن بولسىمۇ ، قادىرنىڭ مەيلىگە بېرىپ ، لەڭپۇڭچىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى .

— قورساقمۇ ئاچتى ، مەن نان ئەكېلەي ، قادىر لەڭپۇڭچى ئۈزاتقان تەخسىنى ئۈستەلدە قويۇپ ، ماھىرەدىن نېمە يەيدىغانلىقىنى سورىمايلا ناۋاينىڭ يېنىغا كەتتى - دە ، بىردەمدە گىردە ناندىن ئۈچنى ئېلىپ كەلدى .

ماھىرەنىڭ ھامىسىنىڭمۇ ئاچچىقى كەلدى .

«بىرەر كىلو كاۋاپ ئەكېلەلمەي ، گىردە كۆتۈرۈپ كەلگىنىنى بۇ بالىنىڭ» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە .

— قادىراخۇن يانچۇقلىرىدا پۇل بولمىسا مەن پۇل بېرەي ، تارشىدەك قاتتىق گىردە ئەكېلىپلا ، بېرىپ گۆشگىردىگە ئالماشتۇرۇپ كەلسىلە بولامدىكىن ، — دېدى ئايال .

— ھە ، بولىدۇ ، گۆشگىردە ماڭا تازا خىل كەلمەيتتى ، شۇڭا...

قادىر ناۋاينىڭ يېنىغا بېرىپ ئىككى دانە گۆشگىردە ئېلىپ كەلدى - دە ، ماھىرە بىلەن ھامىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ ، ئۆزى ئەكەلگەن گىردىلەرنى لەڭپۇڭغا مىلەپ يېيىشكە باشلىدى .

ماھىرەنىڭمۇ بىر كۈن يول يۈرۈپ قورسىقى تازا ئاچقانىدى . ماھىرە ئىچىدە بۇ پىخسىق يىگىتنى مىڭنى تىللىدى - دە ، ئاچچىقىدا گۆشگىردە بىلەن لەڭپۇڭنى تېزلا يەۋەتتى .

ماھىرە چەكسىز ئازاپ ، ھەسرەت ئىچىدە قادىرنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويدى . قادىر ماھىرەدەك لاتاپەتلىك ، گۈزەل قىز بىلەن توي قىلغىنىغا شۇنداق خوشال بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇ يىگىرمە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان سەل تەرساراق يىگىت ئىدى ، بويىنىڭ پاكار بولۇشىنى ئۇنىڭ ئەيىبى دېگىلى بولمايتتى .

قادىر ، ئۆز ئۆيىگە كەلگەن بۇ خۇش پۇراق ئەتىرگۈلنى كۆرۈپ پۇراپ قانمايتتى . ماھىرە جان - دىلى بىلەن قادىرغا كۆيۈنۈپ ، بەختىيار بىر ئائىلە قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى جاي جايىدا سەرەمجانلاشتۇراتتى .

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي بۇ بىر جۈپلەرگە كۆز تېگىشكە باشلىدى .

— مەن ئانامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەي ، — دېدى ماھىرە بىر كۈنى ھەممە ئىشلىرىنى تۈگىتىۋېتىپ .

— كېلەر ھەپتە بېرىڭ ، — دېدى قادىر .

ماھىرە غۇدۇراپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى - دە ، تۈگىمەس ئۆي

ئىشلىرىنى قىلىپ ئۇخلاپ قالدى .

تاڭ ئاتتى ، ئەتىگەندىلا ياتقان ئورنىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان ماھىرە قادىر ياتقان ئورنىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆل تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇيقۇچىلىقتا سىيىپ سالغان ئوخشايدۇ ، دەپ كۆرپىلەرنى باغقا ئاچىقىپ ئاپتاپقا يايدى .

ئارىدىن يەنە ئىككى كۈن ئۆتۈپ ، ماھىرە كۆرپىلەرنىڭ يەنە ھۆل تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە ، قاقشاشقا باشلىدى :

ــ ھەي ، سىز كىچىك بالا بولمىسىڭىز ، ھەر كۈنى كۆرپىلەر ھۆلغۇ ، سىيگەك كېسىلىڭىز بولسا داۋالىتايلى ، ــ دېدى ماھىرە .

ــ سوغۇم ئېشىپ قاپتۇ ، داۋالانمىساممۇ بولىدۇ ، ــ دېدى قادىر غۇززىدە ئاچچىقى كېلىپ .

قادىرنىڭ ھەقىقەتەن كېچىسى گاھىدا كۆرپىلەرگە سىيىۋېتىدىغان كېسىلى بار ئىدى ، بۇ ئىشنى ئەمەلىيەتتە قادىرنىڭ ئانىسىمۇ بىلەتتى . كۆپ دورا ئىشلەتكەن بولسىمۇ ، ساقايمىغانىدى .

ــ لەگېۆگىنى ئازراق يەڭ ، ئادەمنى بىزار قىلىپ ، ئەجەب سېسىق پۇرىدى . ئۆزىڭىز يىغىشتۇرۇڭا... ــ دېدى ماھىرە .

ــ بولىدۇ ، مەنمۇ بىلمەيلا شۇنداق... ــ قادىرنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا ماھىرە سۆزلەشكە باشلىدى .

ــ سىيگەك كېسىلىڭىزنى ئەجەب توي قىلىشتىن بۇرۇن دېمىدىڭىز ، تەكشۈرگەندىمۇ يېزا دوختۇرخانىسىدا تەكشۈرۈپ توي خېتى ئاپسىز ، بۇنىڭدىن كېيىن بىر ئۆيدە ياتمايلى ، مەن بۇنداق سېسىقچىلىققا چىدىمايمەن ، ــ دېدى ماھىرە .

ــ خېنىم ، نېمە دېگەنلىرى بۇ ، مېنىڭ ئوغلۇمنى سىيگەك دېدىلىما ، سىلى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن شۇنداق بولۇپ قالدىمۇ تېخى . ئوغلۇمنى تولا ھاقارەت قىلمىسىلا ، ــ دېدى

قېينانىسى تۆيۈقسىزلا كىرىپ . ئەسلىدە قېينانىسى ئىشىك سىرتىدا تۇرۇپ ماھىرەنىڭ گەپلىرىنى ئېنىق ئاڭلىغانىدى .

ماھىرە نېمە دېيىشىنى بىلمەيلا قالدى ، قېينانىسى خېلى ئۇزۇن كوتۇلداپلا كەتتى . ماھىرە قىلغان سۆزىگە مىڭ پۇشايمان قىلدى . ئۇ ھەر كۈنى كۆرپىلەرنى ئۇن ـ تىنسىز ھالدا قۇرۇقداپ ئۆتتى .

ھەر قېتىم قۇرۇقدىغاندا ، ماھىرە بەزىدە قادىرنىڭ زاڭلىق قىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، قاتتىق خورلۇق ھېس قىلاتتى .

ــ ھەي ، مەن نېمە دېگەن شور پېشانە ، ئەسلىدە تاغ ئۈستىدىكى مەھەللىدىكى رازىيەنى ئالماقچى ئىدىم ، ئۆيۈمدىكىلەر رازىيەنى بەك ياۋاش دەپ ئۇنىمىغان ، رازىيەنى بىر قېتىم نىكاھىمغا ئېلىپ ئۆتكەن بولسام ئارمانسىز كېتەتتىم ، ــ دېدى قادىر ماھىرە بىلەن كېچىسى بىر يوتقانغا كىرگەندە ، چۈنكى ماھىرە شۇ كۈنى مىجەزىم يوق دەپ ئۇنىمىغانىدى .

ــ ھەي ، ئىست ، مەنمۇ خەمىت بىلەن بىر قېتىم نىكاھلانغان بولسام ئارمانسىز كېتەر ئىدىم ، ــ دېدى ماھىرەمۇ ئاچچىقىدا .

ــ خەمىتنىڭ ئايالى ، بالىسى بار تۇرسا ، ــ دېدى قادىر .

ــ رازىيەمۇ ئاللىقاچان ئىككى ئەرگە تېگىپ ئاجرىشىپ ، ئۈچىنچى ئەرگە تەگكەن تۇرسا ، ــ دېدى ماھىرە .

ئۇلار بىر كېچە دەتالاش بىلەن ئۇخلاپ قېلىشتى . تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ماھىرە بوغچىسىنى چىگىپ ، تاغ يولى بىلەن پىيادە مېڭىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتىۋالدى .

قادىر بىر قانچە قېتىم ماھىرەنى ئەكىتىشكە كەلگەن بولسىمۇ ماھىرە ئاجرىشىپ كېتىمەن دەپ ئولتۇرۇۋالدى .

خەمىت تەمبەل كەلگەن يىگىرمە بىر ياشلارنىڭ قارىسىنى

ئالغان خۇشچاقچاق يىگىت ئىدى . ئۇ ئايالى ھەم بالىسى بىلەن تىنچ تۇرمۇش كەچۈرگەندەك قىلغىنى بىلەن ئۇششاق ئىشلار توغرىسىدا تولا دەتالاش قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى .

بىر كۈنى خەمىت ماھىرەنىڭ ئاكىسى زىلالنى ئىزدەپ كەلدى ، زىلال ئۆيدە يوق ئىدى . ماھىرە خەمىتنى ئۆز ئىشىكى ئالدىدا قايتا كۆرۈپ كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەتتى .

— كىرىڭ ، خەمىت ئاكا ، ئولتۇرۇڭ ، — دېدى ـ دە ، خەمىتكە چاي قۇيدى . ماھىرەنىڭ قوللىرى تىترەيتتى .

خەمىت ماھىرەنىڭ چىرايىغا سەپسالدى ، ماھىرە يەردىن ئۇستۇن قارىمىدى ، ماھىرەنىڭ چىرايى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى . خەمىت بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولدى ـ دە ، ماھىرەنىڭ ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى . ماھىرە خەمىتنى كۆرۈپ ، ئۇنى ئېرى قادىر بىلەن سېلىشتۇرۇپ يۈرىكى پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى .

خەمىت ئۆيىگە كېتىۋېتىپ ، ماھىرەنىڭ قوشنىسى رۇسۇل بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى .

— ھەي ، رۇسۇل ماھىرە ئۆيىدە تۇرىدىغۇ ـ ھە ، ئاجرىشىپ كەتمىگەندۇ ؟ — دېدى خەمىت .

— يېقىندا ئاجرىشارمىكىن ، ماھىرە ئاچام ھازىر شېئىر ـ قوشاقلارغا بەك ئۇستا بولۇپ كېتىپتۇ ، خاتىرىسىدىن ماڭا ، شېئىر ـ قوشاق كۆچۈرۈپ بەرمەكچى ئىدى .مەن يېڭى خاتىرە سېتىۋېلىپ ماھىرە ئاچامنىڭ يېنىغا ماڭدىم ، — دېدى رۇسۇل .

— سەن ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرسەڭ ، قوشاق كۆچۈرۈپ قانداق قىلىسەن؟ — دېدى خەمىت قىزىقىش بىلەن .

— سەن بىلمەيسەن ، ھازىر تاغدا قىزلارنى مۇھەببەت قوشاقلىرى يېزىلغان خاتىرە بىلەن كەلتۈرىمىز ، مەن تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىن بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ، ماھىرە ھەدەمگە

خاتىرە كۆچەرتىپ ، شۇ قىزغا سوۋغا قىلماقچى ، ــ دېدى رۇسۇل خاتىرە دەپتەرنى مەيدىسىگە يېقىپ هاياجان بىلەن .

ــ هەي ، شۇمتەك ، سەنمۇ چوكۇپ قاپسەن ، ــ خەمىت رۇسۇلنىڭ بېشىغا نوقۇپ قويدى ـ دە ، رۇسۇل بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى .

خەمىت ئادەتتە هەر كۈنى دېگۈدەك دەريادىن قاشتېشى ئىزدەيتتى . ئۇ تاشنى زىلالغا كۆرسىتىش ئۈچۈن زىلالنىڭ ئۆيىگە ماڭدى ، چۈنكى زىلال قاشتېشىنى ئوبدان تونۇيتتى . قىرىشقاندەك زىلال بۈگۈن قاشتېشى سودىسى بىلەن باش تەرەپكە چىقىپ كېتىپ ، قايتىپ كەلمىگەنىدى .

ــ تاشنى ، زىلالغا كەلگەندە كۆرسىتەرمەن ، مېنىڭ ئىزدەپ كەلگىنىمنى دەپ قويالا ، ــ دېدى خەمىت مېڭىشقا تەمشىلىپ .

ــ ئاللا ، قاشتېشىدىن ساڭا ئامەت ئاتا قىلسۇن ، سېنى بېيىتسۇن ، بالام ، ــ ماهىرەنىڭ ئانىسى دۇئا قىلدى ، خەمىت بىلەن ماهىرەمۇ دۇئاغا قول كۆتۈردى .

ــ رەهمەت ، خوش ، ــ خەمىت خوشلىشىپ ماڭدى .

ــ خەمىت ئاكا ماۋۇ خاتىرىنى ئۇ ئۈچراپ قالسا بېرىپ قويغان بولسىڭىز ، رۇسۇلمۇ قاشتېشى كولىغىلى كېتىپتۇ . رۇسۇل كۆچۈرۈپ قويۇڭ دېگەنىدى . ئاخشام كۆچۈرۈپ بولدۇم . سىزمۇ هەرقاچان قاشتېشى كولىغىلى بارىسىز ، ــ دېدى ماهىرە قارا تاشلىق خاتىرىنى ئۇزىتىپ .

ــ هە ، مۇنداق هۈنىرىم بار دەڭ ، چىراق تۇۋى قاراڭغۇ كەن ئەمەسمۇ ، ــ دېدى خەمىت .

خەمىت زوق ، قىزىقىش ئىچىدە خاتىرە دەپتەردىكى مۇهەببەت قوشاقلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى . بەزى قوشاقلارنى ئوقۇپ كۈلۈپ كەتسە ، بەزى قوشاقلارنى ئوقۇپ ئويلىنىپ قالدى ، ماهىرە قەستەن

شۇنداق قىلدىمۇ ياكى ئىختىيارسىز شۇنداق چىقىپ قالدىمۇ، كۆچۈرگەندە خەمىتكە بولغان ئىلگىرىكى مۇھەببىتىنى ھېسسىياتلىق ھالدا ئىپادىلەپ قويغانىدى.

خەمىت تاغ باغرىدىكى خىلۋەت جايغا بېرىپ خاتىرىنى تولۇق كۆردى. خەمىتنىڭ ماھىرەگە ئىچى سىيرىلىشقا باشلىدى. خەمىتنىڭ يۈرىكىدە قانداقتۇر بىر خىل ئوت لاۋۇلداپ يېنىۋاتاتتى.

خەمىت خاتىرىنى بىرقانچە قېتىم يېنىشلاپ كۆرۈپ چىقتى، خاتىرىدە ئەلىشىر نەۋائىيدىن باشلاپ ھازىرقى زاماندىكى بىر قىسىم شائىرلارنىڭ تەسىرلىك مۇھەببەت لىرىكىلىرى ماھىرەنىڭ قەلىمى بىلەن ئەينەن كۆچۈرۈلگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ماھىرەنىڭمۇ ئايرىم قولىيازمىلىرى بار ئىدى.

خەمىت ئەمدىلىكتە ئولتۇرسا - قوپسا ماھىرەنى ئويلايدىغان، ئايالى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئەسلىدە خەمىتنىڭ ماھىرەنى ئېلىش ئويى بولسىمۇ، لېكىن مېنى ياراتمايدۇ دەپ ئويلاپ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە خەمىتنىڭ ئاتا - ئانىسى يوق بولۇپ ماھىرەنى غۇربەتچىلىكتە قويۇشىدىن ئەنسىرەپ باشقا بىر قىزنى ئەمرىگە ئېلىپ بالىلىق بولغانىدى.

قىش كىرگەندىن بېرى، بۇ تاغلىق كەنتتە ھەر كۈنى دېگۈدەك قار يېغىپ ئىگىز - پەس تاغلار ھەم دەل - دەرەخلەر ئاپئاق تۇس ئالغان، پۈتكۈل تاغ جىمجىتلىققا چۆككەنىدى. قار كېچىگىچە ھېچبىر توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ماھىرە ئۆزىنىڭ ياتاق ھوجرىسىدا مەشتىكى ئوتنى ئۆلغايتىپ دېرىزە پەردىسىنى چۈشۈردى - دە، سىرتتىكى لەيلەپ چۈشۈۋاتقان قارنى تاماشا قىلدى.

— ماھىرە ...

تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋاز ماھىرەنى چۆچۈتۈۋەتتى. دېرىزە

سىرتىدا خەمىت ماھىرەگە قاراپ تۇراتتى . ماھىرەنىڭ يۈرىكى دۇپۇلدەپ كەتتى ـ دە ، ئاستا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ، ماھىرە دېرىزىنى ئاچتى ، ئۆيگە مۇزدەك سوغۇق شامال كىردى .

— خەمىت ئاكا ، دېرىزە تۈۋىدە نېمە قىلىۋاتىسىز ؟ ئاكامنى ئىزدەپ كەلگەن بولسىڭىز ، ئاكام يەنە ئۆيدە يوق ، ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىگە كەتتى ، شۇ يەردىن ئىزدەڭ ، — ماھىرە دېرىزىنى يېپىشقا تەمشەلدى .

— بۇ قېتىم سىزنى ئىزدەپ كەلدىم ، سىزگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى ، سىرتقا چىقىڭ ، بىردەم قاردا ئايلىنايلى ، — دېدى خەمىت تەقەززالىق بىلەن .

— كەچۈرۈڭ ، مېنىڭ كېچىسى تالاغا چىقىپ شامالدايدىغان ئادىتىم يوق ، مەن ھازىر يامانلاغلىق ، سىزنىڭمۇ ئايالىڭىز ، بالىڭىز بار ، ئۇلار توڭۇپ قالمىسۇن ، ئۆيىڭىزگە كېتىۋېلىڭ ، — دېدى ماھىرە ياغلىقىنى چۆڭقۇر ئارتىۋېتىپ .

— ماھىرە ، دەڭا ، سىز بەختلىكمۇ ؟ — دېدى خەمىت دېرىزىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ .

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ مەن توڭلاپ كېتىۋاتىمەن ، دېرىزىنى يېپىۋەتتىم ، — دېدى ماھىرە دېرىزىنى يېپىشقا تەمشىلىپ .

— مەن سىزنى ئۇتتەك ھارارەت بىلەن ئىسسىتىپ قوياي ، — دېدى خەمىت شەھۋەتلىك كۆزىنى قىسىپ .

— كەچۈرۈڭ ، باشقىلار كۆرسە نېمە دەيدۇ ؟ بۇرۇنقى ئىشلار ھەمىدە خاتىرىدىكى قۇرلار ئەمدى كەلمەسكە كەتتى . بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزدىمەڭ ، مەنمۇ تېپتىنچ ياشاي ، خوش ، — ماھىرە دېرىزىنى ياپتى ـ دە ، پەردىنى چۈشۈرۈۋېتىپ تامغا يۆلىنىپ بىر ھازاغىچە تۇردى .

خەمىت ماھىرەنىڭ دېرىزىسىنى زور ئۈمىد بىلەن چەككەنىدى ،

ئىشنىڭ ئوڭغا تارتىمغانلىقىنى كۆرۈپ لاسىدە بوشاپ قالدى ـ دە ، ئاستا ماھىرەنىڭ بېغىغا چىقىپ بىردەم تاماكا چېكىپ ئولتۇردى .

قادىرمۇ قېرىشقاندەك شۇ كېچىسى بىر ئاغىنىسى بىلەن ماھىرەلەرنىڭ مەھەللىسىگە كېلىپ ، يۇرت چوڭىنى ئىزدەپ ماھىرە بىلەن ئاجرىشىدىغانلىقىنى دەپ قويۇپ ، ئۆيىگە ئاغىنىسىنىڭ موتسىكلىتىنىڭ كەينىگە مىنىپ قايتىپ مېڭىۋاتاتتى .

تاغ يولىدىكى ئىگىزدە تۇرۇپ ماھىرەنىڭ ياتاق ئۆيىنىڭ چىرىغىنىڭ تېخىچە يېنىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ سەل گۇمانسىرىدى .

— ئاداش ، بىر چاتاق بار ، يۇرە ماھىرەنىڭ ئۆيىگە بىر بېرىپ كېلەيلى ، ئوڭ قاپىقىم تارتىۋاتىدۇ ، — دېدى قادىر .

قادىر ماھىرەنىڭ دېرىزىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ دېرىزىنى بوش چەكتى .

ماھىرە خەمىت قايتىپ كېلىپ چەككەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى ـ دە :

— خەمىت ئاكا ، مەن دېدىمغۇ ئەمدى كەلمەڭ ، مەن ئۇخلاپ قالدىم ، — دېدى .

— ئىشىكنى ئاچ ، دوپپامغا جىگدە سالماقچىمۇ سەن ، — دېدى قادىر غەزەپ بىلەن توۋلاپ .

ماھىرە قورقۇشقا باشلىدى ، ماھىرە قادىرنىڭ ئاۋازىنى تونۇغانىدى .

— نېمە ئىشىكىز بىلو؟ بۇ كېچىدە ئوغرى مۇشۇكتەك تىمسقلاپ ، — دېدى ماھىرە .

— توي خېتىنى ئايرىپ بېرەي دېگەن ، — دېدى قادىر .

— توي خېتىنى بىزنىڭ ئۆيدە ئايرىمايدۇ ، ئايرىيدىغان يەرگە كۈندۈزى بېرىپ ئايرىيلى ، — دېدى ماھىرە ئۈنلۈك توۋلاپ .

ماھىرە قادىر بىلەن خەمىتنىڭ ئۇچرىشىپ قېلىپ قارا بەتىنامغا قېلىشىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى . ھەر قانداق ئادەم يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەشنى خالىمايدۇ ـ دە ، ماھىرە سىرتقا زەن سالدى .

دېگەندەك سىرتتا تووۋلاشقان ، مۇشتلاشقان ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى .

ئەسلىدە قادىر ئاغىنىسى بىلەن مېڭىۋېتىپ بىرسىنىڭ ماھىرەنىڭ بېغىنىڭ چىتانىدىن سەكرەپ يولغا چىققانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ ئاغىنىسى بىلەن بىرلىشىپ خەمىتنى تۇتۇۋالغانىدى ، قادىر خەمىتنى سۆرەپ ماھىرەنىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ كىردى .

ــ خوتۇنۇمنىڭ ئۆيىدە نېمە قىلىسەن ؟ ــ دېدى قادىر غەزەپ بىلەن .

ــ سەن ئۆزۈڭ سۆرەپ ئەكىردىڭغۇ ، مەن چۈشەندۈرەي ، خاتا چۈشىنىپ قالما ، ــ دېدى خەمىت جىددىيلىشىپ .

ــ چۈشەندۈرمىسەڭمۇ بىلىمەن ، ماھىرە سېنى ياخشى كۆرىدۇ ، سەن بولغاچقا شۇڭا مەندىن يامانلاپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىۋالغانىكەن ـ دە ، ــ دېدى قادىر . ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە قادىر خەمىتكە مۇشت ئاتتى ، خەمىت قېچىشقا تەمشەلدى ، قادىر يېنىدىن پىچىقىنى چىقىرىپ خەمىتنىڭ ئىككى يېرىگە پىچاق تىقتى ، خەمىت قولىدىكى ئېلېكتىر چىراغ بىلەن قادىرنى بىرنى سالدى . قادىر خەمىتنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ پىچاق تىقىشقا باشلىدى . خەمىتنىڭ بەش يېرىگە پىچاق تىقىلدى .

خەمىتتىن ئاققان قان ئاپپاق قارغا تامچىلاشقا باشلىدى .

ــ قولۇڭنى تارت ، مېنىڭ ھويلامدا ئىش تېرىماقچىمۇ ؟ ــ ماھىرەنىڭ ئانىسى قوشنىلارنى چاقىرىپ كەلگەنىدى .

ــ قىزىڭدىن سورا ، يامانلاقتا تۇرۇپ ئۆيگە ئەر كىشى

سولىغاندىكىن ، ھۆ بۇزۇق ، — دېدى قادىر .

قولۇم قوشنىلار قادىرنىڭ قولىدىكى پىچاقنى ئېلىۋالدى ، خەمىت ئاستا ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماھىرەنىڭ تېخىمۇ يۈزى چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدىمۇ ياكى ئۆزىنىڭ يۈزى چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدىمۇ بېقىنىنى تۇتقىنىچە تاغ يولى بىلەن ئۆيى تەرەپكە قاراپ كەتتى .

— خەمىتنى قېينانا بولغان خوتۇن قاچۇرىۋەتتى خالايىق ، نەق تۇتۇۋالدىم ، — قادىر ئەزۋەيلەپ سۆزلەشكە باشلىدى .

— ھويلامغا يولدا ماڭغان ئادەمنى باشلاپ كىردىڭ ، پاكىنەك تاز ، نېمە ئۆزۈڭنى سازايى قىلىسەن ، مېنىڭ قىزىم پاك ، مەن ئىشىكنى تاقاپ ياتقان ، دېرىزەمدە پولات چىۋىق بار ، قىزىمنىڭ پاكلىقىغا مەن گۇۋاھ ، — ماھىرەنىڭ ئانىسى يىغلايتتى .

قولۇم قوشنىلار خەمىتنى ئىزدەپ تاغ باغرىدىكى بىر ئادەم ئولتۇرمايدىغان ئۆيدىن تاپتى ، بەختكە يارىشا خەمىت قېلىن كىيىنىۋالغاچقا پىچاق ئەجەللىك يېرىگە تەگمىگەنىدى .

خەمىت دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلدى . پىچاق تىقىلغان يەر تېگىپ قويۇلدى . خەمىت يەڭگىل دەرىجىدە زەخىملەنگەنىدى .

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ساقچىخانا قادىرغا 10 كۈن توختىتىپ قويۇش جازاسى بەردى ، قادىر توختىتىپ قويۇلۇشنىڭ ئالدىدا ماھىرەدىن ئايرىلىپ كەتتى .

— ھۆ ، يۈزسىز پاسكىنا ، سەن مېنىڭ ئېرىم بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ ، رەسۋا ، — ئەخلەت تۆكۈشكە چىققان خەمىتنىڭ ئايالى ماھىرەنىڭ چېچىغا ئېسىلدى .

باشقا ئاياللار ئۇلارنى ئايرىۋالدى ، ماھىرە يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ياغلىقىنى ئېلىپ ئۆيىگە يېنىپ ماڭدى .

— ئېرىم دوختۇرخانىدىن چىقتى ، بولمىسا سېنى سۆرەپ

سازايى قىلالتتىم ، ــ دېدى خەمىتنىڭ ئايالى قولىنى چىنەپ .

ــ ھەي ، مەينەت ، سەن بالامنى ئالدىدىڭ ، بالامنى ھازىر ئون كۈنلۈك تۇتۇپ كەتتى ، ھەممىگە سەن سەۋەبچى ، تويلۇق ماللىرىنى قايتۇرۇپ بەر ، ــ ماھىرەنىڭ قېينانىسى بىر قانچە ئايالنى باشلاپ كېلىپ ماھىرەنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ، ماھىرەنىڭ تويىغا سالغان كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن باشلاپ ، ئالتۇن زىننەت بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىشتى ...

ماھىرە توغرۇلۇق كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدا يەنە گەپ ـ سۆز بولۇشقا باشلىدى .

ــ خەمىت بىلەن ماھىرەنى بىرگە تۇتۇۋالمىغان بولسا ، قادىر پىچاق تىقمايتتى ، ھەر نېمە بولسا خەمىت قىلىن كىيىنىۋاپتىكەن ...

ــ چىرايلىقنىڭ دەردى جىق دەڭلار ...

ــ كىم ماھىرەنى چىرايلىق بولسۇن دەپتۇ ...

ــ تۇفى ... بۇزۇق گۈزەل ...

ــ جېنىم ئانا ، كىشىلەر نېمە دەۋاتىدۇ ، بىلەمسىز ، ماڭا ئەمدى خەق قىزىنى بېرەمدۇ ؟ سىڭلىسى بۇزۇقكەن دېمەمدۇ ؟ــ زىلال ئانىسىغا دەرد تۆكۈپ يىغلاۋاتاتتى .

ــ بالام ، ماھىرە سېنىڭ بىردىنبىر سىڭلىڭ ، ئۇ پاك ، سەن سىڭلىڭنىڭ دەردىگە يەتمەكتە يوق ، خەقنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنەمسەن ...

ئانا يىغلاپ كەتتى ...

شۇنداق ، ماھىرەنىڭ دەردى خېلى بولسىمۇ ، لېكىن دەرد ـ ئەلەمنى سىرتقا چىقارماي ئۈنسىز ياش تۆكتى ، كىشىلەرنىڭ نەشتەردەك تىل ھاقارەت ، تۆھمەتلىرى ، ئاكىسىنىڭ ، ئانىسىنىڭ يىلىنىشلىرى ، ئانىسىنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسى ...

ماھىرە رومىلىنى مەھكەم ئوراپ ، تاغ يولىدىن پەسكە قاراپ ماڭدى . ماھىرەنىڭ خەمىتكە ئىچى ئاغرىدىمۇ ياكى قادىرغا ئىچىندىمۇ ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق ئىزنالىرى ئۆچكەنىدى . ئۇنىڭ قەلبى خۇددى ئەتراپنى قاپلىغان قاردەك ئاپپاق ئىدى …

ماھىرەنىڭ مەنزىلى قايان ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى . ماھىرە ئاچچىق ھەسرەت ئىچىدە ئۆزىنى تۇغقان ، ئۆزىنى ئەللەيلىگەن ، ئۆزىنى مۇشۇ دەمگىچە خۇشاللىقتا ھەم ھەسرەتكە چۆمدۇرگەن بۇ تاغلىق كەنت بىلەن خوشلاشتى ـ دە ، دادىللىق بىلەن مېڭىپ كېچىدىلا ناھىيە مەركىزىگە يۇرۇپ كەتتى .

ماھىرە ناھىيە مەركىزىگە بىر قانچە قېتىملا كەلگەنىدى . يولنى ئانچە پىششىق بىلمەيتتى . ناھىيە مەركىزىدە ماھىرەنىڭ بىرمۇ تونۇش ـ بىلىشى يوق ئىدى . نەگە بېرىش كېرەك ؟ نېمە قىلىش كېرەك ؟ ماھىرە ئۆزىمۇ بۇنى بىلمەيتتى .

— ھەي ، خان ، قارىسام ئەتىدىن بېرى مۇشۇ كوچىدىن ئەگىپلا ماڭدىڭىز ، قارىغاندا بارىدىغان يېرىڭىز يوق ئوخشايدۇ ، يۇرۇڭ ، — دېدى بىر خام سېمىز ئايال ماھىرەگە ئىچ ئاغرىتقاندەك قىياپەتتە .

ئايال ماھىرەنىڭ قولىنى تۇتۇپ بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى .

— قاراڭا توڭۇپ كېتىپسىز ، قولىڭىزنى ئىسسىتىۋېلىڭ ، — ئايال بىردەمدىلا ماھىرەگە بىر قاچا چۆچۈرە ئېلىپ كىردى .

ماھىرە ئانىسىدەك كۆيۈنۈپ كەتكەن بۇ ئايالدىن تەسىرلىنىپ كەتتى ، ھەمدە بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى .

— ئەخمەق قىز ، شۇنىڭغىمۇ بۇنچە مەيۈسلىنىپ كېتەمسىز ، ماڭا بالا بولۇڭ ، جاھاندا ئەر دېگەن ساماندەك ، سىز تاغنىڭ سەھرالىقلىرىغا زايە كېتىپسىز ، قاراپ تۇرۇڭ مەن سىزنى خانىش

قىلىۋېتىمەن ، ــ دېدى ئايال قولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكلىرىنى تۈزلەپ كۆز - كۆز قىلىپ .

ماھىرە بۇ شەپقەتچى ئايالنىڭ ئۆيىدە بىر قانچە كۈن كىر - قات يۇيۇپ ، ئاش - تاماق ئەتتى . ئۇزۇنغا بارماي بۇ ئايال ماھىرەگە بىر قۇر كىيىم كىيگۈزدى - دە ، ماھىرەنى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ چىقتى .

جەنۇبنىڭ تاغلىق يېزىسىدا چوڭ بولغان ماھىرە ئۇرۇمچىدەك بەھەيۋەت چوڭ شەھەرنى كۆرۈپ ، ھەيرانۇ ھەس قالدى . ئەسلىدە ماھىرەنى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ چىققان بۇ ئايال ئادەم بېدىكى ئىدى .

ــ ماھىرە سىزگە بىر خوجايىننى تونۇشتۇرىمەن ، ئۇ خوجايىن كاتتا باي ، سىزنى بىرقانچە بالا بىلەن ئىچكىرىگە ئېلىپ بارىدۇ . ئىچكىرىدە شەھەر كۆرىسىز ، مەن بىلەن تىجارەت قىلىسىز ، ئۇ باللار كاۋاپ ساتىدۇ ، سىز ئاشۇ باللارنىڭ ئاش - تامىقىنى ئېتىپ بېرىسىز ، سىز بىر يىلغا قالماي مىليونېر بولۇپ كېتىسىز ، قىزىم . مېنىڭ يۇرتتا ئىشىم چىقىپ قالدى . مەن سىز بىلەن بىللە بارالمايدىغان بولدۇم ، كەينىڭىزدىن ئۇزۇنغا قالماي بارىمەن ، مانا كەلدى . ئاۋۇ ئادەم سىزنىڭ زايىت ئاكىڭىز بولىدۇ ، سىزنى زايىت خوجايىنغا تاپشۇردۇم . ئايال پويىز ئىستانسىسىغىچە بېرىپ ، ماھىرەنى پويىزغا چىقارغاندىن كېيىن غىپپىدە تىكىۋەتتى . ئەسلىدە زايىت ماھىرەنى بۇ دەللال ئايالدىن بەش مىڭ يۈەنگە سېتىۋالغانىدى .

زايىت ، بىر قانچە بالا بىلەن ماھىرەنى باشلاپ ئاۋۋال ۋۇخەن شەھىرىگە باردى - دە ، بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتى . بۇ يەردە زايىتنىڭ خېلى كۆپ ئادەملىرى بار ئىدى .

زايىتنىڭ قوللىرىدىكى ئالتۇن ئۈزۈك ، بويىنىدىكى ئالتۇن زەنجىرلەرنى كۆرگەن ماھىرە سەل ئەيمىنىپ قالدى ، چۈنكى ماھىرە

بۇنداق زىننەت بۇيۇملىرىنى سېلىش تۇگۇل ، تۇتۇپمۇ باقمىغانىدى .

— بۇ كىچىك باللار ، سىزنىڭ باللىرىڭىزمۇ ؟ — دېدى ماھىرە ھەيرانلىق بىلەن .

— شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ ، سۆيۈملۈكۈم ، بۇلار بىزنىڭ گۆھەرلىرىمىز ، بىزگە بايلىق تېپىپ بېرىدۇ ، — دېدى زايىت كۆڭلىكىنىڭ تۇگمىسىنى يېشىۋېتىپ ماھىرە زايىتنىڭ مەيدىسىدىكى تۈكلىرىنى كۆرۈپ سەسكىنىپ كەتتى - دە ،بۇلۇڭدا ئولتۇرغان كىچىك باللارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى .

— تۇمۇچۇقۇم ، مەن بىلەن توي قىلىشنى خالامسەن ؟ — دېدى زايىت قوپاللىق بىلەن .

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ ، زايىت ئاكا ، سىز مېنىڭ دادام دېمەتلىك تۇرسىڭىز ، تىجارەت قىلىمىز دېگەنغۇ ، ئۇنداق گەپ قىلماڭ ، — دېدى ماھىرە قورقۇپ .

— ئەخمەق ، مەن سېنى سېتىۋالدىم ، چىرايىڭ خېلى چىرايلىق بولغاچقا بەش مىڭ يۇەنگە سېتىۋالدىم . خام خىيال قىلما ، ئىككىمىز بىر ياتاقتا تۇرىمىز ، مەن سېنى خوتۇن قىلىشنى لايىق كۆرگەنىكەنمەن ، بۇگۈندىن باشلاپ ماڭا تەگدىڭ ، مېنىڭ خوتۇنۇم بولدۇڭ ... ھا ... ھا ...

ماھىرە قېچىشقا تەمشەلدى ، زايىت كىچىك باللارنى ياندىكى ئۆيگە ئاچىقىپ قويۇپ ماھىرەنى ئۆز ياتىقىغا ياندۇرۇپ كىردى .

ئامبۇردەك توم قوللار ماھىرەنى بىردەمدىلا بويسۇندۇردى .

ماھىرە ۋارقىرىدى ، توۋلىدى ، ئەمما ھويلىدىكى ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسى بۇ ياتاققا كىرمىدى ...

تاڭ ئاتتى ، ماھىرە ئاستا ئورنىدىن تۇردى ، خامۇش ھالدا ھويلىغا چىقتى ، ھويلىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە ئادەم بار ئىدى . ماھىرە بۇ ئادەملەرنى گاس - گاچىمىدۇ دەپ ئويلاپ قالدى . دەرۋازا

تاقالغانىدى ، ئاسماقتا ئېسىلىپ تاياق يەۋاتقان شور پېشانە باللار ، زەھەر سېتىۋاتقان ، چېكىۋاتقان ياشلار …

ماھىرە ئالتە ئاي ئەتراپىدا زەي پۇراپ تۇرىدىغان ، مال ـ دۇنياغا توشقان ئۆيدە سولاقتىكى خانىش بولۇپ ئۆتتى .

ماھىرە بىرقانچە قېتىم قاچقان بولسىمۇ ، لېكىن يەنە تۇتۇلۇپ قېلىپ ، زايىتنىڭ ئامبۇردەك قوللىرىنىڭ ئەسىرى بولدى . ئۇ ئەمدىلىكتە باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى . ماھىرە زايىت ئۇچۇن يانچۇقچىلىق قىلىپ پۇل تېپىپ كەلگەن باللاردىن ، پۇللىرىنى زايىتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يىغىۋالاتتى ، بەزى باللارغا ماھىرەنىڭ ئىچى ئاغرىيتتى .

ماھىرەنىڭ مۇشتۇمدەك تۇرۇپ بېشىدىن ئۆتمىگەن ئىسسىق ـ سوغۇقى قالمىغانىدى . ئەمدىلىكتە زايىت ماھىرەنى يېشى چوڭ باللاردىن كۆنلەپ مەخسۇس بىر ئۆيگە سولاپ قويدى .

بىر كۈنى ماھىرە ئوغرىلىق قىلىپ كەلگەن بىر بالىدىن پۇلنى ئالدى ، پۇل ماھىرە بىلەن ھېلىقى بالىنىڭ يول كىراسىغا يېتىپ ئاشاتتى . ماھىرەنىڭ بەختىگە يارىشا بۇ كۈنى زايىت غەرىق مەست ئىدى ، خورەكنى بولۇشىغا تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى .

ــ ئۇكام سېنىڭ ئۆيۈڭ نەدە ؟ ــ سورىدى ماھىرە بالىدىن .

ــ دادام ئۈرۈمچىدە قاسساپچىلىق قىلىدۇ ، بارسام تاپالايمەن ، مېنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلگەن ، ئەسلىي يۇرتۇم خوتەندە ، ئاچا ، بىز قاچايلى ، ــ دېدى بالا .

ــ مەن يولنى تازا بىلمەيمەن ، سەن بىلەمسەن ؟ ــ دېدى ماھىرە .

ماھىرە دوزاختىن قۇتۇلغىنىغا خوش بولۇپ ئالدى ـ كەينىگە قارىماي يېنىدىكى ئون ئىككى ياشلىق بالىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۈرۈمچىگە پويىز بىلەن تېزلا چىقىۋالدى . بالا دادىسى بىلەن جەم

بولدى . ماھىرە ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ يېنىدىكى زايىتنىڭ يېنىدىن ئېلىپ چىققان پۇللىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئانىسىغا ئەۋەتىۋەتتى .
مەركىزىي شەھەردە مودا قىزلاردەك ياسانغان ماھىرەنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنى تاغ قىزى دېسە ئىشەنمەيتتى . ماھىرە ئۈرۈمچىدە بىر قانچە ئاي تۇرۇپ پارچە - پۇرات ، كىيىم - كېچەك ئېلىپ ساتتى . بارا - بارا ماھىرەگە چوڭ شەھەر تۇرمۇشى ياقمىدى ، ئۇ تاغنى سېغىنغانىدى .
ماھىرەنىڭ ئاكىسى زىلال تېلېفوندا كۈندە دېگۈدەك ماھىرەگە ئانام كېسەل ، تېز كەل ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردى . ماھىرە ئاخىرى تاغلىق كەنتكە يول ئالدى . چامادان كۆتۈرگەن ، كۆزنگە كۆزەينەك تاقىۋالغان ، ئالتۇن زىبۇزىننەت تاقاپ چېچىنى سېرىق بوياۋالغان بۇ قىزنى كىشىلەر چىگرا تاغنىڭ ئۇ قات تەرىپىدىن كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ قېلىشتى . چۈنكى ، بۇ تاغلىق كەنتكە بۇنداق مودا ياسىنىۋالغان قىزلار ئەزەلدىن كېلىپ باقمىغان ئىدى .
— ھوي قاراڭلار ... بۇ ماھىرەكەنغۇ !
— ماھىرە ئاچا ...
ماھىرەنى ئەڭ بۇرۇن تونۇۋالغىنى يەنىلا رۇسۇل بولدى .
— كاتتا خوجايىنغا ياتلىق بولغان ئوخشىمامسەن ؟ — دېدى رۇسۇل .
— ياقەي تېخى توي قىلمىدىم ، ماھىرە كۈلدى .
— جېنىم قىزىم ، نەگە ئۇچۇپ كەتتىڭ ؟ ئەجەب سېغىندىم . سەن نېمىدېگەن تاش يۈرەك ، ماھىرەنىڭ ئانىسى ماھىرەگە ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى .
— تېخىچە مۇشۇ كونا ئۆيدە ئولتۇرۇپسىلەرغۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ئۆينى باشقىدىن كېسەكتە سالمىدىڭلار ؟ — دېدى ماھىرە .
— سىڭلىم ، سەندىن ئەنسىرىدۇق ، سەن ئەۋەتكەن پۇللارنى

شۇ پېتى بانكىغا سېلىپ ساقلىدۇق ، پۇلۇڭنىڭ چاتىغى چىقىپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرىدۇق — دېدى زىلال بىر ياغلىقنى ماھىرەگە سۇنۇۋېتىپ .

— بۇنى ئارتۇۋال ، قوشنىلار ھاردۇق سوراپ كىرىدۇ ، يالاڭ باش يۇرسەڭ سەت تۇرمامدۇ ؟ — دېدى زىلال .

— ھازىر زامان تەرەققىي قىپتۇ ، ئاكا ، «يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىس» دەپتىكەن ،— دېدى ماھىرە سومكىلاردىن سوۋغاتلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىپ .

— قارا ماۋۇ مېنىڭ خوتۇنۇم بولىدۇ ، — دېدى زىلال يېنىدىكى روپاش ئايالنى كۆرسىتىپ .

روپاش ئايال يۈزىنى ئېچىۋەتتى ـ دە ، ماھىرەگە سالام قىلدى ، بۇ قادىر گېپىنى قىلغان رازىيە ئىدى .

— مۇبارەك بولسۇن ، — دېدى ماھىرە .

— ئاكا ، ماۋۇ پۇلنىمۇ قوشۇپ سالغىن ، سېنى جاپادا قويدۇم ئانا ، ئاكا ، ساڭا رەھمەت ئانامنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئاپسەن ، — ماھىرە سومكىسىدىن ئون مىڭ يۈەن پۇلنى چىقىرىپ زىلالغا بەردى .

رازىيەنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى .

ماھىرە قادىرنىڭ قايتا توي قىلغانلىقىنى ، خەمىتنىڭ ئىككى باللىق بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى ، ئۇ بىرقانچە كۈندىن كېيىن قوشنا كەنت بازىرىغا باردى .

قېرىشقاندەك بۈگۈن توپا يېغىپ ماھىرەنىڭ چاچلىرىمۇ توپا بولۇپ كەتتى . ئۇ «گۈزەللىك» دەپ ۋىۋىسكا ئېسىلغان ئەرلەر ساتىراشخانىسىغا كىردى . تۇيۇقسىز ساتىراشخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ مودا كىيىنگەن بىر قىزنىڭ كىرىشى ، ساتىراشنى ھەيران قالدۇردى .

— بىر… بىر كىمنى ئىزدەمسىز؟ — دېدى ساتىراش ھەيرانلىق بىلەن.

— ياقەي، بىلمەن، بۇ ئەرلەر ساتىراشخانىسى، چېچىمنى بويىۋالاي دېگەن، ناھىيە مەركىزىگە كىرەي دېسەم خېلى ۋاقىت كېتىدۇ، شۇڭا كىرىپ بېقىشىم، قىلالامسىز؟ — ماھىرە ئالدىدا تۇرغان چوڭ كۆز، بۇرۇتلۇق، چىرايلىق بۇ ساتىراشقا نازلىنىپ قارىدى.

ساتىراش شاگىرتلىرىنى يولغا سالدى.

— ئولتۇرۇڭ خېنىم، سىز ئۇچۇن خىزمەت قىلىش مەن ئۈچۈن شەرەپ، قانداق رەڭدە بويايمەن، — دەپ سورىدى ساتىراش ھەيرانلىق بىلەن.

— سېرىق بولامدۇ، بىنەپشە بولامدۇ، قايسى رەڭ بولسا مەيلى، چىرايلىق بوياپ قويۇڭ، ئەجەب ئۆچ بولدۇم، بۇ يېزىنىڭ توپىسىغا، — دېدى ماھىرە چېچىنى ئارقىسىغا تاراۋېتىپ.

— سىز بۇ يەرلىك ئەمەسمۇ؟ — سورىدى ساتىراش قولىنى يۇيۇۋېتىپ.

— قوشنا تاغلىق يېزىدىن، ئىچكىرىدىن ئەمدى كەلدىم دەڭا، شۇڭا دوست - دۈشمەنلىرىمنىڭ ئالدىدا چىرايلىق ياسىنىپ يۈرەي دەيمىنا، — دېدى ماھىرە ئەينەككە قاراپ.

ھەش - پەش دېگۈچە قولى ئەپلىك بۇ ساتىراش ماھىرەنىڭ چېچىنى سېرىق رەڭدە بوياپ قويدى. ساتىراش ھەيران قالدى، ئالدىدا چىرايلىق بىر ھۆر - پەرى ئولتۇراتتى.

— ئەجەب قاراپ كەتتىڭىزغۇ، — دېدى ماھىرە سومكىسىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ.

— بەك چىرايلىقكەنسىز، — دېدى ساتىراش ھاڭۋېقىپ قاراپ.

— رەھمەت ، ماۋۇ پۇلنى ئېلىڭ ، — ماھىرە ئەللىك سوم پۇلنى ساتىراشقا تەڭلىدى .

— بولدى ، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ پۇل ئالامدىم ، — دېدى ساتىراش پۇلنى ئالغىلى ئۇنىمىدى .

— تېلىفون نومۇرىڭىز… — دېدى ساتىراش .

ماھىرە ساتىراشقا تېلىفون نومۇرىنى يېزىپ بەردى .

— خوش ، كېيىنچە كۆرۈشەرمىز ، — دېدى ماھىرە ۋە سومكىسىنى ئېلىپ رەھمەتمۇ دېمەي سىرتقا ماڭدى .

— ئىسمىڭىز — … دېدى ساتىراش .

— ماھىرە ،— ئۇ ساتىراشقا تاتلىق بىر كۈلۈپ قويدى ـ دە ، چىقىپ كەتتى .

— مېنىڭ ئىسمىم قەيسەر … — دېدى ساتىراش .

ماھىرە قولىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ ، ئىشىكنى ئېچىپ قەيسەرگە قاراپمۇ قويماستىن چىقىپ كەتتى .

قەيسەر كېچىچە كارىۋات ئۈستىدە يېتىپ ، ئۇيان ئۆرۈلۈپ ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى . ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشۈپ ئۆتكەن جۆرىسىگە قارىدى ، ئايالى يىنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى . قەيسەر ھويلىغا چىقتى ، كۆز ئالدىدا سېرىق چاچلىق قىزنىڭ سىيماسى نامايان بولدى .

خۇددى ھىندىستان كىنو چولپانلىرىغا ئوخشايدىغان ماھىرە قەيسەرنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەي ، قەيسەرنى قىيناشقا باشلىدى . ئاخىر تاڭ ئاتتى .

قەيسەر ماھىرەگە تېلىفون بەردى ، بىراق ماھىرە تېلىفوننى ئالمىدى ، تاقىتى تاق بولغان قەيسەر توختىماي تېلىفون بېرىشكە باشلىدى .

— كىمنى ئىزدەيسىز ، تولا تېلىفون ئالدىڭىزغۇ … نېمە

گېپىڭىز بار ئىدى ، — دېدى ماھىرە .

قەيسەر ماھىرەنى كۆرۈشۈشكە تولىمۇ تەستە ماقۇل كەلتۈردى .

— بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىشقا ئىشىنەمسىز ؟ — دېدى قەيسەر پارالڭ ئارىلىقىدا .

— قويۇڭا ، ئۇنداق رومانتىكىلىقنى ، ئىشەنمەيمەن ، ئەرلەر ھەممىسى ئالدامچى ، ساختىپەز ، — دېدى ماھىرە .

— مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم ، سىزنى بەختلىك قىلىمەن ، بىز ئارىلىشىپ ئۆتەيلى ، — دېدى قەيسەر .

— خوتۇن - بالىلىرىڭىز يوقتۇ ؟ — ماھىرەنىڭ بۇ سوئالى قەيسەرنى گاڭگىرىتىپ قويدى .

قەيسەر ماھىرەنىڭ بۇنداق سوئال سورىشىنى كۈتمىگەنىدى ، قەيسەر بۇ قىزنىڭ ھەقىقىي پاك قىز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە باشلىدى .

— ئىككى بالام بار … لېكىن ئايالىم …

قەيسەر توختاپ قالدى ، قەيسەرنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چىقىپ بولغۇچە ماھىرە سورىدى .

— ئۆلۈپ كەتتى …

— ياق ، - دېدى قەيسەر پوكاندەك قىزىرىپ .

— ئايرىلىپ كەتتىم دېسەممۇ بولىدۇ ، — دېدى قەيسەر .

— ئۇنداقتا ئاجرىشىپ بولغاندا كۆرۈشەيلى ، — دېدى ماھىرە ئورنىدىن تۇرۇپ .

— مەن چىدىيالمايمەن ، — دېدى قەيسەر . ماھىرە خۇددى قوينىڭ قوزىسىدەك مۇلايىم ئىتائەتمەن ، كېلىشكەن بۇ يىگىتكە يولۇقۇپ قالغانلىقىغا ئەمەلىيەتتە شۇنچىلىك خۇش بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، قەيسەرنىڭ ئالدىدا چاندۇرمىدى .

قەيسەر گەپدان ، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىدىغان ماھىرەگە ئاشىق

بولغان ئىدى . ئۆزى مەپتۇن بولغان بۇ قىزىل گۈلنىڭ ھىدىنى پۇراش ئۇچۇن ئەقىل ـ ھوشىنى يوقىتىپ ، ساراڭ بولاي دېگەنىدى . ئەمدىلىكتە قەيسەر ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ، ھەپتىدە بىر تاغقا چىقىپ ماھىرەنىڭ ئىشىك ئالدىدىن كەتمەيدىغان بولۇۋالدى .

ــ بالام ، سىرتتا تۇرغان بالا كىم ؟ ئۇ بەك كېلىشكەن بالا ئىكەن ، دائىم سىزنى ئىزدەپ كېلىدۇ ، ــ دېدى ماھىرەنىڭ ئانىسى .

ــ مېنىڭ ئىشقىمدا كۆيۈۋاتقان ساراڭ ساتىراش ، ــ دېدى ماھىرە قاقاقلاپ كۈلۈپ .

ــ نېمە ، سەن ئەمدىلىكتە بىر ساتىراشنى ئۆيگە باشلاي دەمسەن ، بولدى مەن چىقىپ ھەيدىۋېتەي ، ئۆزىڭ بولىدىكەن ، لېكىنزە كەسپى ··· ھەي ئاكاڭ قوشۇلماسمىكىن ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇرۇنقى ئېرىڭ ، ساتىراشقا تېگىپتۇ ، دەپ مىيىقىدا كۈلمەمدۇ ؟ ــ دېدى ئانا .

ــ سەن ئارىلاشما ئانا ، ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن ، ــ دېدى ماھىرە .

ماھىرە قەيسەرنى ئۆيگە باشلىدى . قەيسەرنىڭ قەسەملىرى ماھىرەنى قىزىقتۇرۇشقا باشلىدى .

ــ سىز بۇنداق دەپ تۇرۇۋالسىڭىز مەن نېمە دەيتتىم . بولدى ، قەسەم قىلىۋەرمەڭ ، ئايالىڭىزدىن ئاجراشتىڭىزمۇ ؟ ــ سورىدى ماھىرە .

ــ ئاجراشتىم ، ــ قەيسەر ئايالىدىن ئاجراشمىغان بولسىمۇ يالغان ئېيتقانىدى .

ــ مەن سىز ئويلىغاندەك ياخشى قىز ئەمەس ، مەن ئەرلەرنىڭ ئازابىنى بولۇشىغا تارتقان ، سىز تۇنجىسى ئەمەس ، مەن ئىككى ئەردىن چىقتىم . كۆردىڭىزمۇ ؟ بوينۇمدىكى تاتۇقلار كېيىنكى ئېرىم

ماڭا بەرگەن سوۋغاتلار ... مەن بىلەن توي قىلسىڭىز مېنى باقالمايسىز. مەن تەييارغا كۆنۈپ قالغان، گەرچە مېنىڭ ئازراق پۇلۇم بولسىمۇ سىزگە تەگسەم، ئاكام ساتىراشقا تەگدىڭ دەپ ماڭا بىر پۇڭمۇ پۇل بەرمەيدۇ، هازىر يېنىۋالسىڭىزمۇ ئۆلگۈرىسىز، — دېدى ماھىرە.

ماھىرە كېلىشكەن بۇ يىگىتنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشنى خالىمايتتى. دېمىسىمۇ ماھىرە ئەرلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ بۇرنى - قۇلىقىغىچە تويغان بولسىمۇ، لېكىن قەيسەر قادىر ھەم زايىتلارغا ئوخشىمايتتى. قېلىن كالپۇك، قاپقارا چوڭ بۇلاقتەك كۆز، ئېگىز قامەت، ئەرلەرگە خاس سالاپەت قەيسەردە مۇجەسسەم ئىدى.

بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن، تېخىچە زىلۋا، گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان مۇشتۇمدەك چىرايلىق قىزنىڭ بۇ سۆزلىرى قەيسەرنى سەل تەمتىرىتىپ قويغان بولسىمۇ، ماھىرەنى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن ئەنسىرىدى.

— سىز، نەگە دېسىڭىز شۇ يەرگە بارىمەن، نېمە قىل دېسىڭىز مەيلى،سىز ئىچكىرىدە تۇرۇپسىز، مەنمۇ بىر قېتىم ئىچكىرىگە كىرگەن، شۇ يەردە ياشايلى، مەن سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىمەن، — قەيسەر ماھىرەنى باغرىغا بېسىۋالدى، بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئوتلۇق ھارارەت ماھىرەنى مەستخۇش قىلدى.

— بىز ئىچكىرىدە ھېچقانداق ئىش قىلالمايمىز، يانچۇقچىلىق قىلساق قاملاشتۇرالمايمىز، — دېدى ماھىرە.

— ئۇنداقتا كىچىك سەرگەردان باللارنى تېپىپ ئېلىپ كىرىپ كېتەيلى، — دېدى قەيسەر تەقەززالىق بىلەن.

— سىز ئاۋال ئۆيىڭىزدىكىلەرگە دەڭ، ماڭا چاي ئىچۈرۈلسە

مەيلى ، سىزگە ئەگىشىپ ماڭىمەن ، ــ دېدى ماھىرە .

قــەيسەر ئۆز ئۆيىگە چىققاندىن كېيىن دادىسىغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى .

ــ دادا ، مەن بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم ، ئايالىمدىن ئاجرىشىپ كېتىمەن ، ــ قەيسەر يىغلىدى .

ــ نېمە؟ نەدە پوق يېدىڭ ، لامزەللە ، ئىككى بالاڭ تۇرسا ، ئايالىڭمۇ ساڭا شۇنچە ساداقەتمەن تۇرسا ، ــ قەيسەرنىڭ دادىسى قەيسەرنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشىگە ھەرگىز قوشۇلمايتتى .

قــەيــســەرمــۇ ئــايالىغا ئاجرىشىپ كېتىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچالمىدى ، ھەتتا ئايالىنىڭ چىرايىغىمۇ قارىيالمىدى .

ــ دادا ، قەيسەرگە جىن چاپلىشىۋالغان ئوخشايدۇ ، موللامغا ئــوقــۇتــايــلــى ، ــ دېدى قەيسەرنىڭ ئايالى قېيناتىسىغا يىغلاپ يالۋۇرۇپ .

قەيسەرنىڭ دادىسى قەيسەرنى نائىلاج ئۆيگە سولاپ قويدى .

ئەمما ، قەيسەر تەلۋىلەرچە ياخشى كۆرگەن مەشۇقى ئۈچۈن ئــۆيدىن قېچىپ چىقتى . ماھىرە بىلەن قەيسەر دېيىشكەن يەردە كــۆرۈشــتــى ، ئــىككى كېچە بىرگە تۈنىدى . قەيسەر ئەمدىلىكتە ماھىرەگە بۆلەكچىلا چاپلاشقان ئىدى . ماھىرەمۇ ئۆزىگە كانىدەك چاپلىشىۋالغان بۇ يىگىتنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى .

ــ ئــەمــدى ئايرىلمايلى ، ــ دېدى قەيسەر ، ــ سىز نەدە بــولــســىــڭــىــز مــەن شۇ يەردە ، ــ ئاكام ساتىراش بىلەن توي قىلمايسەن ، دەپ قوشۇلمىدى ، قانداق قىلىمىز؟ ــ دېدى ماھىرە .

ــ بــىزنىڭ ئۆيدىكىلەرمۇ قوشۇلمىدى ، قېچىپ كېتەيلى ، ئىچكىرىگە بېرىپ تەلىيىمىزنى سىناپ باقايلى ، ــ دېدى قەيسەر .

ماھىرە قەيسەر بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرىپ ئۆزىنى بىر

تونۇتۇپ قويۇش قارارىغا كەلدى . قەيسەرنى ئۆزىگە مەڭگۈ تەۋە قىلىشنى ئويلىغان ماھىرە قەيسەرنى سىناپ باقتى .

— بارساق نەگە بارىمىز ؟ ۋۇخەنگىمۇ ؟ نەنچاڭغىمۇ ؟ — دېدى ماھىرە .

— سىز شاڭخەي ، بېيجىڭلاردا خېلى ۋاقىت تۇرۇپسىز ، مەن نەنچاڭغا بارغان شۇ يەرگە بارايلى ، — دېدى قەيسەر .

— بىراق ، ئۆيدىكىلەر ماڭا پۇل بەرمەيدۇ ، گەرچە مەن پۇل تېپىپ ئەكېلىپ بەرگەن بولساممۇ ، ئاكام ئۇ پۇللارنى ئۆينى يېڭىلاپ سېلىش ئۈچۈن ، قورۇلۇشچىلارغا بېرىۋەتتى ، — دېدى ماھىرە .

— مەن پۇلنىڭ ئامالىنى قىلاي ، — دېدى قەيسەر .

قەيسەر ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ ئىچكىرىگە كىچىك باللارنى ئەكىرىپ كېتىش نىيىتىگە كەلدى . چۈنكى ، قەيسەرنىڭ دادىسى ھەممە نەرسىلەرنى ئاچىقىپ كېلىنى بىلەن قەيسەرنىڭ سىرتتىكى ئويۇنلىرىنى تۇگىتىپ تېزراق ئۆيگە قايتىپ كېلىشىنى ساقلاۋاتاتتى .

- ھەي ، ئۇكام ئىچكىرىگە كىرەمسەن ؟ كىرسەڭ كومپيۇتېر ئويناپسەن ، كۈندە يۇز يۈەن خەجلەيسەن ، — دېدى قەيسەر يولدا تۇرغان كىيىملىرى كونىراق بىر بالىدىن .

— مەن بىر قېتىم كىرىپ باققان ، لېكىن ماۋۇ ئاغىنەم كىرىپ باقمىغان ، كىرسەك بىللە كىرەيلى ، لېكىن بىزدە پۇل يوق ، — دېدى ئۇن ئىككى ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بالا يېنىدىكى ئون بىر ياشلىق بالىغا قاراپ .

— چاتاق يوق ، پۇل دېگەننى بىز بېرىمىز ، كېيىن كۆپ پۇل تېپىپ بولۇپ ، ماۋۇ ئاكاش ياكى مەن بىللە چىقىپ سىلەرنى ئاتا - ئاناڭلارغا تاپشۇرۇپ بېرىمىز ، — دېدى ماھىرە .

— ئۆيدىكىلەرگە خوش دەۋالايلى، — دېدى يەنە بىر بالا.
— خوشالشمىساقمۇ بولىدۇ، كېيىنچە تېلېفون بېرىپ قويساڭلار بولىدۇ، — دېدى قەيسەر.
قەيسەر بىلەن ماھىرە ئىچكىرىگە كىرىشكە خۇشتار بۇ ئىككى بالىنى تاپقانلىقىدىن تولىمۇ سۆيۈندى. ماھىرە مۇشۇنداق كىچىك بالىلار بىلەن زايىتنىڭ كۆپ پۇل تاپقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇ ئىككى بالا ماھىرە بىلەن قەيسەرگە ئەگەشتى. ئۇلار چىقىپ ماھىرەنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قوندى.
— ئانا ماڭا رازىلىق بەر، مەن قەيسەر بىلەن توي قىلىپ ئىچكىرىگە يەنە بىر قېتىم سەپەر قىلىپ ئۆز بەختىمنى ئىزدەيمەن، بۇ ساتىراش بالا بەك ياۋاشكەن، مەن نېمە دېسەم مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايدۇ، بۇنداق ئەرنى تاپماق تەس، سەندىن پۇل تەلەپ قىلمايمەن، ئانا ئۆزۈڭنى ياخشى ئاسرا، مەن كېيىنچە يەنە ساڭا پۇل سالىمەن...
ماھىرە ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى بىر كىچىك چامادانغا سالدى - دە، قەيسەر كىرا قىلىپ ئېلىپ چىققان سانتانا ماركىلىق ماشىنىغا چىقىپ تاغنىڭ ئوڭغۇل - دوڭغۇل يوللىرى بىلەن مېڭىپ يۈرۈپ كەتتى...
ئۇلار ئۈرۈمچىگە بارماقچى ئىدى.
— يولدا ساقچىلار سوراپ قالسا ھەرگىزمۇ ئىچكىرىگە ئېلىپ ماڭدى دېمەڭلار، بۇ بىزنىڭ مۇئەللىم ساياھەتكە ئېلىپ ماڭدى دەڭلار، — دېدى ماھىرە.
قەيسەرمۇ بۇ ئىككى بالىغا گەپ ئۆگىتىپ ماڭدى.
ئۇلار ئۈرۈمچىگە بارىدىغان ماشىنىغا چىقتى، قەيسەر بىلەن ماھىرەنىڭ شېرىن چۈشلىرى بىر كۈندىن كېيىنلا بەربات بولدى، ئۈرۈمچىگە ئاز قالغاندا بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسى دىلو مەلۇم

قىلغاچقا ، ساقچىلار تەرىپىدىن ئىككى بالا بىلەن ماھىرە ، قەيسەرلەر قولغا چۈشتى .

— قەيسەر ، بۇ ئىشنى سەن ئۈستۈڭگە ئال ، مېنى خەۋىرى يوق دېگىن ، — دېدى ماھىرە پىچىرلاپ .

— ياق ، مەن ئۈستۈمگە ئالسام ، مېنىڭ بالام ، خوتۇنۇم قانداق قىلىدۇ ، — دېدى قەيسەر پىچىرلاپ .

— لاتا ، سەن ئايالىڭدىن تېخى ئايرىلمىغانمۇ ؟ — دېدى ماھىرە .

قەيسەر جىم تۇردى ، ماھىرەگە قاراپ يالۋۇرغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالدى .

— مەن سەن دەيۈزنىڭ كەينىگە كىرىپ ، جىنايەت يولىغا ماڭدىم ، — دېدى ماھىرە قەيسەرگە ئالىيىپ .

— مەن سېنىڭ دامىڭغا چۈشۈپتىمەن ، ئېسىت ، خوتۇنۇم ، بالىلىرىم . ساتىراشلىقىمنى قىلىۋەرسەم بولماسمىدى ، — دېدى قەيسەر .

تۇنۇگۈنلا كۆيدۈم - پىشتىم دەپ يۈرۈۋاتقان بۇ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ مۇھەببىتى گويا مامىكاپتەك توزۇپ كەتتى . ئۇلار ئەمدىلىكتە بىر - بىرىدىن يىرگىنىپ كەتكەنىدى .

تۇرمە ئىشىكى ئالدىدا قولىغا كويزا سېلىنغان ماھىرە قەيسەرگە قەھرى بىلەن ئالايدى . قەيسەرمۇ ماھىرەگە زەردە بىلەن ھومايدى . ئۇلارنىڭ قەلبىدە مۇھەببەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى ···

## 3

تۈرمە ئىچىدە مەھبۇسلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن چېلىنغان قوڭغۇراق ئاۋازى ماھىرەنى خىيالدىن ئويغاتتى .

بارلىق مەھبۇسلار ئالدىراش سەپكە تىزىلدى ـ دە ، يۈگۈرۈش ئۈچۈن كارىدورغا ماڭدى .

ــ ۋىيەي ، ئەجەب تويدۇم يۈگۈرۈشتىن ، ــ دېدى خانسايىپخان .

ــ ھەي قېرى توخۇ ، تېزراق ماڭ ، سەپتىن چۈشۈپ قېلىپ يەنە جازالىنىپ قالما ، ــ دېدى ساجىدە .

ــ ئىشىڭنى قىلە ، شاتۇتىدەك تولا گەپ قىلىدىغان ، ــ دېدى خانسايىپخان .

چۈشتىن كېيىنكى ھەرىكەت ۋاقتى تۈگىدى ، ماھىرەنىڭ تۈرمىدىكى قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئىگىلىشى ھەممە ئايال مەھبۇسلاردىن ياخشى ئىدى . چۈنكى ، ماھىرە تۈرمىگە ھەممە ئايال مەھبۇسلارنىڭ ئالدىدا كىرگەنىدى . تېخى يېقىندىلا بىر قانچە ئايال مەھبۇس باشقا كامىرغا يۆتكىلىپ كەتكەن ئىدى . ماھىرە ئەمدىلىكتە گەپ قىلماي جىمغۇر بولۇپ قالغان تۈرانىسانىڭ ھالىدىن ھەر كۈنى خەۋەر ئېلىشقا باشلىدى ، باشقا ئايال مەھبۇسلارنىڭ بوزەك قىلماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى قوغداپ ھىمايە قىلدى .

ماھىرە سوراققا ئېلىپ چىقىلدى . يېنىپ كىرگەندە بىر ۋاراق قەغەزنى تۈتۈپ لاپسىيىپ كىردى . ساجىدە ماھىرەنىڭ قولىدىكى قەغەزنى قولىغا ئالدى .

ــ ھە ، ماھىرە ئاچا ساڭا كىلەر ھەپتە سوت ئاچىدىكەن ، بۇ تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەيىبلەشنامىسى ئىكەن . قەيسەر دېگىنى سېنىڭ ئېرىڭمۇ ؟ ئۇنىمۇ ئەيىبلەپتۇ ، ــ دېدى ساجىدە ماھىرەنىڭ قولىدىكى ئىككى ۋاراق ئەيىبلەشنامىنى كۆرۈپ .

ــ مېنىڭ ئېرىم ئەمەس ــ دېدى ماھىرە زەئىپ ئاۋازدا .

ــ ئەمىسە ئۇ كىم ؟ ــ دېدى ساجىدە .

— كۆرمىدىڭمۇ ، ئۇ دېگەن بىر ئەبلەخ ، ئالدامچى ، — دېدى ماھىرە .

— سەن بىزگە بالا ئالداپ ساتتىم دېگەنىدىڭ ، بۇ يەردە بالا ئالداپ ساتتى دېمەپتۇ ، بالىلارنى ۋەسىيسىدىن ئايرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان ، سوتقا ئەيىبلىنىدۇق دەپتۇ ، — دېدى ساجىدە .

— ھە ، بۇ مېنىڭ جىنايەتنامەم ، كىچىك بالىنى ئۆزى تۇرغان يەردىن ئالداپ باشقا يەرگە ئاپارسا ، ۋەسىيسىدىن ئايرىش بولىدۇ ، ئەڭ يۇقىرى جازا ئۈچ يىل ئوخشايدۇ ... ماڭا قانچىلىك بېرەركىنتاڭ ... ھەي ...

— خاتىرجەم بول ، ساڭا ئۇنچىلىك جىق جازا بەرمەس ، جىق بەرسە ئالتە ئاي جازا بېرەر ، — دېدى خانسايىپخان .

— ھە راست ، خانسايىپخاچا ، سىلىنىڭ مۇشۇ كەمگىچە ياكى ئەيىبنامىلىرىنى كۆرمىدۇق ، ياكى سوت ئاچمىدى . بىكار بولغاندىكىن سىلىمۇ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەرسىلە ، — دېدى ماھىرە .

— مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىم ، ئۇنداق مۇرەككەپ ئەمەس ، مۇھەببەتكە ، ئەرلەرگە چېتىلمايدۇ . مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىم ئىنتايىن ئاددىي بىر كەچۈرمىش ، خالاس . ئاڭلىغۇچىلىكى يوق بولسىمۇ سۆزلەپ بېرەي ، — خانسايىپخان ئۆزىنى جايلاشتۇرۇۋېلىپ سۆزىنى باشلىدى :

— مېنىڭ بۇ تۇرقۇمغا قاراپ مېنى تۇغۇلغاندىن باشلاپ مۇشۇنداق كۆتەكتەك سېمىزمىكىن دەپ قالماڭلار ، مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا خېلى گۈزەل ، لاتاپەتلىك قىز ئىدىم . نېمىشقىكىنتاڭ ، مەھەللىمىزدىكى يىگىتلەرنىڭ كۆزى ھەممىسى ماڭا چۈشكەندەك ئەتراپىمدا ئىدى . مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا نۇرغۇن يىگىتلەرنىڭ جېنىنى

ئېلىپ جاڭگالدا قويغانمەن .

— سىزمۇ يىگىتلەرنى ··· — دېدى ساجىدە .

— گېپىمگە قوشۇق سالما ، مەن ئەرلەرنىڭ جېنىنى سەندەك ئېلىشنى دېمىدىم ، ساراڭ قىز ، مەن يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىنى دەۋاتىمەن ، — دېدى خانسايىپخان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ .

— قاچاندىن باشلاپ ئۆگىنىپ قالدىم ، ئۆزۈممۇ بىلە - بىلمەيلا نەشە چېكىشنى ، نەشە چېكىپ يۈرۈپ ، بارا - بارا ئاق تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىۋالدىم . شۇ ۋاقىتلاردا مەن ئۆزۈمنى گويا ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم . بارا - بارا مەن زىلۋا قامىتىمنى ، زىل ئاۋازىمنى يوقىتىپ گۈزەللىكىمدىن ئايرىلىشقا باشلىدىم ، مېنىڭ مىڭ جاپادا تىجارەت قىلىپ تاپقان پۇللىرىم زەھەر تەرەپتىن خوراشقا باشلىدى . قېرى قىز بولۇپ ئوتتۇزدىن ھالقىغاندا قىز توييۇمنى قىلدىم . مېنىڭ ئېرىم يامان ئەمەس ئىدى . ئۇ خۇدانىڭ بىر مۆمىن قۇلى ئىدى . مەن تاماكا چەكسەم بۇرنىنى تۇتۇپ يۆتىلەتتى . توي قىلىپ ئۇزاققا بارماي ئېرىم مېنىڭ خىروئىن چېكىدىغان يامان ئادىتىمنى سېزىپ قالدى .

— سەن ئايال كىشى تۇرساڭ ، زەھەر چەكسەڭ قانداق بولىدۇ ، تاشلىساڭ ئۆي تۇتايلى ، بولمىسا ئاجرىشىپ كېتەيلى ، — دېدى بىر كۈنى .

— ئۇلتۇرساڭ چىداپ ئولتۇر ، كۆنگەن خۇيىنى سەن ئۆزگەرتەلەمتىڭ ، چەكمە دېسەڭ ، مەن تاشلىيالمايمەن ، — دېدىم مەن زىللىغىنى يوقاتقان بوم ئاۋازىم بىلەن ۋارقىراپ .

ئېرىمنىڭ نەسىھەتلىرى ماڭا ھېچ كار قىلمىدى ، ئېرىم مەندىن تېزلا ئاجراشتى .

مەن كۈندە نەشە ، خىروئىن چېكەتتىم . مېنىڭ تۇغقانلىرىم مېنى بىر قانچە قېتىم باغلاپ قويدى . ھەتتا ئاكىلىرىم ئاسماققا

ئېسىپ ئۆردى . ئاكام ماڭا : «بالا قىلمۇغىلىپ ، ياخشى ئۆتكىن» دەپ ئۆزىنىڭ تۇنجى قىزىنى ماڭا بېرىۋەتتى .

مەن بىر مەزگىل تاشلىغان بولسامۇ ، لېكىن يەنىلا زەھەردىن قول ئۈزەلمىدىم . بېقىۋالغان قىزىم چوڭ بولدى . مە شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغانلىقىمنى سەزدىم . مەن پۇشايمان قىلدىم ، يىغلىدىم . ئەمما ، كېچىككەن ئىدىم . كېيىن بېقىۋالغان قىزىم مېنى زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنىغا ئېلىپ بېرىپ مەجبۇري زەھەر تاشلاتقۇزدى . مەن زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنىدا زەھەردىن ئۈزۈل ـ كېسىل ئادا ـ جۇدا بولغانىدىم . بىراق مەن يەنىلا شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئىلگىرىكى چۆپقەتلىرىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم . پايدىنى كۆزلەپ يىگىرمە گرام خىروئىننى يۆتكەپ سېتىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغاندا نەق خىروئىن بىلەن تۇتۇلدۇم . مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىم مانا مۇشۇنداق ئاددىي . ئەتە ـ ئۆگۈن ماڭا سوت ئېچىپ ھۆكۈم ئېلان قىلىنىدۇ . تۈرمىدە قانچە يىل ياتىمەن ، بۇنى بىلمەيمەن ، ئىشقىلىپ مەن ئىنتايىن پۇشايمان قىلدىم . جاھاندا مەندەك پۇشايمان قىلغان ئادەم بولمىسا كېرەك . مەن بىر خوتۇن كىشى تۇرۇپ ئاياللىق بۇرچۇمنى ئۇنتۇپ مۇنداق رەزىللىكنى نېمىشقا قىلغاندىمەن . مەن بېقىۋالغان قىزىمغا يۈز كېلەلمەيمەن . قىزىم ئەل ـ كۈنىنىڭ ئالدىدا ، ئانىسى چېكىدۇ ، دەپ نام ئالدى ، ئۇنىڭ نامىنى بۇلغىدىم . مانا ئەمدى تۈرمىگە كىردىم . مەن قىزىمنىڭ بەختى ئېچىلسىكەن دەپ ئويلايتتىم ، قىزىمغا يۈز كېلەلمەيمەن . قىزىم ھەر ھەپتە كېلىپ ماڭا كىيىم ـ كېچەك ، تاماق توشۇپ بەك جاپا تارتتى . مەندەك قېرى مانا بۇ يەردە يېتىۋاتىمەن ... ـــ خانسايىپخان يىشىنى سۈرتۈپ كەچۈرمىشلىرىنى ئاخىرلاشتۇردى .

ماھىرە قوپال ، سۆرۈن تەلەت بۇ ئايالنىڭ يۈرىكىنىڭ تاش

ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى .

— قــــىزىڭىزغا قايتۇرىدىغان ئەڭ ياخشى جاۋاب تۇرمىدىن ياخشى ئۆزگىرىپ چىقىش ، — دېدى ماھىرە .

— تــوۋا نېمانداق ھالى چوڭ مەزلۇم بۇ دېسەم بىر بەڭگە خوتۇنكەنسىزغۇ ، دادام دائىم ماڭا «تاماكا چەككەن كىشىلەر ئۇ دۇنياغا بارغاندا تاھىر - زۆھرەنىڭ توينى كۆرەلمەيدۇ» دەيتتى . سىز كۆرەلمىگۇدەكسىز ، — دېدى ساجىدە .

— ھــە ، مــەن قــانــداق خــوتــۇنــكەنمەن ، سەندەك ئېرىنى زەھەرلىگەن ئايالدىن ياخشى . قاراپ تۇر ھۆكۈم كەلگەندە كۆرىمىز . ساڭا چوقۇم ئېغىر جازا بېرىدۇ ، — دېدى خانساپىخان .

تۇرانىسا تامغا يۆلىنىپ غال - غال تىترەشكە باشلىدى . ماھىرە تۇرانىساغا چاپان يېپىپ قويدى .

— ھــەمــمــىڭلار كەچۈرمىشلىرىڭلارنى سۆزلەپ بولدۇڭلار ، قېنى ، مەنمۇ سۆزلەپ باقاي ، — دېدى ساجىدە ئالدىراپ .

— ســەن بۇرۇن سۆزلەپ بولغان . ئەمدى سۆزلىمىسەڭمۇ بولىدۇ ، — دېدى يەنە بىر ئايال مەھبۇس .

— بۈگۈن مەن نېمە ئۈچۈن زەھەر سالغىنىمنى تەپسىلىي سۆزلەيمەن ، — ساجىدە گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — تۇرمۇشتا ئــادەتتىكى قائىدىلەردىن ھالقىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ . مۇھەببەت ، نىكاھ دېگەنلەر يەشكىلى بولمايدىغان سىر ئىكەن ...

— ھــەي بــۇنداق زېرىكىشلىك نېمەڭنى كىم چۈشىنىدۇ ، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېگىنە ، — دېدى ياشقا چوڭراق يەنە بىر ئايال مەھبۇس .

— ئالدىرىماڭلار . گەپنىڭ پوسكاللىسى لىرىكىلىق سۆزلەردىن كېيىن چىقىدۇ ، - ساجىدە كۈلدى - دە ، ھېكايىسىنى باشلىدى .

*  *

يىگىتلەرگە بولغان جەلپكارلىق تولا چاغلاردا قىزلارنىڭ تۇنجى تەسىراتىدىن ھاسىل بولسا كېرەك . مەنمۇ نۇرغۇن قىزلارغا ئوخشاش قىزغىن ، شوخ ، ئوچۇق ، مەردانە ، زېھنىم ، ھاياتنى كۆچۈم ئۇرغۇپ تۇرىدىغان چىرايلىق قىز ئىدىم . مانا كۆرۈۋاتىسىلەرغۇ ، مەن تەكلىماكاننىڭ گىرۋىكىدىكى بىر يېزىدا چوڭ بولدۇم . قۇملۇقتا ، توغراقتا بولغان مۇھەببەت مېنى خېلى چىدامىلىق قىلىپ چوڭ قىلدى . مەن گەرچە رەستە بولۇپ ، بويۇم خېلىلا ئۆسۈپ قالغان بولسىمۇ ، يەنىلا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم . مەھەللە تەۋەسىدىكى تەڭتۇشلىرىم كەينى ـ كەينىدىن توي قىلىشقا باشلىدى ، مېنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈشۈمگە يەنە بىر يىل بار ئىدى . بىر كۈنى مەن مەكتەپتىن ئۆيگە كېتىۋاتسام ئالدىمدا قوشنا يېزىلىق كاۋاپچى مامۇت دېگەن بالا پەيدا بولدى . ئۇ مېنىڭ يالغۇز تۇرغىنىمنى كۆرۈپ پەيت پىشىپ يېتىلدى دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك ، قەلبىدە ئۇزۇندىن بۇيان ساقلاپ كېلىۋاتقان مۇھەببەت ئەقىدىسىنى ماڭا بايان قىلىشقا باشلىدى :

— ساجىدە ، سىز بىلمەيسىز ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سىزنى ياخشى كۆرۈپ كەلدىم ، مەن بىلەن توي قىلىسىز ...

— نېمە دەۋاتىسىز ، مەن ئوقۇغۇچى تۇرسام ، ئۇنداق گەپ قىلماڭ ، مەن ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىردىم ، — دېدىم مەن پوكاندەك قىزىرىپ .

— مەن ساقلايمەن ، سىزنى ياخشى كۆرۈپ كەلدىم ، سىزنى ئۆمۈرلۈك بەختلىك قىلالايمەن . بۇ مېنىڭ سەممىي قەلبىمدىكى گەپ ، ئالدىرىماي ئويلاپ كۆرۈپ ، جاۋاب بەرسىڭىز بولىدۇ ، — دېدى مامۇت مەندىن يىراقلاپ .

مەن ماموتنىڭ تەلپىنى كەينى ـ كەينىدىن چىرايلىقچە رەت قىلغان بولسامموۇ ، كۆڭۈلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ماموتنىڭ سەمىمىي ھېسسىياتىنىڭ تەسىرىدە ماڭىمۇ ئىسسىق ئۆتۈشتى بولغاي ، ئاخىر ماموتنىڭ تەلپىگە قوشۇلدۇم ، ماموت مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر يىللىق ئوقۇشۇم توشقۇچە ساقلىماقچى بولدى .

ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى . قولۇمغا مەكتەپ پۈتتۈرۈش دىپلومىنى ئالدىم . يېشىممۇ ئون سەككىز ياشقا توشقان ئىدى ، ئەمدىلىكتە توي قىلسام بولىدۇ بېرەتتى ، مەن دادامدىن قېلىپ ، ئانام بىلەن ياشىغىلى خېلى ئۇزۇن بولغانىدى . ئانام ماڭا نىسبەتەن ھەم ئانا ، ھەم دادا ئىدى . مەن ئانامنىڭ ھەرقانداق گېپىنى ئاڭلايتتىم .

مەن ماموتنىڭ ماڭا توي تەكلىپى قويغانلىقىنى ھەمدە ئۆزۈمنىڭ ماقۇللۇق بەرگەنلىكىمنى ئانامغا ئېيتتىم .

— نېمە ؟ ماموت دېگەن بىلەن توي قىلماقچىمۇسەن ؟ مەندىن يوشۇرۇنچە نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ ، مەن تۇغقانلار بىلەن دېيىشىپ قويغان ، سەن نەۋرە ئاكاڭ غالىپ بىلەن توي قىلىسەن ، يېقىندا چاي ئىچۈرىمىز ، — مېنىڭ رازىلىق بەرگىنىمنى ئاڭلىغان ئانام چۆچۈپ كەتكەنىدى . ئانام يىغلاشقا باشلىدى .

— ئانا مەن ھېچقانداق ئىش قىلمىدىم ، ماموت تەلەپ قويدى ، ساڭا دەۋاتىمەن شۇ ، — دېدىم مەنمۇ ئانامدىن قورقۇپ ، چۈنكى ئانامنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ قالسا مەن تەنھا قالاتتىم .

مەن ئانامنىڭ دېگەن گېپىدىن يانمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم ، غالىپلار بىز بىلەن قوشنا يېزىدا ئولتۇراتتى . غالىپ قويننىڭ قوزىسىدەك ياۋاش ، ئايىغىدا چۈمۈلە ئۆلمەيدىغان يىگىت ئىدى . ئۇ بىر قېتىم توي قىلىپ ئاجرىشىپ كېتىپ ، بويتاق ئولتۇرۇۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ بىزدەك دېھقان بولۇپ ،

دىققانچىلىقنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدا غالىپ كۆڭلىرىنى سوۋۇتقىچىلىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. مەن ئەمدىلىكتە قانداق قىلىش توغرۇلۇق دىلىغۇل بولۇشقا باشلىدىم. چۈنكى، ماموتنىڭ سىيماسى مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن ھېچ كەتمەيتتى، مەن ئويلاۋېرىپ ئاخىر ئانامنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماسلىق نىيىتىگە كەلدىم.

بىر كۈنى ماموت مېنى ئىزدەپ كەلدى.

— مەكتەپنىمۇ پۈتتۈردىڭىز، ئەمدى ئۆيدىكىلەرگە دېسىڭىز، تويىمىزنى قىلساق، — دېدى ماموت.

— كەچۈرۈڭ، مەن نەۋرە ئاكام بىلەن توي قىلىدىغان بولدۇم. ئۆيۈمدىكىلەر قوشۇلمايدىكەن، ئەمدى ئىزدىمەڭ، — دېدىم مەن يىغلاپ تۇرۇپ.

ماموت ماڭا يالۋۇردى، مەن ماموتتىن ئەپۇ سوراپ تۇرۇۋالدىم.

— بىكارغا سېنى بىر يىل ساقلىدىم، سەن ئادەم ئالدايدىكەنسەن، يالغانچى ئىكەنسەن، نېمىشقا ئاناڭنى قايىل قىلمايسەن؟ مېنىڭ ئاناممۇ بىر يىل ئىلگىرى توي قىلسەن دەپ ئالدىراتقانىدى. «مەن توي قىلىدىغان قىزىم بار» دەپ نۇرغۇن قىزلارغا ئۇنىمىغانىدىم. ئىستت ساڭا قىلغان ئەقىدەم، سەن ۋىجدانسىز بىر نېمە ئىكەنسەن، — ماموت قەھرى بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى.

— مېنىڭ قانداق ئەيىبىم بار ئىكەن؟ — دېدى ماموت مەندىن يىراقلاپ.

دېمىسىمۇ ماموتنىڭ ھېچقانداق ئەيىبى يوق ئىدى. ھەقىقىي يىگىتلىك خىسلەت ماموتتا بار ئىدى، ماموت كەينىگە ياندى ــ دە، يەنە سۆزلەشكە باشلىدى.

— تۇغقىنىڭ بىلەن توي قىلىپ، ياخش بولالمىساڭ ئارىغا

سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالىدۇ . تۇغقانلىقتىن ئايرىلىپ كېتىدىغان گەپ ، رىزىق دېگەن مەڭگۈلۈك بولمايدۇ . كېيىنچە ئاجرىشىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرىپ قالىدۇ ، ئۇ چاغدا ئاناڭغا ئىچ پۇشۇقى تېپىپ بېرىسەن ، ئاناڭنى قايىل قىلالامسەن ، — دېدى مامۇت يالۋۇرۇپ .

ئەسلىدە مامۇت توغرا ئېيتقان ئىكەن ، مەن ئۇ چاغدا بۇلارنى ھېس قىلماپتىكەنمەن .

— ئانام تۇغقىنىمنىڭ يۈزىنى قىلمىسام بولمايدۇ دەيدۇ ، ئانامنىڭ گېپىنى يەرگۈزمەيمەن ، — دېدىم مەن يەرگە قاراپ .

— ۋىجدانسىز ، تۇفى ...

مېنىڭ كۆڭلۈمدە مامۇتنىڭ بۇرۇن ماڭا قىلغان «سېنى ياخشى كۆرىمەن ، توي قىلايلى» دېگەن گەپلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرغاچقا ، ئۇنىڭ تىللىرى ماڭا ھېچ كار قىلغاندەك ئەمەس ئىدى .

ئۇزۇن ئۆتمەي مامۇت بىز بىلەن بىر يېزىلىق قىز بىلەن چوڭ توي قىلىپ ، ناغرا - سۇناي چالدى . مېنىڭ يۈرىكىم مۇجۇلغاندەك بولسىمۇ ، لېكىن مەن يات ئارىدا توي قىلمەنغۇ ؟ سەن مەندىن بالدۇر چىقتىڭ شۇ ، دېگەنلەرنى ئويلاپ مەنمۇ ئۆز ئىشىمنى قىلىۋەردىم .

مەنمۇ ئۇزۇنغا بارمايلا غالىپ بىلەن توي قىلدىم .

ئادەم ئۆز قەلبىنى ئالدىيالىغان بىلەن ، لېكىن تۇرمۇشنى ئالدىيالمايدىكەن ، كەسكىن تۇرمۇش ئالدىدا غالىپ بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئەپت - بەشىرىسى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى .

— مەن بۇگۈن ئانامنىڭ ئۆيىدە يېتىپ كىرەي ، — دېدىم مەن توي قىلىپ ئون بەش كۈن بولغاندا ئانامنىڭ يالغۇزلۇقىغا قىيالماي .

غالىپ ئۇنىماي مېنى ئۆيىگە ياندۇرۇپ كىردى - دە ، كىرىپلا

مېنىڭ ئېڭىكىمگە ئىككى تەستەك سالدى .

ــ مېنى نېمىشقا ئۇرىسەن . ــ دېدىم مەن ھەيران بولۇپ .

ــ نېمىشقا ئۆيۈڭدىن كىرگىلى ئۇنىماي قالىمەن دەپ تۇرۇۋالىسەن ، ئۇنداق ئادەم مەن بىلەن نېمىشقا توي قىلىسەن ، ئانام يالغۇز دېسەڭ ، ئاناڭ بىلەن ئۆتسەڭ بولماتتى؟ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇبدان ئولتۇرساڭ ئولتۇر ، بولمىسا ئۇرۇپ ئادەم قىلىمەن سېنى ، سېنىڭ ئاناڭ بىزنىڭ تۇغقىنىمىز ، ئۇ ماڭا قانداق قىلساڭ قىلىپ قىزىم بىلەن ياخشى ئۆتكىن دېگەن ، ــ دېدى غالىپ قەھرى بىلەن .

قويىنىڭ قوزىسىدەك ياۋاش بۇ ئەرنىڭ غەزىپى مېنى سەل تېرىكتۇرگەن بولسىمۇ چىدىدىم ، لېكىن بۇنداق دەتالاش دائىم بولۇپ تۇردى .

ئەتىگەندىلا قېينانام ، ئېرىمنىڭ سىڭلىسى قاتارلىق بىر قانچە ئادەمگە لەغمەن سېلىپ ، قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولۇشۇمغا ، ئېرىم سۆزلەشكە باشلىدى .

ــ خوتۇن ، ئېتىزلىقتىكى ئىشلارنى تېزراق تۈگىتىڭلار ، بۈگۈن يەكشەنبە بازارغا ئەكىرىپ سىلىگە ياخشى كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بېرەي ، ھى ··· ھى ··· ــ غالىپ ماڭا قاراپ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈشكە باشلىدى .

مەن قايىقىنى ئاچمايدىغان غالىپنىڭ ماڭا كىيىم ئېلىپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ، بۇ بېخىل ئېرىمدىن سۆيۈندۈم ـ دە ، دەرھال ئېتىز ئىشلىرىنى تۈگىتىپ كىيىملىرىمنى كىيىپ تەييار بولدۇم . چۈنكى ، توي قىلىپ ئىككى ئاي بولغاندىن بېرى ، ئېرىمنىڭ مېنى تۇنجى قېتىم بازارغا ئېلىپ بېرىشى ئىدى . مەن غالىپ بىلەن بازار ئايلىنىشقا باشلىدىم . غالىپ قىممەت ماللار بازىرىغا باشلىسا ، مەن ئۇنى ئاياپ ئەرزان ماللار بازىرىغا ئاپاردىم .

— بۇ مايكىنى ئالاي .
— قانچە پۇلكەن ؟
— ئون بەش سومغا بەرمىدى .
— ئەمىسە بۇنى ئالاي .
— قانچە پۇلكەن …
— ئون سومغا بەردى ، مۇشۇنىلا ئالايلى ، خاتىرە بولۇپ قالسۇن ، بولدى باشقا نەرسە ئالمايلى ، — دېدىم مەن .
— قىممەتكەن ، بولمايدۇ ، — دېدى غالىپ .
ئادەم شۇنچە كۆپ بازاردا ئون سوملۇق بىر مايكىنىمۇ ئېلىپ بەرمىگىنىنى كۆرۈپ ، مېنىڭ ئاچچىقىم كەلدى .
— ھەي ، مەن سېنىڭ خوتۇنۇڭمۇ نېمەڭ ، ئون سوملۇق نەرسىنىمۇ ئېلىپ بېرىشكە چىدىمىساڭ ، بۇگۇن ماڭا نېمە ئېلىپ بېرەتتىڭ ؟ — دېدىم مەن ئاچچىقىمدا .
— قىممەتكەن ، ئۆزۈڭ ئېلىۋالغىن ، ساڭا بىر نەرسە ئېلىپ بېرىدىغانغا بىكاردا قالغان پۇلۇم يوق مېنىڭ ، — دېدى غالىپ مېنى مەنسىتمەي .
ئەسلىدە مەندە پۇل يوق ئىدى . غالىپ بازارغا مېڭىشنىڭ ئالدىدا يانچۇقىغا خېلى كۆپ پۇل سالغانىدى . مەن غالىپنىڭ مېنى بازارغا سەتلەشتۇرگىلى ئېلىپ كىرگەنلىكىنى ھېس قىلدىم - دە ، غالىپنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىۋالدىم .
— ھەي ، نېمىشقا ئۇكام غالىپنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىۋالىسەن ، سەت تۇرمامدۇ بازاردا ، پۇل بولسا ئېلىپ بەرمەمدۇ ، ماڭ ، ئانامنىڭ قېشىغا بارىمىز ، — دېدى غالىپنىڭ ئاچىسى پەيدا بولۇپ .
باياتىن بېرى غالىپنىڭ ئاچىسى غالىپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىزنىڭ كەينىمىزدىن ئويۇن كۆرۈش ئۇچۇن ماڭغانلىقى

ئىنىق ئىدى . غالىپنىڭ ئاچىسى مېنى يېتىلەپ قېيىنانامنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى ، قېيىنانام ئۆزۈم ، گۆلە سېتىۋاتاتتى .

— ئانا ، قارا ساجىدە غالىپنىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋېلىپ ، «كىيىم ئېلىپ بەر» دەپ غالىپنى شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلغىلى تۇرۇپتىكەن ، سەتلىشىپ قالمىسۇن دەپ غالىپنى بازاردىلا قاچۇرىۋەتتىم ، — دېدى غالىپنىڭ ئاچىسى ئانىسىغا چېقىشتۇرۇپ .

— غالىپ مېنى زاڭلىق قىلىپ ، ئون سوملۇق بىر مايكىنى تۇتسام ، شۇنىمۇ ئېلىپ بەرمىدى ، — دېدىم مەن ئاچچىقىمدا ۋارقىراپ .

— سىز دائىم كىيىم غەلۋىسى قىلامسىز ، جىڭ ئاق تۇمشۇق خېنىمكەنسىز ، خەققە ئۆز كۆرۈنەي دېگەنما ؟ سىزنى ئانىڭىزغا تۇتقۇزۇپ بەرمىسەم خەپ ، قېيىنانامنىڭ ئاچچىقى مەندىن بەتتەر كەلگەن ئىدى .

مەن ئەمدىلىكتە شۇنداق خورلۇق ھېس قىلىشقا باشلىدىم . ئاناممۇ كىردى .

— ئانا مېنى بۇ ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىڭ ، مەن غالىپ بىلەن ئاجرىشىمەن ، — دېدىم مەن يىغلاپ تۇرۇپ .

— قىزىم ، قېيىنانىڭدىن ئاڭلىدىم . ئولتۇرغاچ تۇرغىن ، مانا مەن ساڭا كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ كەلدىمغۇ ، بىز ئۇرۇق ـ تۇغقان ، ساڭا ئەجىر بولىدۇ ، كىيىم غەلۋىسىنى جىق قىلما ، بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى ئۆتۈپ كەتكىن ...

ئانام بىر ھازا تەسەللى بېرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى .

مەن ئەمدىلىكتە قايتىدىن ئويلىنىشقا باشلىدىم ، ئانامنىڭ گېپىگە كىرىپ ، ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشىم بىلەن ئويناشقانلىقىمنى ھېس قىلدىم ، مەن قانداقلا بولمىسۇن غالىپتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلىشقا باشلىدىم .

مېنىڭ كۆڭلۈمدە تۇنۇگۇنلا شېرىن ـ شېكەر ۋەدىلەرنى بەرگەن غالىپنىڭ كۈپكۈندۈزدە ئۈن سوم ئۈچۈن قىلغان ئاھانىتى، قانداقتۇر بىر رەزىللىك ئۇرۇقىنى بىخلىتىپ، يۈرىكىم مۇجۇلۇشقا باشلىدى.

تېزراق ئۆچ ئېلىپ بۇ نىكاھتىن قۇتۇلۇش ئارزۇسى مېنى قىيناشقا باشلىدى. مامۇتنىڭ سىيماسى، غالىپنىڭ ۋاپاسىزلىقى، ئاھانىتى، قېيناناملنىڭ بېشەملىك بىلەن قىلغان سۆزلىرى... ئانامنىڭ يالۋۇرۇشلىرى...

— بىز كېلىشەلمىگۈدەكمىز، ئاجرىشىپ كېتەيلى، — دېدىم مەن غالىپقا.

— تويىنى تەس قىلدۇق، ئاجرىشىپ كەتسەم ئەل كۆزىنىڭ ئالدىدا ئەيىبنى ماڭا قويىدۇ. سەن شۇنچە چىرايلىق تۇرساڭ، سېنى قانداقمۇ قويىۋەتكۈم كېلىدۇ، بۇ نىيىتىڭدىن يانغىن بولامدۇ؟ — غالىپ تاراسلىتىپ ئېڭىكىمگە ئىككىنى سالدى، — مەندىن ئاجرىشىپ كىمگە تېگەتتىڭ، مەن يارىمىدىممۇ، يا.

مەن بۇ قورقۇنچلۇق چۈشكە بالدۇراق خاتىمە بېرىپ گۈزەل تۇرمۇشنى قايتىدىن تېپىشنى قارار قىلدىم ـ دە، چاشقان ئۆلتۈرۈش دورىسى سېتىۋېلىپ، شۇ دورا ئارقىلىق بۇ نىكاھتىن قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت رەزىل پىلاننى تۈزۈپ چىقتىم. مەن ئاخىرى چاشقان دورىسى سېتىۋالدىم. دورىنى خۇددى ئالتۇن ساقلىغاندەك ساقلىدىم. قاچان قول سېلىش كېرەك؟ قانداق قول سېلىش كېرەك؟ ئۆلمەي قالسىچۇ؟ ئەڭ ياخشىسى سۇيۇقئاش ئەتكەندە قاچىسىغىلا سالاي... مەن مانا مۇشۇنداق رەزىل خىياللارنى قىلىشقا باشلىدىم. ئاخىر پەيت كەلدى، مەن سۇيۇقئاش ئېتىپ، غالىپنىڭ قاچىسىغا چاشقان دورىسى سالدىم ـ دە، ئاشنى قوللىرىم تىترەپ، ئاران دېگۈدەك ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن غالىپنىڭ ئالدىغا قويدۇم.

غالىپ ئاشنى بار ئىشتىھاسى بىلەن ئىچىشكە باشلىدى .
قېيىنانامنىڭمۇ كۆڭلى تۇيدىمۇ ، قانداق ، قېرىشقاندەك بىزنىڭ ئۆيگە كىردى ، مەن قېيىنانامغا بىر قاچا ئاش ئېلىپ چىقتىم .
— ئاشنى تەملىك ئېتىپسىز ، سىزمۇ ئىچىڭ ، — دېدى قېيىنانام .
— ئانا ئاشتا كۆمۈر تۇرىدىغۇ ، قاپقارا ئىكەن ، قاراڭا ، — دېدى غالىپ ئاشنىڭ يېرىمنى ئىچىۋېتىپ .
ئەسلىدە غالىپنىڭ قاچىسىدىكى دورا ، ئاشنىڭ ئاستى تەرىپىدە تېخى ئېرىمىگەن ئىدى .
— ۋاي قورسىقىم ، ھۆ ... ھۆ ... — غالىپ يۆچىلىنىشقا باشلىدى .
— بالامنىڭ ئېشىغا دورا سالپسەن - دە ، ھۇ قاتىل !
قېيىنانام ئاشتىكى ئۇششاق قارا مۇنەكچە نەرسىنى كۆرۈپلا ، زەھەر ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى .
مەن ئالدى - كەينىمگە قارىماي ئانامنىڭ ئۆيىگە چىقتىم - دە ، ئانامنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم .
— ئانا ، مەن غالىپنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم ، — دېدىم مەن ئانامنى قۇچاقلاپ .
غالىپنىڭ ئانىسى غالىپنى دوختۇرخانىغا يۆتكەپ زەھەرنى تېزلا تاتقانىكەن ، بەختىمگە يارىشا غالىپ ئامان قالدى . مەن بۇ نىكاھتىن مانا مۇشۇنداق قۇتۇلدۇم . مەن ھازىر ئەمەلگە ئاشمىغان قاتىللىق جازاسى بىلەن تۈرمىگە چۈشكىلى بىرقانچە ئاي بولدى ، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەيىبنامىسىمۇ قولۇمغا تەگدى ، سوتنى كۈتۈۋاتىمەن .
ساجىدە ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇردى .
— تۇۋا ، ساجىدە ، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ زەھەر سالامسەن ؟ — دېدى بىر ئايال مەھبۇس .

— مەن ئۇ چاغدا قانۇننىڭ ئالدىغا بېرىشنى ئەسلا ئويلاپ باقماپتىمەن، مەن شۇنداق قىلمىسام غالىپتىن مەڭگۇ قۇتۇلالمايدىغاندەك ھېس قىلىپ، ئاچچىقىمدا شۇنداق قىلىپتىمەن، — دېدى ساجىدە.

— مۇشتۇمدەك تۇرۇپ، ئەرنى قەدىرلىمەي قىلغان ئىشنى قاراڭلار بۇنىڭ، ھەي ... كىچىكتە ... — دېدى خانسايىپخان.

— تۇرمىدىن چىقساڭ مامۇتقا تېگەمسەن؟ — دېدى يەنە بىر ئايال مەھبۇس.

— مامۇت ئاللىقاچان توي قىلىپ بولدى، ھەي، قاچان چىقىمەن، قانچە يىلدىن كېيىن چىقىمەن، ھەر نېمە بولسا غالىپ ئۆلمەپتۇ، ئۆلگەن بولسا ياكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىناتتىم ياكى تۇرمىدىن چىقالماي تۈگەيتتىم. بىچارە ئانامغا بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ، — ساجىدە شۇنداق دېدى ـ دە، جىم بولۇپ قالدى.

ساجىدەنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغان تۇرانىسانى يەنە سۇر بېسىشقا باشلىدى.

گۇم ... گۇم ... قىلغان ئوق ئاۋازى ... ئىككى كىچىك قىزىنىڭ قوللىرىنى سوزۇشۇپ «ئانا... ، ئانا!... » دەپ توۋلىشى، تۇرانىسانىڭ ئاپئاق كىيىم بىلەن ئاستا يىقىلىشى...

— ياق... ، ياق... ، باللىرىم! ...

تۇرانىسا تۇيۇقسىز توۋلاپ كەتتى.

— نېمە بولدىڭىز تۇرانىسا؟ ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇڭ ... — ماھىرە شۇنداق دېدى ـ دە، تۇرانىسانىڭ چېكىسىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى ، تۇرانىسا سەل تىنچىدى...

## 4

تۇن نىسپى. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ بويىغا جايلاشقان بۇ

خىلۋەت كەنتتە چىقىۋاتقان بوران توغراق شاخلىرىنى ئىرغاڭلىتىپ ، ياغاچتا سىلىنغان پ پاكار ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدىكى پاسار شاخلىرىنى ئۇچۇرۇپ ، تەرەپ ـ تەرەپكە ئېلىپ كەتمەكتە ئىدى ...

— قىزىم ، تۇرانىساخان ، قولچىرىغى ئېلىپ چىقىڭا ، ئۆگزىدىكى ئوت خەسلەرنى بوران ئۇچۇرغىلى تۇردى ، جايلاشتۇرۇۋېتەي ... — دېدى بىر بوۋاي هويلىغا چىقىپ .

ئاتمىش ياشلاردىن هالقىغان بۇ بوۋاي تۇرانىسانىڭ دادىسى ئىدى .

— دادا ، ئۆگزىگە مەن چىقاي ، قولچىراغنى سىلە ئۆگزىگە يورۇتۇپ بەرسىلە ، — ياغلىقنى چېكىسىگە ئوراپ چىكىۋالغان تۇرانىسا قولچىراغنى دادىسىغا بېرىپ ، ئۆگزىگە چىقىپ قېپقالغان پاسارلارنى چىگىپ ئۇستىگە ياغاچ ئېلىپ بىر قۇر جايلاشتۇردى ـ دە ، پەسكە چۈشتى .

— دادا ، بولدى كىرىپ ئۇخلىسىلا ، ئەمدى بوران ئوت ـ خەسلەرنى ئۇچۇرالمايدۇ ، — دېدى تۇرانىسا . بوۋاي كىرىپ كەتتى .

تۇرانىسا قولى چېۋەر ، چىرايلىق قىز ئىدى . ئۇنىڭ گۈزەل چىرايى ، مەهەللىدىكى ياشلارنى جەلپ قىلىپ ، نۇرغۇنلىرى توي قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ ، تۇرانىسا يا ئۇنداق ، يا مۇنداق سەۋەب كۆرسىتىپ توي قىلىشقا ئۇنىمىغانىدى .

تاڭ سەهەر ، تۇرانىسا ئالدىراش هالدا هويلا ـ ئارامنى سۈپۈرۈپ بولۇپ ، دەرۋازا ئالدىنى سۈپۈرۈۋاتاتتى .

— هەي ، تۇرانىسا بىز توي قىلايلى ، — بۇ گەپتىن چۆچۈگەن تۇرانىسا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى ، ئالدىدا ياقۇپ تۇراتتى .

— ئەتىگەندە نېرۋامغا تېگىپ ، تولۇمدىن توقماق چىققاندەكلا گەپ قىلدىڭا ، مەن سەن بىلەن چىقىشالمايمەن ، — دېدى تۇرانىسا ،

ئاندىن ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى .

يىپقىنىدىن بېرى ياقۇپنىڭ كۆزى تۇرانىساغا چۈشكەندى . ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ ياقۇپ يەنە تۇرانىسا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى .

— تۇرانىسا ، ماڭا ماقۇل دېگىن ، مەن سەن بىلەن توي قىلىپ سېنى ئىچكىرىگە ئەكىرىپ كېتەي ، بولامدۇ ؟ — دېدى ياقۇپ .

— مېنىڭ غېمىمدە قالماي ، ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنىقىلغىنا ، مەن ساڭا تەگمەيمەن ، ئۆيدىكىلەرمۇ مېنى ساڭا بەرمەيدۇ ، چۈنكى سەن بىر هاراقكەش تۇرساڭ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سەن بىر جېدەلخور ، ئەڭ ياخشىسى سەن مېنى ئاۋارە قىلما ، — دېدى تۇرانىسا .

ياقۇپنىڭ ئاچچىقى كەلدى .

— ماڭە ، سەن نېمىتىڭ ، چىرايىڭنى دەپ ئالاي دېدىم سېنى ، خەپ ، مېنى هاراقكەش دەپ بىر ناسۇۋال ، بەڭگىگە خوتۇن بولارسەن ئىگەكىم ، - - دېدى ياقۇپ .

قىپرىشقاندەك ئەمدىلىكتە تۇرانىسانى ئىزدەپ تۇرانىسانىڭ ئۆيىگە كەنت باشلىقىنىڭ ئايالى كەلدى .

— قىزىم ، ئوغلۇم قاسىم دائىم سېنىڭ گېپىڭنى قىلىدۇ . شۇڭا ، ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويايلى ، دەپ كېلىشىم ، سەن نېمە دەرسەنكىن ،— دېدى كەنت باشلىقىنىڭ ئايالى .

— ئاچا ، مەن قاسىم بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشەي ، خاپا بولماڭ ، جاۋابنى كېيىنچە قاسىمنىڭ ئۆزىگە بېرەي ، — دېدى تۇرانىسا .

كەنت باشلىقىنىڭ ئايالىنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى - دە ، بۇ خۇش خەۋەرنى ئوغلى قاسىمغا يەتكۈزدى . قاسىممۇ ياقۇپ بىلەن تەڭتۇش ئىدى ، بىراق ياقۇپتەك كۈندە هاراق ئىچىۋېلىپ جېدەل ئىزدەپ يۈرمەيتتى .

تۇرانىساغا بولغان سەۋدايى ئاشىقلىق ياقۇپنى هاراق ئىچىسلا

كۆندە جىم ئۇلتۇرغۇزمايتتى ، ياقۇپ مەست بولسىلا تۇرانىسانىڭ ئىشىكنى چېكەتتى ياكى تۇرانىسانى يولدا توسۇۋالاتتى . — تۇرانىسا ئىشىكنى ئېچىڭ ...

بۇ مەست بولسىلا تۇرانىسانى ئىزدەيدىغان ياقۇپنىڭ ئاۋازى ئىدى . دەل شۇ چاغدا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قاسىم تۇرانىسانىڭ ئۆيى ئالدىدا ئىشىكنى چېكىپ ئاۋارە قىلىۋاتقان ياقۇپنى كۆردى - دە ، ياقۇپنى ئېلىپ كېتىش نىيىتىگە كېلىپ ياقۇپنىڭ يېنىغا باردى :

— ئاداش ، ماڭە ئۆيۈڭگە ، ئېشەك سۈيدۈكى ئىچكەندىكىن جىم ياتقىن ، ماڭ ، — دېدى قاسىم ياقۇپنى سىلكىشلەپ .

— ھــە ، سەن قاسىمكەنسەنغۇ ، سەنمۇ تۇرانىسانى كۆزلەپ كەلگەنسەن ، مانا ... مانا ساڭا ...

ياقۇپ مەستلىكتە قاسىمنىڭ بىلىكىگە پىچاق تىقىۋەتتى ، بۇ ئىش شۇ كېچىدىلا پۈتۈن مەھەللىگە پۇركەتتى .

— كەنت باشلىقىنىڭ ئوغلى قاسىمنىڭ قولىغا ياقۇپ پىچاق تىقىۋېتىپتۇ ...

— تۇرانىسانى تالىشىپ ، تۇرانىسانىڭ ھويلىسىدا تەڭ كېچىدە تىقىپتۇ دەڭلار ...

—قاسىم ئۆلگەن بولسا نېمە ئىشلار بولار ئىدى ...

— شــۇنى دېمەمسىلەر ، ساقچىلار ياقۇپنى تۈرمىگە سولاش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىپتۇمىش ...

— ھەي ، تۇرانىسا ئەسلىدە شۇنداق قىزكەن ئەمەسمۇ ، توۋا قىلدىم خۇدايىم ...

— نېمە قىلىدۇ ، ئىككى ئەرنى تەڭ چىللاپ ، خوپ بولۇپتۇ ، بۇزۇق ...

تـۇرانىـسانىڭ مۇھەببەتلىك ھاياتى مانا مۇشۇنداق تۆھمەت

سۆزلىرى ئىچىدە باشلانغانىدى .
— ھەي يىگىتلەر ، كۆڭۈل خۇشى قىلساڭلار ، ئاۋۇ ئاسىپ ئاخۇنۇمنىڭ قىزى تۇرانىسانى ئىزدەڭلار ...
— بىرى كار قىلماس ئۇ قىزغا ...
— ئادەمنى قورقۇتمىغىنا تۇرانىسانى كۆرسەملا سۇر باسىدىغان بولىۋالدى .
— ھەي ، ياقۇپ كېسىلىپ كېتەرمۇ ، مەست يورگەن بىلەن ياخشى بالا ئىدى ...
— ھەي ، قاسىمنىڭ زەخىمىسى ئېغىركەن ...
— ساقچىلار ، ياقۇپنى قولغا ئاپتۇ ...
— قولغا ئېلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنى كۆرۈپ كەلدىم ...
— تۇرانىسا دېگەن بىر نېمىنى دەپ ، كەنتىمىزدىن ئىككى يىگىتنى نەس باستىدە ...
— كىممۇ ئالار ... تۇرانىسا دېگەن نەس قىزنى ...
كەنت تەۋەسىدىكى ھەر خىل گەپلەرنى ئاڭلىغان تۇرانىسا ، ئەمدىلىكتە سىرتلارغا چىقماس بولۇپ قالدى . كۆپ ئويلىنىشتىن كېيىن تۇرانىسا ئۆز بەختىنى ئىزدەپ باشقا ۋىلايەتكە چىقىپ پاختا تېرىپ پۇلغا ئىشلەش ئۈچۈن دادىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى .
تۇرانىسا سىرتلاردا ئىشلەمچىلىك قىلىش داۋامىدا قوشنا يېزىلىق مەرۇپ بىلەن تونۇشۇپ ، شۇ يەردىلا توي قىلىپ كىرگىلى ھەش - پەش دېگۈچە تۆت يىل بولۇپ قالدى . بۇ تۆت يىل جەريانىدا تۇرانىسا ئىككى قىز پەرزەنتمۇ كۆردى .
مەرۇپ گەرچە تۇرانىسادىن خېلى چوڭ كۆرۈنسىمۇ ، ئەمدىلا ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىرگەنىدى . قارامتۇل ، ئىگىز بوي ، بۇ يىگىتنى بىلىگە باغلىۋالغان بەلباغ ، كاللىسىغا كىيىۋالغان كونا

قاما تەلپەك خېلى سالاپەتلىك كۆرستەتتى . تۇرانىسانىڭ پاكىزلىقى ، زىبا قامىتى مەرۇپنى ئەسىر قىلىۋالغانىدى .

توي قىلماي تۇرۇپ نۇرغۇن تۆھمەتلەرگە قالغان تۇرانىسا مەرۇپنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قاراپلا توي قىلىشقا ماقۇل كەلگەنىدى .

تۇرانىسانىڭ توي قىلىپ مەرۇپنىڭ ئۆيىدە كۆرگىنى بىر يوتقان ، بىر كۆرپە ، بىر كىگىز ، بىر قازان بولدى .

تۇرانىسا جان ـ دىل بىلەن ئىشلەپ بېيىشقا بەل باغلىدى . مەرۇپ تاپقان ـ تەرگىنىگە يېزا بازارلىرىنى تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ، ئىزدەپ تېپىپ سېتىۋېلىپ ، نەشە چېكەتتى .

پىژغىرىم ئىسسىق ، قەھرىتان سوغۇقلاردا ، ئائىلىسى ئۈچۈن توختىماي ئىشلەۋاتقان تۇرانىسا مەرۇپنىڭ يوشۇرۇنچە نەشە چېكىپ يۈرگىنىنى بىلىپ قالدى . بۇ چاغدا تۇرانىسا ئاللىقاچان ئىككى قىز تۇغۇپ بولغانىدى . بالىلار چوڭايغانسېرى بۇ ئائىلە تۇرمۇشتا ھېچ ئالغا باسمايۋاتاتتى .

ھۆكۈمەت ئۆي سېلىپ بېرىپ تۇرسىمۇ ، يەنىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن تۇرانىسا مەرۇپنى توسۇشقا باشلىدى .

ــ مەرۇپ باشقىلار ئەرزان تاماكا چېكىدىكەن ، سىز قىممىتىنى چېكىدىكەنسىز ، سىزنىڭ چەككىنىڭىز نەشە ئىكەن ، بۇنىڭدىن كېيىن چەكمەڭ ، ــ دېدى تۇرانىسا غەيرەتكە كېلىپ .

ــ ئىشىڭنى قىلە ، ــ مەرۇپ تۇرانىسانى بىر تەستەك سالدى .

شۇنىڭدىن بىرى تۇرانىسا مەرۇپنى نەشە چېكىشتىن توسقان ھامان تاياق يەيدىغان بولدى .

تۇرانىسانىڭ بىرەر تۇياق قويى ياكى بىرەر توخۇسىمۇ قالمىدى ، ھەممىسىگە مەرۇپ نەشە ئېلىپ چېكىپ تۈگەتكەنىدى . مەرۇپ نەشە

چەكمىسە تۇرالمايدىغان ، نەشە تۇگىگەندە تۇرانىسا بىلەن قىزنى ئۇرىدىغان بولۇۋالدى . قىسقىسى زەھەرسىز ياشىيالمايدىغان ھالەتكە كەلگەن ئىدى .

تۇرانىسانىڭ دادىسىمۇ قول ئىلكىدە يوق نامرات ئادەم ئىدى ، شۇنداق بولسىمۇ تۇرانىسا پات ـ پات بىرىپ دادىسىدىن 10 ـ 20 يۈەن ئەكىلىپ مەرۇپقا بىرەتتى .

ــ ھەي تۇرا ، نەشەم تۈگەپ قالدى ، نەشە چىكمىشكە پۇل تاپ ، ــ دىدى مەرۇپ پولتايغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ .

ــ مەن بىر ئاجىز ئايال تۇرسام نەدىنمۇ پۇل تاپىمەن ، ــ دىدى تۇرانىسا زەئىپ ئاۋازدا .

مەرۇپ قەھرى بىلەن تۇرانىسانى تىپىشكە باشلىدى .

تۇرانىسانىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى ، تۇرانىسا بۇ قېتىم ئىككى كۈن يىتىپ قالدى . ئۈچىنچى كۈنى ئىشلار يەنە داۋاملاشتى .

ــ ماڭا پۇل تىپىپ بەرمەي يىتىۋىرەمسەن ؟ ! — دىدى مەرۇپ ھەيۋە قىلىپ .

ــ پۇل سوراپ قەرز ئالمىغان قوشنا ، تۇغقانلار قالمىدى ، نەدىنمۇ تاپىمەن ، — تۇرانىسا يىغلاشقا باشلىدى .

ئەزەلدىن مەرۇپقا سادىق بۇ ئايال مەرۇپنى ئىلگىرى ياخشى كۆرەتتى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ئېرىنى كۈتۈش ، تاياقلىرىنى كۆتۈرۈش ئاياللارنىڭ مەجبۇرىيىتى ئىدى .

تۇرانىسانىڭ بىرقانچە يىللىق ھاياتى ، مانا مۇشۇنداق تاياق يىيىش ، ئازابلىنىش ئىچىدە ئۆتتى . تاياق زەربىسىدىن تۇرانىسانىڭ بەدەنلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى . تۇرانىسا ياندىكى ئۆيدە شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن ئوماق ئىككى قىزىغا قارىدى ـ دە ، ئاستا سىرتقا چىقتى ، ئەتىگەننىڭ سوغۇق شامىلى تۇرانىساغا ھېچ كار قىلمىدى .

تۇرانىسا خىيال دېڭىزىغا غەرىق بولۇپ ، چىغىر يول بويلاپ كېتىپ باراتتى .

تۇرانىسا دادىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ پۇل سوراش ، بولمىسا دادىسى يوق ۋاقىتتا دادىسىنىڭ ئېغىلىدىكى قويىدىن بىرنى ئوغرىلاپ چىقىپ سېتىش ، مەرۇپنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇپ تاياقتىن قۇتۇلۇشنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى .

تۇرانىسانىڭ تەلىيىگە دادىسى ئۆيدە يوق بولۇپ چىقتى . تۇرانىسا ئېغىلغا كىرىپ كىچىكرەك بىر قوينى باغلاپ يېتىلەپ چىقتى ـ دە ، يول بويىدىلا 170 سومغا ساتتى .

ــ پۇل تاپتىڭمۇ ؟ ــ مەرۇپ تۇرانىسانىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى .

ــ تاپتىم ، مانا ئاله ، ــ تۇرانىسا يۈز سومنى مەرۇپنىڭ ئالدىغا تاشلىدى . مەرۇپ تۇرانىسانىڭ پۇلنى نەدىن تاپقانلىقىنى سۈرۈشتىمۇ قىلماي ، يۈگۈرۈپ يېزا بازىرىغا نەشە سېتىۋېلىش ئۈچۈن كەتتى . تۇرانىسا دادىسىنىڭ قويىنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى بىلىپ ، قانچە ئازابلانغانلىقىنى ئويلاپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى .

تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ تۇرانىسانىڭ دادىسى ھەم ئىككى ساقچى ئۆيگە كىردى .

ــ قوينى مەن ئوغرىلىغان ، خاپىلىق تارتىپ قالغاچقا سېتىپ خەجلىدىم ، دادامغا پۇل دەپ ئېلىۋېرىشكە يۈزۈم چىدىماي ، ئامالسىز ··· ــ دېدى تۇرانىسا مەرۇپنىڭ زەھەر چېكىدىغانلىقىنى ساقچىلاردىن يوشۇرۇپ .

تۇرانىسانىڭ دادىسى نەۋرە قىزلىرىنى قولىغا ئېلىپ ئەركىلەتتى .

ــ تۇرانىسا سەن بىر ئايال كىشى تۇرۇپ ، داداڭنى باقماقتا

يوق ، قوي ئۇغرىلاپسەن ، مۇشۇمۇ ئايال كىشىنىڭ قىلىدىغان ئىشىمۇ ؟ — دېدى ساقچىلار .

— پۇلنى دەرھال داداڭغا قايتۇرۇپ بەر ، — دېدى يەنە بىر ساقچى .

— بولدى ، قايتۇرمىسىمۇ بولىدۇ ، — دېدى بوۋاي .

تۇرانىسا دادىسىنىڭ ئالدىدا شۇنداق ئوسال ئەھۋالغا قالدى ، دېمىسىمۇ قېرىغاندا دادىسىنى باقماقتا يوق دادىسىنىڭ قويىنى ئوغرىلىغىنى نېمىسى ، دادا تۇرانىسادىن رازى بولارمۇ ؟ قانداق قىلىش كېرەك ؟

تۇرانىسانىڭ كاللىسىنى ھەر خىل خىيال چىرمىۋالدى ، كۆز ئالدىدىن دادىسىنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرى كەتمەيتتى...

ئۇ گادىرماچ خىياللار ئىلكىدە ئۆزىنى ، قىزلىرىنى ئازابلىغان ، ئۆمۈر بويى نامراتلىق پاتقىقىغا تاشلىغان ئادەمنىڭ يولدىشى مەرۇپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى ـ دە ، مەرۇپنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئىككى قىزى بىلەن خاتىرجەم ياشاش نىيىتىگە كەلدى .

قانداق قول سېلىش كېرەك ؟ تۇرانىسا ھېچكىم سەزمەيدىغان ھالەتتە ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كېلىپ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى . تۇرانىسانىڭ قولىغا بۇغداي مايسىلىرىغا ئىشلىتىپ ئېشىپ قالغان «يى مېي كې» ماركىلىق دېھقانچىلىق دورىسى ئۇچراپ قالدى . ئۇ دورىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ چىنىگە سالدى ، تۇرانىسا خاتىرجەم بولالماي ، ئۈستەلدە تۇرغان بىر قەغەز باش ئاغرىق دورىسىنىمۇ چىنىگە سالدى ـ دە ، چىنىگە سۇيۇقئاشنى ئۇستى .

تۇرانىسا مەرۇپنىڭ كېلىشىنى كۈتتى ، مەرۇپ كەلدى .

مەرۇپ خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ چىنىدىكى ئاشنى ئىچىشكە باشلىدى ...

ئەتىگەندىلا سۇ پۇلى يىغقىلى كەلگەن كەنت كادىرلىرى مەرۇپىنىڭ سۇپىدا سۇنايلىنىپ ياتقانلىقىنى، تۇرانىسانىڭ يېنىدا يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

مەرۇپ زەھەر چېكىپ ئۆلسە ئۆلەتتىكى، ھەرگىزمۇ زەھەر ئىچىپ ئۆلمەيتتى. ساقچىلار تەكشۈردى، قانۇن دوختۇرى مەرۇپنى دېھقانچىلىق دورىسىدىن زەھەرلەنگەن دەپ يەكۈن چىقاردى.

ساقچىلار دىلونى تەكشۈرۈش داۋامىدا تۇرانىسانىڭ ئىلگىرى باشقىلارغا «مەرۇپنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قۇتۇلايمىكىن دەيمەن» دېگەن گەپلىرىنى ئىگىلىدى ـ دە، چىنىدىكى زەھەر قالدۇقلىرىنى تاپتى.

تۇرانىسانى چاقىرتىپ سوئال سورىدى، قەلبى ئۆچمەس دەرد، ھەسرەتكە تولغان تۇرانىسا جىنايىتىنى ئەينەن ئىقرار قىلدى.

ئۆلگىنى ئۆلدى، تۇرانىسانىڭ ئىككى مەسۇم قىزى، دادىسىنىڭ ئۆيىدە بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئولتۇرماقتا ئىدى.

## 5

ھەيۋەتلىك سوت زالى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەيىبلىگۈچىلىرى تۇرانىسانى ئەيىبلەپ ئەيىبنامىنى ئوقۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، دەلىل ـ ئىسپاتلار ئۇدۇللاشتۇرۇلدى.

ئاقلىغۇچى ئادۋوكات تۇرانىسانى بىر قۇر ئاقلاپ ئۆتتى.

— جاۋابكار تۇرانىسا، ئۆزۈڭنى ئاقلايدىغان سۆزۈڭ بارمۇ؟— سوتچىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى زالدا ياڭرىدى.

— گەرچە مەن زەھەر چەكمىسەممۇ، زەھەرنىڭ قۇلى بولۇپ، بىر مەزگىل ياشىدىم. ئائىلە زوراۋانلىقى ھەم خورلاشقا ئۇچرىغىنىمدا قانۇنغا مۇراجىئەت قىلماي، قانۇن ساۋادىمنىڭ

ئاجىزلىقىدىن مانا مۇشۇنداق رەزىللىك يولىغا ماڭدىم . مەن ئېرىمنى ، بالىلىرىمنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل . ئەسلىدە مەن ئېرىمنى ياخشى كۆرەتتىم ، مەن ئۇنى ھاڭدىن تارتىپ چىقالمىدىم . مەن جىنايىتىمگە توۋا قىلدىم . بۇ تاتۇقلار ئاشۇ ئېرىمنىڭ ماڭا قالدۇرغان يالدامىسى ، مەنمۇ بىر ئايال ، بىر دېھقان ئايالى بولساممۇ ، لېكىن بالىلىرىم بىلەن ھەقىقىي ئائىلىدەك بىر كۈنمۇ ياشاپ باقماپتىمەن ، ـ تۇرانىسا سۆزلەشتىن توختىدى .

ــ تىنچ ··· تىنچ ···

ــ سوتىمىز ۋاقتىنچە مۇشۇ يەردە توختايدۇ ، ــ تۇرانىساغا بېرىلىدىغان جازانى سوت ھەيئىتى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىدۇ ···

ــ جاۋابكار تۇرانىسا ئىزچىل تۇردە ئېرى مەرۇپ تەرىپىدىن خورلىنىپ كەلگەن ، تۇرانىسا ئېرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىدە قاچىغا دېھقانچىلىق دورىسىنى يوشۇرۇنچە سالغان ، مەرۇپ زەھەرلىنىپ ئۆلگەن ، جاۋابكار تۇرانىسانىڭ قىلمىشىدىن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ 232 ـ ماددىسىدىكى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى شەكىللىنىدۇ .

سوتىمىز مەرۇپنىڭ تۇرانىسانى زەھەر چېكىپ ئىزچىل خارلاپ كەلگەنلىكىنى ، تۇرانىسانىڭ جىنايىتىنى دەسلەپكى سوراقتىن باشلاپ ئەينەن تاپشۇرغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ جاۋابكار تۇرانىساغا مۇددەتلىك 12 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى ···

سوتچىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان تۇرانىسا ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى .

دېمىسىمۇ مەرۇپنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن بېرى ، تۇرانىسا مېنى قاچان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلار دېگەن ھەر خىل گادىرماچ خىياللار بىلەن بىرقانچە ئاينى شۇنداق تەستە ئۆتكۈزگەنىدى .

ماھىرەگىمۇ بالىلارنى ۋەسىيىسىدىن ئايرىش جىنايىتى بىلەن

ئىككى يىللىق قاماق جازاسى ، قەيسەرگە ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى .

ــ نېمە ئىش بۇ ، ماڭا ئەجەب جىق ھۆكۈم قىلىپتىغۇ ، ــ ساجىدە تۇرانىسانىڭ ھۆكۈمنامىسىنى ئېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى .

ــ ماڭا بەش يىل ھۆكۈم قىلىپتۇ ، تۇرانىساغا ئون ئىككى يىل ھۆكۈم قىلىپتۇ ، بىراق مېنىڭ ئېرىم ئۆلمىگەن تۇرسا … ــ دېدى ساجىدە ، ــ ھەي ، ئەخمەق ، جىنايەتنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش ، تۇرانىساغا ئون ئىككى يىل ھۆكۈم قىلىشنىڭ نۇرغۇن ئاساسلىرى بار ، ــ دېدى ماھىرە .

ــ ھەي ، قېرى خوتۇن ، باغلاشقانتۇقتۇ ، قانداق ماڭا سەندىن بىر يىل كەم ھۆكۈم قىلىپتۇ ، تۇرمىدە مەندىن بىر يىل ئارتۇق ياتىدىغان بولدۇڭ ، مەن ھۆكۈم قىلىنغان بولسام ساڭچۇ ئون يىل بېرەتتىم تازا ، ــ دېدى ساجىدە كۈلۈپ .

مەھبۇس ئايالالارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى …

مانا بۇگۇن ماھىرەنىڭ تۇرمە ھاياتى ئاخىرلىشىپ ، تۇرمىدىن چىقتى ، ئىككى يىللىق تۇرمە ھاياتى ماھىرەنىڭ نازاكىتىنى يوقاتمىغانىدى .

ماھىرە تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئانىسى ، ئاكىسى زىلال ھەمدە يەڭگىسى رازىيە بىلەن كۆرۈشتى .

ــ ھەي ، رازىيە ، قانچە بالا تۇغدىڭىز ، ــ دېدى ماھىرە . رازىيە يەرگە قارىدى .

ــ سەن تولا سورىمىغىن ، بىز مەسلىھەتلىشىپ بالا تۇغماي بىقىۋالايلى دېيىشتۇق ، ــ دېدى زىلال .

ــ راست گەپ قىلساڭچۇ بالام ، بىز تۇغماسكەنمىز دېگىنە ،ــ دېدى ئانا .

ھەممە ئۈمىد سەندە قالدى ، ماھىرە قىزىم ، ئائىلىمىزنىڭ

نەسەبى سەندە قالدى .
ـــ رازىيە سەن قېچىركەنسەندە ، ـــ دېدى ماھىرە رازىيەگە قوپال ھالدا .
بىر قانچە كۈندىن كېيىن ماھىرە يېزا بازىرىدىن تەكلىماكان قۇملۇقىغا ماشىنىلىق باردى .
ـــ نەگە بارىمىز ، ـــ دېدى زىلال .
ـــ بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىگە ـــ دېدى ماھىرە .
ماھىرە تۇرانىسانىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە تۇرانىسانىڭ ئۆيىنى ئاسانلا تېپىۋالدى ، يېقىلىپ چۈشكەن توپا تام ۋە قۇمۇش قوشام بىلەن ئەتراپى ئېتىلگەن ھويلىدا ھاسا تۇتۇپ تۇرغان بىر بوۋاي تۇراتتى .
بۇ ناتونۇش مېھمانلارنى كۆرگەن ئىككى قىز تام كەينىگە يوشۇرۇنۇۋالغانىدى .
زىلال بىلەن ماھىرە قىزلارنى قۇچىقىغا ئالدى ، زىلال ماھىرەنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن يېتىم قالغان بۇ بىر جۈپ ئوماق قىزلارنى ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن بالا قىلىپ بېقىۋالدى .
يىللار بىر ئىزدا ئۆتمەكتە ئىدى .
ماھىرە ئەمدى توي قىلىشنى خىيال قىلمىدى .
تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن ماھىرە ناھىيە بازىرىدا بىر قانچە ئورۇندا پېچىنە ـ پىرەنىك پىشۇرۇش دۇكىنى ئېچىپ ، كېيىنچە ئاكىسى زىلال بىلەن بىرلىشىپ شىركەت قۇرۇپ چوڭ سودىغا چۈشۈپ كەتتى . ماھىرە ناھىيە بازىرىدا يەسلى ، ياشانغانلار ساناتورىيىسى ئاچتى .
ـــ ماھىرە ئاچا ، — ماھىرە ئالدىدا تۇرغان بۇ قىزنى تونۇغاندەك قىلىپ تۇرۇپ قالدى.

— ساجىدە، سەن ساجىدەمۇ؟ — ئەجەب چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەنغۇ، تۇرمىدىن قاچان چىقتىڭ. مەن يوقلاپ باراي دەپ بولغۇچە ئۆزۈڭ كەپسەن مانا، — دېدى ماھىرە.

— تۈنۈگۈن يېنىپ چىققان، تېلىۋىزوردا سېنىڭ شىركىتىڭنى تونۇشتۇردى، شۇڭا خۇشاللىقىمدا كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. بۈگۈن سەھەردە ئۆزۈمنى ساتىراشخانىدا بىرەر قۇر تۈزەشتۈرۈپ كەلدىم، مەن يارامدىم؟ — دېدى ساجىدە.

— ئەرلەرگە ئەلۋەتتە يارايسەن، — دېدى ماھىرە.

— ئەرلەرگە دېمىدىم، مەن زاۋۇتىڭىزدا ئىشلىسەم بولامدۇ، دەۋاتىمەن — دېدى ساجىدە.

— ھەي تەنتەك، زاۋۇتىمىزنىڭ ئوغۇللىرى بىر - بىرلەپ يوقاتساڭ، ئادەم ئاز قالامدىكىن دەيمەن، — دېدى ماھىرە چاقچاق قىلىپ.

— تېخىچە شۇ گەپمۇ، مەن ئاللىقاچان ئۆزگەرگەن تۇرسام، — دېدى ساجىدە.

— خاتىرجەم بول، بىزنىڭ زاۋۇتىمىز سەن مەندەك خاتالىقتىن قول ئۈزۈپ، ئۆزگىرىپ كېلىپ يۆلەنچۈكسىز قالغان كىشىلەرگە دائىم ئوچۇق، ئۇلارمۇ خاتالىقنى تۈگىتىپ گۈزەللىك يارىتالايدۇ - دە، — دېدى ماھىرە.

— ماھىرە ھەدە، تۇرانىسا ھەدەم ئىككى بالىسىنى ئاكاڭنىڭ بېقىۋالغانلىقىنى بىلىپ بەك خوشال بولدى، ئۇ مەندىن ساڭا مىننەتدارلىقىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئېيتتى، — دېدى ساجىدە.

— ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداقراق، — دېدى ماھىرە.

— ھە راست، تۇرانىسا ئىككى يىل كەچۈرۈم قىلىندى، قېرى دەللە خانسايىپخاچام كېلەر ئايدا چىقىدۇ، ساراڭ ئوغرى خوتۇنغا يەنە بىر يىل جازا قوشۇلدى. ھېلىقى ئوغرى خوتۇن يەنە تۇرمىگە

كىردى ، — ساجىدە تۇرمىدە ماھىرە تونۇيدىغان مەھبۇس ئاياللارنىڭ ئەھۋالىنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى . ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ ئۇلار تۇرانىسانى يوقلاپ باردى .

ماشىنىدىن ماھىرە ، ساجىدە ، خانسايىپخان ، زىلال ، تۇرانىسانىڭ ئىككى قىزى چۈشتى .

— ئەجەب سۈرلۈككەن تۇرمە دېگەن ، — دېدى زىلال تۇرمە دەرۋازىسىغا قاراپ .

— كەلسەملا قورققۇم كېلىدۇ ، — دېدى ساجىدە .

ماھىرەلەر كۆرۈشۈش ئۆيىگە كىردى ، كۆرۈشۈش ئۆيىدە تۇرمە ساقچىلىرىنىڭ نازارىتىدە تۇرانىسا ماھىرەلەر بىلەن كۆرۈشتى .

— قىزلىرىڭدىن ئەھۋال سورا ، ئۇلار چوڭ بولۇپ قالدى ، ھەر ئىككىسى مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ …

— ئاپا ، ياخشىمۇسىز ، — دېدى قىزلار .

تۇرانىسا قىزلىرىنى كۆرۈپ يامغۇردەك ياش تۆكتى .

— رەھمەت ماھىرە ، مەن قىزلىرىمنى ئاكىڭىزدىن مەڭگۈ تالاشمايمەن ، مەن پەقەت سىلەرگە رەھمەتلا دېيەلەيمەن … قىزلىرىم ياخشى ئوقۇڭلار …

— قىزلىرىڭىزنى ئاكام باققاندىن كېيىن ، ئاكامغا قوش خۇشاللىق بولدى . خوتۇنى بىر ئوغۇل يەڭگىدى ، ئاكامنىڭ تىجارىتىمۇ روناق تاپتى . ئاكامنى قىزلىرىڭىز دادام دەيدۇ … دادىڭىزنى مەن ئاچقان ساناتورىيىگە ئەكېلىۋالدىم …

— رەھمەت … — تۇرانىسا ھاياجانلاندى .

— تۇرانىسا ئاچا ، ماھىرە ئاچامغا گەپ قىلىپ قويۇڭا ، ماھىرە ئاچام ئەمدى مەڭگۈ توي قىلمايمەن دەيدۇ ، — دېدى ساجىدە .

— بولمىغۇر گەپ قىلما ، مەن رەزىللىك ۋە گۈزەللىك توغرىسىدا شۇنداق تۇيغۇغا كەلدىم . گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك

دائىم كىشىلەر ئارىسىدا . ھەقىقىي گۈزەللىكنى تاپاي دېسەڭ ، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتتە ، ھەرگىزمۇ پەقەتلا قىز ـ ئوغۇللار ئارىسىدىكى مۇھەببەتتىلا ئەمەس . شۇڭا ، مەن مەڭگۈ بويتاق ئۆتۈپ كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەقىقىي گۈزەللىكنى تاپاي دەۋاتىمەن ، ــ دېدى ماھىرە .

ــ سىز يەنىلا بۇرۇنقىدەك تۇرۇپسىز ، سىز بەك ئاق كۆڭۈل ، سىزگە ئامەت تىلەيمەن ، ــ دېدى تۇرانىسا .

ــ سىزمۇ جۇدەپ كەتمەپسىز ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ ، ياخشى ئىشلەڭ ، ياخشى ئۆزگىرىڭ ، سىزمۇ بەك گۈزەل ، تۇرانىسا ، ــ دېدى ماھىرە .

ــ رەھمەت ، مېنى يوقلايمىز دەپ ئاۋارە بولماڭلار ، تۇرمە ساقچىلىرى ماڭا بەك ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ . مەن بارلىق رەزىللىكلەرنى ئىچىمدىن سۈپۈرۈپ تاشلاپ ھەقىقىي گۈزەللىكنى كۆرۈشكە تەشنا ، ــ دېدى تۇرانىسا .

ــ تۇرانىسا ، كۆرۈشۈش ۋاقتى توشتى ، كامېرىڭىزغا قايتىپ كەت … ــ دېدى بىر ئايال ساقچى .

ــ خوش … ، بىز سىزنى كۈتىمىز …

ــ تۇرانىسا سەن يالغۇز ئەمەس ، گۈزەللىكنى بىرلىكتە يارىتايلى ، ــ دېدى ماھىرە قول پۇلاڭلىتىپ .

تۇرانىسانىڭ كۆزىدىن ھەقىقىي خۇشاللىق يېشى تامچىلىدى …

# ئەدەبىي ئاخباراتلار

## ئېرىنى ئۆلتۈرگەن روپاش ئايال

XXX ناھىيىسىنىڭ مەلۇم يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق مەرەمنىسا يىگىرمە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان كېلىشكەن چوكان بولۇپ، ئۇ توي قىلغاندىن تارتىپ ئېرىنىڭ تەلىپى بويىچە يۈزىنى يۆگەپ روپاش ئايال بولدى. ئۆي، ئېتىزنىڭ ئىشلىرى مەرەمنىسانىڭ كۈندىلىك خىزمىتى ئىدى. بىراق ئۇ شۇنچىۋالا كۆپ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپمۇ ئېرىنى خۇش قىلالمىدى. توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت يۈز بېرىپ نىكاھى بۇزۇلدى. ئاجراشقاندىن كېيىن ئۇ يۈزىنى ئېچىۋېتىپ يورۇشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، ئەل - جامائەتتىن نومۇس قىلىپ يەنىلا يۈزىنى ئاچالمىدى. 2003 - يىل 5 - ئايدا مەرەمنىسا قوشنا يېزىدىكى ئادىل بىلەن توي قىلدى.

## ئىماننى قاچۇرغان گۇمان

2003 - يىل 7 - ئايدا ھامىلدار بولغانلىقىنى بىلگەن مەرەمنىسا بۇ خۇشخەۋەرنى ئېرىگە يەتكۈزدى. ئەپسۇس، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ئادىلنىڭ قوپال مۇئامىلىسىگە ئۇچرىدى.

— نېمە؟ نېمانداق بالدۇر؟ توي قىلغىلى تېخى ئىككى ئاي

بولغان تۇرسا، بۇ بالا مېنىڭ ئەمەس، — دېدى ئادىل ئۈنىڭغا ۋارقىراپ.

مەرەمنىسا ھەيران قالدى. ئېرىگە يالۋۇردى، يىغلاپ تۇرۇپ چۈشەندۈردى، ئەمما ئادىل شۇ كۈندىن باشلاپ ئۈنىڭغا باشقىچە بولۇۋالدى.

مەرەمنىسا شۇنچە خورلۇقلارغا چىداپ قوساق كۆتۈرۈپ بالىنى تۇغدى. ئۇماق بىر قىزنىڭ تۇغۇلۇشىمۇ ئادىلنى تەسىرلەندۈرەلمىدى. قىزى تۆت ئايلىق بولغاندا ئادىل بىر كۈنى خوتۇنىغا كايىپ:

— بۇ بالا مېنىڭ ئەمەس، بۇ ھارامدىن تۇغۇلغان بالا، بالىنىڭ دادىسىنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بەر، — دەپ تۇرۇۋالدى.

— بۇ سىزنىڭ بالىڭىز، ئىشەنمىسىڭىز تەكشۈرتەيلى، ئورۇنسىز گۇمانلانماڭ، — دېدى مەرەمنىسا ئۈنىڭغا چۈشەندۈرۈپ. بىراق ئادىل ئۈنىڭغا ئىشەنمىدى. ئۇنى قەسەم قىلىشقا قىستىدى، ئامالسىز قالغان مەرەمنىسا قۇرئان تۇتۇپ تۇرۇپ قەسەم قىلغان بولسىمۇ، ئادىل پات - پات بالا توغرۇلۇق ئۈنىڭ بىلەن جېدەللەشتى. مەرەمنىسا يامانلاپ كەتكەندە ئاتا - ئانىسى ئۇنى نەسىھەت قىلىپ قايتۇرۇۋەتتى.

2005 - يىلى 3 - ئايدا بۇ ئائىلىدە يەنە جېدەل باشلاندى.

— يازە، بالا ئادىلنىڭ ئەمەس دەپ ياز، يازمىساڭ تايىقىڭنى يەيسەن، — دېدى ئادىل ئۇنى قىستاپ.

مەرەمنىسا ئامالسىز شۇنداق يېزىشقا مەجبۇر بولدى. ئادىل مەرەمنىسانىڭ خېتىنى قوشنىلارغا كۆرسىتىپ:

— بۇ بالا مېنىڭ ئەمەس دېمىسەڭنەمدىم، كۆردۈڭلارمۇ، ئۇ ئىقرار قىلدى. مانا ئۈنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان ئىقرارى، — دېدى.

قوشنىلار ھەيران قېلىشتى .

— ئۇنى راستىنلا سىز يازدىڭىزمۇ ؟ — سورىدى قوشنىلار .

— يازدىم ، ئەمما ئۇنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن يازدىم …

بۇ قېتىم قوشنىلار شۇنچە يالۋۇرغان بولسىمۇ ، يەنىلا مەرەمنىسانى بالا بىلەن قوشۇپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋەتتى .

2006 - يىل 2 - ئايدا ئادىل پۇشايمان قىلىپ بىر قانچە قوشنىسىنى مەرەمنىسانى ئەكېلىپ بېرىشكە ئەۋەتتى . شۇنداق قىلىپ مەرەمنىسا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى .

## ئايىغى ئۈزۈلمەس گۇمان

2007 - يىل 9 - ئايدا مەرەمنىسا ئادىل بىلەن ئاقسۇغا پاختا تېرىشقا ماڭغاندا ، مەرەمنىسانىڭ ئانىسى ئۇنىڭ قىزىنى ئېلىپ قالدى . بىر ئايدىن كېيىنكى بىر كۈنى كەچتە مەرەمنىسا ئادىلغا قىزىنى سېغىنغانلىقىنى ئېيتتى .

— يەنە شۇ بالىنىڭ گېپىمۇ ، بالا زادى كىمنىڭ ؟ — دېدى ئادىل ھەمدە مەرەمنىسانى ئۇردى .

— نېمانداق گۇمان قىلىۋېرىسىز ، ماڭا ئىشەنمەمسىز ؟ قەسەم قىلىپمۇ بەردىم ، بالا سىزنىڭ بولماي كىمنىڭ بولاتتى ؟ — دېدى مەرەمنىسا ئۇنىڭدىن رەنجىپ .

ئۇلار ئاقسۇدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەرەمنىسا : «ئۆز قىزىنى ئېتىراپ قىلمىغان بۇنداق ئەر بىلەن ئۆي تۇتالمىغۇدەكمەن» دەپ ئويلاپ ئېرىگە :

— ئاجرىشايلى ، — دېدى .

— نېمە ؟ كىملەر بىلەن ئارىلاشتىڭ ؟ بالا كىمنىڭ ؟ بۇلارنى ئېنىق قىلىۋېتىپ ئاجرىشىمىز ، — دېدى ئادىل .

شۇنىڭدىن كېيىن مەرەمنىسانى «كىم بىلەن ئارىلاشتىڭ ؟ »

دەپ كۆندە ئۆرىدىغان بولۇۋالدى .

## يالاڭئاياغ قېچىش

2008 - يىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سەھەردە مەرەمنىسا ئادىل بىلەن چوڭ ئۆيدە تاماق يىدى .

— مەن قاشتېشى كولىغىلى چىقىمەن ، قويلارغا يەم بېرىشنى ئۇنۇتما ، — دېدى ئادىل ئۆيدىن چىقىۋېتىپ مەرەمنىساغا .

كەچتە ئادىل مەشىنىڭ يېنىدىلا يېتىپ ئۇخلاپ قالغان مەرەمنىسانى تۈرتۈپ ئويغىتىپ :

— ماللارغا نېمە بەردىڭ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئەتىگەندە پوستەككە ئۈن ئارىلاشتۇرۇپ بەردىم ، چۈشتە غازاڭ بىلەن سۇ بەردىم ، چۈشتە بەرگەن پوستەكنى يەپ بولالماپتىكەن ، كەچتە شۇنى بەردىم . — دېدى مەرەمنىسا كۆزىنى ئۇۋىلاپ تۇرۇپ .

— گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ ؟ — دېدى ئادىل ئۇنىڭغا مەنىستىمىگەندەك قاراپ .

— ئەمىسە چىقىپ قاراپ باقايلى ، — دېدى مەرەمنىسا .

— سەن دېگەن تۈزچىنىڭ ئىشىكى ، بۇيرۇمىسا قىلامتىڭ ؟

— كالا ئېغىلدىن قېچىپ كەتكەنىدى ، كالىنى تۇتۇپ ئېغىلغا ئەكىرگۈچە ھالىم قالمىدى ، ماللارغا يەم بەردىم دېدىمغۇ ؟ !

— مەن بىلەن تاكاللىشىسەنغۇ تېخى ، — ئادىل شۇنداق دېگىنىچە مەشىنىڭ ئالدىدىكى ئوتۇننى مەرەمنىساغا شىلتىغاندا ئۇنىڭ يۈزى ئازراق جىجىلىپ كەتتى . ئادىل ئارقىدىنلا ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇپ قازاننىڭ تۇۋىقى بىلەن بېشىغا ئۇردى . تۇۋاق ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى .

— ھە ، يەنە يانامسەن ؟ — ئادىل شۇنداق دېگىنىچە ئۇنىڭ

قورسىقىغا تىزلىدى .

مەرەمنىسانىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى . ئۇ شىرەدىن پىچاقنى ئالدى ـ دە ، جان ئاچچىقىدا ئادىلغا سانجىدى ، پىچاق ئادىلنىڭ دۈمبىسىدىن كىرىپ ئۆپكىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى . مەرەمنىسا پىچاقنى سۇغۇرۇپ ئالدى ـ دە ، كەينىگە داجىدى ...

ـــ ئانا ، مەرەمنىسا ماڭا پىچاق تىقىۋەتتى ، ـــ دەپ تووۋلىدى ئادىل ۋە چوڭ ئۆي تەرەپكە ئۈمىلەپ ماڭدى .

مەرەمنىسا پىچاقنى كۆتۈرگىنىچە يالاڭئاياق سىرتقا چىقتى ۋە كېچە قاراڭغۇلىقىدا غايىب بولدى .

ـــ بالام ، نېمە بولدى ؟

ـــ مەرەمنىسا پىچاق تىقىۋېتىپ قېچىپ كەتتى...

ئادىل دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتتى .

دىلو ج خ ئورگىنىغا مەلۇم قىلىندى ، رازۋېدكىچىلار جىنايەت گۇماندارىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقاردى ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا خىزمەت ئىشلەپ ئۇنى ئۆزىنى مەلۇم قىلىشقا دەۋەت قىلىشقا ئۈندىدى . بىراق يەنىلا ئۇنىڭ دېرىكى بولمايۋاتاتتى .

مەرەمنىسا ئۆيدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن باشقىلارنىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن تۇردى . ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ ئېرىگە پىچاق تىقىۋېتىپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى .

ـــ ئېرىم مېنى قوغلاپ يۈرىدۇ ، تۇتۇۋالسا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ، مەن ئۆيۈڭلاردا بىر مەزگىل تۇرۇپ پاناھلىناي ، ـــ دېدى ئۇ ئۆي ئىگىسىگە يېلىنىپ .

ـــ سىز ئېرىڭىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىپسىز ، بىز قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپ سىزنى تۇتۇش ھەققىدىكى بۇيرۇقنى كۆردۇق ، دەرھال ئۆيىڭىزگە قايتىپ ، ئۆزىڭىزنى مەلۇم

قىلىش ، ــ دېدى ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىپ .

مەرەمـىنىسا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە تۇغقانلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى مەلۇم قىلدى . 2008 - يىل 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جىنايەت گۇماندارى مەرەمنىسا زەخىملەندۈرۈش ( ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ) جىنايەت گۇمانى بىلەن XXX ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى تەرىپىدىن توختىتىپ قويۇلدى .

# ئۆچمەنلىك

كىشىلىك ھايات ــ ئىنتايىن قىممەتلىك . ياشلىق دەۋر ــ ھاياتلىق بىناسىنىڭ ئۇلى . دوستۇم ، ھاياتلىق يولىدا ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇپ ، كىشىلەر بىلەن ئىجىل ـ ئىناق ئۆتسىڭىز ، كەچۈرمىشىڭىز ئەگرى ـ توقاي ، ئىشلىرىڭىز بەسىي مۇشكۇل بولماسلىقى مۇمكىن . چۈشكۈنلۈك ، ئۆچمەنلىك سىزگە بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىپ ، ھاياتىڭىزنى تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشى مۇمكىن ··· نەزىرىڭىز شۇ خىل مەزمۇن ئەكس ئەتكەن تۆۋەندىكى قاتىللىق دېلوسىدا بولسۇن !

## زاكۇ ئۇستىدىكى جەسەت

2006 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تاڭ سەھەر مەزىننىڭ ئەزان ئاۋازى توختىغان چاغدا ، XXX ناھىيىسى XXX يېزىسىنىڭ مەلۇم كەنتى تەۋەلىكىدىكى مەسچىتتىن ئەمدىلا بامدات نامىزى ئوقۇپ چىققان جامائەت تۇپىلىق يوللارنى بويلاپ ئۆيلىرىگە مېڭىشىۋاتاتتى . بەزىلىرى بۇغداي سۇغۇرۇش توغرۇلۇق گەپ قىلسا ، بەزىلىرى ئاقسۇ تەرەپلەرگە چىقىپ پۇلغا ئىشلەپ كېلىش توغرۇلۇق سۆزلىشىپ مېڭىۋاتاتتى .

ــ ۋايجان ، بۇ نېمە ؟ ئادەم ئۆلۈپتۇ ! ···

20 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر يىگىت يول بويىدىكى

ئېرىق يېنىدا مېڭىۋېتىپ توّت يول دوقمۇشىدىكى ئازما (زاكۇ ) يېـنـىدا يېلىڭ ھالەتتە قانغا مىلىنىپ ياتقان جەسەتنى كوّروّپ قورقىنىدىن ئوّزىنى چەتكە ئالدى . كىشىلەر يۇگوّروّپ كېلىپ قانغا مىـلـىـنـىـپ تـونـۇغـۇسىز بولۇپ كەتكەن جەسەتنى كوّروّپ ، قورقىنىدىن كەينىگە داجىشتى .

ــ بۇ كىمدۇ ؟

ــ بېشى مىجىلىپ كېتىپتۇ ...

ــ قاتناش ھادىسىسى بولدىمۇ يا ؟

ــ رەھمەتلىك كىم بولغىيتتى ؟

ــ يېنىدا كەتمەن تۇرىدۇ ...

ــ چوقۇم مۇشۇ كەنتلىك ئادەم ...

ــ ئېسىت ، بىچارە ...

ــ ھـوي ، بـۇگـۇن قـارىسام ئالىم مەسچىتكە چىقمىدى ، يـۇرۇڭـلار ، ئالىم ئوّيىدە بارمۇ - يوق ئۇققاچ ، ساقچىغا مەلۇم قىلىڭلار ...

كـىـشـىـلـەر بۇگۇن مەسچىتكە چىقمىغان كىشىلەرنى تاڭ سەھەردىلا ساراسىمە ئىچىدە سۇرۇشتە قىلىشقا باشلىدى .

ــ ئالىم ئوّيىدە يوقكەن ...

ــ ۋاي ئـىـسـت بالام ، ساڭا نېمە بولدى ، ئەمدىلا 30 غا كىرگەنتىڭ ، قاچان مېنىڭ يېشىمغا باراتتىڭ ، مەن ئەمدىلا 50 تىن ھالقىدىمغۇ بالام ...

ئالىمنىڭ دادىسى ئوغلىنىڭ كىيىملىرىدىن ئالىمنى تونۇپ ، يىغلاشقا باشلىدى .

XXX ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ رازۋېدكىچىلىرى دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ دەرھال نەخ مەيدانغا ئاتلاندى .

ئۆلگۈچى ئالىم بولۇپ باش ، قولاق ، مەڭز ، سۇپۇرلىرى قالايمىقان چېپىلغان بولۇپ ، باش تەرىپىدىن ئون توققۇز ئورۇندا تۈۋەزۈن (كىچىك پالتا ) بىلەن چېپىلغان زەخمە ئىزى بار ئىدى .

ئالىم 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كېچە سائەت ئونلاردا ئون مو يېرىدىكى ياڭاق ، چىلانلارنى سۇغىرىش ئۈچۈن كەتمىنىنى ئېلىپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەنىدى .

ئۇنداقتا قاتىل زادى كىم؟ نېمە سەۋەبتىن ئالىمنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈردى؟

ساقچىلار نەق مەيدان ئەتراپىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش ئارقىلىق نەق مەيداندىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر ئۆينىڭ ئوچۇق هويلىسىدىن ئازراق قان يۇقى بار گۇمانلىق بىر چاپاننى بايقىدى .

بۇ چاپان شۇ كەنتلىك هاپىزنىڭ بولۇپ چىقتى ، هاپىز ئۆزىنى دالدىغا ئالغانىدى .

ساقچىلار ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى …

## يارامسىز يىگىت

هاپىز ئوتتۇز ئىككى ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان خۇشچاقچاق يىگىت ئىدى ، ئۇنىڭ دادىسى مەسچىتنىڭ مەزىنى ئىدى . هاپىز باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا قاغىلىق ، قەشقەرلەردە دىني بىلىم ئۆگەنگەنىدى .

هاپىز ئون يەتتە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغاندىن كېيىن ، نېمىشقىكىنتاڭ ، تاماكا چېكىپ ، هاراق ئىچىپ يۈرۈپ دادىسىنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقمىغاچقا دادىسىنىڭ ئورنىدا مەزىنلىك ۋەزىپىسىدە ئولتۇرالماي ، نۇرغۇن ياشلىرىمىزغا ئوخشاش دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى . توي قىلىش يېشىغا يەتكەن هاپىز ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشىغا تازا ئېتىبار بېرىپ كەتمىدى ،

يىللار ئۆتكىلى تۇردى .

ھاپىز كەنت ئەتراپىدىكى قىزلار ئىچىدىن ياخشىراق بىرىنى تاللاپ جورا قىلىپ ئېلىش ئۈچۈن خېلى تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ ، قېرىشقاندەك ھاپىز كۆڭلىگە پۈككەن قىزلار ئارقا - ئارقىدىن دېيىشىۋالغاندەك توي قىلىشىۋالدى .

ئوغلىنىڭ يارامسىزلىقىدىن ئاغرىنغان ھاپىزنىڭ دادىسى ھاپىزنى بىر ئايالغا چاي ئىچۈرۈپ قويدى .

— دادا ، سەن ماڭا ئېلىپ بەرمەكچى بولغان ئايالنىڭ بەش بالىسى بارمىش دەپ ئاڭلىدىم ، مەن تېخى توي قىلمىغان تۇرسام ، بەش بالىغا دادا بولىمەنمۇ… — دېدى ھاپىز .

— توي قىلساڭمۇ قىلىسەن ، قىلمىساڭمۇ قىلىسەن ، ھېلىغۇ بەش بالىسى باركەن ، ئون بالىسى بولسىمۇ شۇنىڭ بىلەن قىلىسەن — دېدى دادىسى .

توي ، نىكاھ دېگەنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن ھاپىز بەش بالىسى بار ئايال بىلەن دادىسىنىڭ زورلىشى ئارقىسىدا توي قىلدى . بىراق بۇ نىكاھ ئۇزۇنغا بارمىدى . تۆت ئايدىن كېيىن ھاپىز نىكاھتىن ئاجراشتى .

ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندە ، ھاپىزنى دادىسى يەنە ئالدىرىتىشقا باشلىدى .

— ھەي ، سەن نېمانداق يارامسىز ، تېخىچە خوتۇن كۆرمىدىڭ ، ئۆكىلىرىڭ ھەممىسى ئۆيلۈك — ئوچاقلىق بولدى ، خوتۇننى يەنە ئۆزىمىز تېپىپ بېرىمىز ، قوشۇلمىساڭمۇ بىكار — دېدى دادىسى .

بۇ نۆۋەت ھاپىز قوشنا يېزىدىكى بىر بالىسى بار چوكان بىلەن توي قىلدى ، چوكان خېلى كېلىشكەن بولغاچقا ئالتە ئايدەك بىر ئۆيدە ئولتۇردى .

ھاپىز يارامسىز بولسىمۇ چاقچاقچى ئىدى .

— خوتۇن ، بۈگۈن سىياھقا قەلەم چۆكتۈرەمتىمىز ؟ — ھاپىز شۇنداق دېيىشىگىلا خوتۇنى ھاپىزنى بىر شاپىلاق سالدى .

— ھۇ ، قېلىن ئەبلەخ ، شۇنداق سەت گەپ قىلامسەن — دېدى چوكان .

خوتۇنىدىن يېگەن بىر تەستەك ھاپىزغا ھار كەلدى بولغاي ، بۇ خوتۇنىدىنمۇ تېزلا ئاجراشتى .

شۇنىڭدىن بىرى ھاپىز بويتاق ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى …

## غازاڭدىن باشلانغان ماجىرا

ھاپىز ئەمدىلىكتە توختىماي ئىشلەپ توققۇز - ئون تۇياق قوينىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغانىدى . 1999 - يىلى ھاپىز تۇرپان تەرەپكە چىقىپ ئىشلەپ ، 2000 - يىلى يېنىپ كىردى .

بىر كۈنى ھاپىز يول بويىدا قوي بېقىۋاتاتتى .

— ھەي ، ھاپىز ، مېنىڭ قوناقلىرىمنى چېپىشىپ بېرىپ ، تاللىقنىڭ غازاڭلىرىدا قويلىرىڭنى بېقىۋالساڭ بولامدۇ ، — دېدى ھاپىزنىڭ نەۋرە تاغىسى .

ھاپىز نەۋرە تاغىسىنىڭ قوناقلىرىنى چېپىشىپ بەردى - دە ، ئەتىسىدىن باشلاپ قويلىرىنى كەڭ كەتكەن ، قوناقلىرى ئېلىنىپ بولغان تاللىققا قويۇپ بېرىپ بېقىشقا باشلىدى . دەل شۇ چاغدا بىر مەھەللىلىك ئالىمنىڭ قويلىرىمۇ تاللىققا كىرىپ غازاڭ يېيىشكە باشلىدى . يىراقتا ئالىمنىڭ ئايالى زۇمرەت تۇراتتى .

— ھەي زۇمرەتخان ، قويلىرىڭنى بۇ يەردە باقماڭ ، بۇ غازاڭلارنى مېنىڭ قويۇم يەيدۇ ، — دېدى ھاپىز .

— كۆز بولدى ، مال دېگەن نەدە ئوتلىسا ئوتلاۋېرىدۇ ، — دېدى زۇمرەتخان .

— ئۇنداق دېسەڭىز بولمايدۇ . بۇ غازاڭلار مېنىڭ ، — دېدى ھاپىز .

— دېسەم نېمە بوپتۇ ؟ قولىڭىزدىن كەلسە ياغ چايناڭ ، — دېدى زۇمرەتخان .

ھاپىز بىلەن زۇمرەت بىردەم تىللاشتى ـ دە ، قويلىرىنى ئېلىپ ئۆيلىرىگە كېتىشتى . ئىككىنچى كۈنى ئۇلار يولدا ئۇچرىشىپ قېلىپ ، ھەر ئىككىسى «ئاناڭنى !...» دەپ تىللاشتى .

ئۈچىنچى كۈنى ئالىم يولدا تۇغقانلىرى بىلەن تۇراتتى . ھاپىز يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ :

— ئالىم ئاخۇن ، بىركىم مېنىڭ ئانامنى چىشلەپ تارتسا جېنىم چىقىپ كېتىدۇ ، ھازىر مەن كېسەلچان ، دورا يەۋاتىمەن ، مېنىڭ بالام يوق ، سىلىنىڭ ئىككى بالاڭلار بار ، ئۇنداق گەپ قىلماڭلار... — دېدى .

ھاپىز بىلەن ئالىم خۇددى چۈجە ـ خورازلاردەك بىردەمدىلا يەنە تۇتۇشۇپ كەتتى ـ دە ، بىر ـ بىرىنى ئۇچ ـ تۆت مۇشت سېلىشتى .

دەل شۇ چاغدا ھاپىز قوناق پاسىرىنىڭ موندىكىگە پۇتلىشىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى . ئالىم ھاپىزنىڭ نەشتەردەك تىللىرىغا چىدىيالماي ھاپىزنىڭ ئۈستىدىن بېسىپ تۇرۇپ ئىككى ـ ئۈچنى سالدى ـ دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— ئويۇن ئاخىرلاشتى ، سەن ئەمدى ئۇرانلىقىڭنى تەييارلاپ قويغىن ، مېنىڭ قورسىقىم ئاغرىۋاتىدۇ . مېنى تىزلىدىڭ ، سەن ئەمدى ئىككى مېتىر خەسىنى پاكىز ئېلىپ قويغىن ، سەن سېكرېتارنىڭ ئۇكىسى بولغاندىكىن جەستىڭ ئەخلەت ئارىسىدا قالمىسۇن ، — دېدى ھاپىز .

ئالىم بىلەن ھاپىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەسلەپكى زىددىيەت مانا شۇ ۋاقىتتىن باشلانغانىدى .

## شۇملۇقنىڭ سايىسى

شۇ يىللاردىن باشلاپ ھاپىز ئالىمغا غۇم ساقلاپ ھۇرپىيىپ يۈردى ، نۇرغۇن كىشىلەر تەربىيە قىلدى ، بىراق ھاپىز قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى ئويلاۋاتاتتى .

2006 - يىل 3 - ئايغا كەلگەندە ، ھاپىز ئالىمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى پىلانلاپ ، ئۆيدە بار بولغان تۆۋەزۈننى چاقلاپ قويدى . تۆۋەزۈننى گاھى سەككىز كۈندە گاھى ئون كۈندە بىر قېتىم ئىككىلەپ تۇردى .

«ئالىمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، تۇتۇلۇپ قالسام ، پېشانەمگە كەلگەننى كۆرەي ، تۇتۇلماي قالسام تۇرپانغا چىقىپ مۆكۈنۈپ ئىشلەي» دېگەن شۇم خىياللارنى قىلىۋاتقان ھاپىز ، ئەمدىلىكتە قېچىپ كەتسە پۇل لازىم بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، تۆت تۇياق قوينى سېتىپ مىڭ يۈەن پۇل غەملىدى - دە ، ئۆيىگە تىقىپ قويدى .

ئالىمنى ئۆلتۈرۈۋېتىش خىيالى ھاپىزغا ھېچ ئارام بەرمەيۋاتاتتى . تاقىتى - تاق بولغان ھاپىز ئىككى ئايدىن بېرى پەيت كۈتۈۋاتاتتى .

ھاپىز كېچىسى قول سېلىپ ئالىمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ غىپپىدە تىكىۋېتىش قارارىغا كەلدى - دە ، ھەر كۈنى كېچىلىرى تۆۋەزۈننى بىلىكىگە قىستۇرۇپ مەھەللە يوللىرىدا ئالىمنىڭ يالغۇز ئۆچرىشىنى ساقلاشقا باشلىدى .

بۇ جەرياندا ئالىم دەپ ئويلاپ بىرقانچە ئادەمنىڭ ئالدىنى توسۇپ قويۇپ ، كەچۈرۈممۇ سورىدى . بەزىلەر ئالىمنى ئۇرىدىغان ئوخشايدۇ دەپ نەسىھەتمۇ قىلدى . بىراق ، ھاپىزنىڭ ئالىمنى پىنھان جايدا كېچىسى ئۇچرىتالماي تاقىتى تاق بولدى .

2006 - يىل 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كۈندۈزى ، ھاپىز ئالىمنىڭ سولاق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى -

ده ، ئالىمنىڭ كەتمەن چۆرىشى ۋە ئەتراپتا ئادەم بارلىقى سەۋەبىدىن قېچىپ كەتتى ، ھەمدە قېچىۋېتىپ سەت قىلىق قىلىپ (چېتىنى كۆرسىتىپ ) ئالىمنى تىللىدى ، ئالىمۇ تىللىدى .

ئەمدىلىكتە ئۆچمەنلىك تېخىمۇ ئۇلغايدى ـ دە ، دەرھال قول سېلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى كېچىسى ھاپىز ئالىمنى ئىزدەشكە باشلىدى .

## قاتىللىق قىلىپ قېچىش

2006 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كېچە سائەت 10 لاردىن ئاشقاندا ، ھاپىز تېلېۋىزور كۆرۈپ بولۇپ ، بىلىگە پىچاق قىسىپ ، تۇۋەزۈننى ئېلىپ ، ئالىمنى نەدىن بولمىسۇن تېپىپ ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ، يولغا چىقتى ـ دە ، تۆت يول دوقمۇشىدىكى زاكۇ يېنىغا كەلگەندە بىرىنىڭ زاكۇنىڭ تۇۋىقىنى چۆرىگىلى تۇرغانلىقىنى كۆردى ، ھاپىز ئۇنىڭ ئالىم ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ تۇۋەزۈننى ئېلىپ يېنىغا باردى .

ــ كىم سەن ؟ ــ دېدى ئالىم كەتمەننى كۆتۈرۈپ ئازمىدىن يول گىرۋىكىگە چىقىپ .

ھاپىز گەپ قىلمايلا ئالىمنىڭ قولاق تۈۋىگە تۇۋەزۈن بىلەن بىرنى چاپقاندىن كېيىن ، يىلىن بولۇپ يېقىلغان ئالىمنى ئارقا ـ ئارقىدىن چېپىشقا باشلىدى . ئون توققۇز قېتىم چاپقاندىن كېيىن ھاپىز ھاردىمۇ قانداق توختىدى ـ دە ، ئاي يورۇقىدا ئالىمنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، تۇۋەزۈننى ئېلىپ قېچىپ كەتتى .

## ئالتە سائەتتە تۇتۇلۇش

ھاپىز يۈگۈردى ، كېيىنۋالغان چاپىنى ئېغىر بولغاچقا ،

يوٗگوٗروٗشكه ئەپسىز كوٚروٛپ بىر هويلىغا تاشلىۋەتتى ـ دە ، توختىماي يوٗگوٗردى . ئۇ XXX ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى يېزىسىغا بېرىۋېلىپ ، ئۇ يەردىن قەشقەرگە قېچىش ئۈچۈن يوٗگوٗرمەكتە ئىدى .

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىگە بارغان ھاپىز تۇۋەزۇننى يۇلغۇنلۇق ئارىسىغا يوشۇردى ، ئاندىن ئايىغىنى سېلىپ يوٗگوٗروٗشكە باشلىدى ، ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ ، تاڭ ئېتىشقا يېقىن بىر كەنتكە كېلىپ قالدى .

ھاپىز سۇ ئىچىۋېلىش ئۈچۈن بىر ئىشىكنى چەكتى . بۇ چاغدا تاڭ ئاتقانىدى . ئىشىكنى بىر ياشانغان ئايال ئاچتى .

ــ مەن يولدىن ئازغان بىر مۇساپىر ، بۇ نەدۇ ، مەن پىيالىمغا باراتتىم ، ــ دېدى ھاپىز .

ــ راست ، مۇساپىركەنسىز ، قاراڭ پايپاقلىرىڭىز تېشىلىپ كېتىپتۇ ، ئاۋۋال سۇ ئىچىۋېلىڭ ، ــ موماي سۇ بەردى ، ئاندىن قورۇق ئۇزۇم ئەچىقىپ ، بۇ «بىچارە مۇساپىر»نىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى .

ــ بۇ يەر سېرىق شاخ دېگەن يەر ، بالام ، ئۇدۇل مېڭىۋەرسىڭىز خېلى ئۇزۇندا پىيالىمغا بارىسىز ، ــ دېدى موماي .

ھاپىز ئۆزىنىڭ تېخى XXX ناھىيىسىدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تېخىمۇ ئىتتىك يوٗگوٗروٗشكە باشلىدى . ئۇزاق يول يۈرمەستىنلا تەلىيىگە بىر موتسىكىلىتچىغا ئۇچراشتى ـ دە ، يۈز يۈەن بېرىپ ئاخىرى پىيالىمغا بېرىۋالدى . ھاپىز يول بويىدىكى بىر مىنىبۇسقا چىقتى .

ــ ئۇكا نەگە بارىسىز ــ سورىدى شوپۇر .

ــ قەشقەرگە باراتتىم ، ــ دېدى ھاپىز .

ھاپىز ئەسلىدە پىيالىمدا بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىنى تېپىپ

كىرىپ قان كۆڭلىكىنى تۇغقىنىغا باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىم دەپ قويۇپ ئالماشتۇرۇۋېلىپ ، ئاندىن ماشىنىغا چىققانىدى . شوپۇر هاپىزغا بىر هازا قارىغاندىن كېيىن سورىدى :

— يېنىڭىزدا پۇل بارمۇ ؟

— پۇلنىڭ پارچىسى ئەللىك يۈەن ئاكا ، — هاپىز شوپۇرغا ئەللىك يۈەن تەڭلىدى .

— ئاۋۇ تاكسىدا مېڭىڭ ، ئۇمۇ بىزنىڭ ، — دېدى شوپۇر هاپىزغا قىرىق يۈەننى ياندۇرۇپ بېرىۋېتىپ .

هاپىز تاكسىغا چىقتى . تاكسى 315 - لىنىيىگە كېلىپ توختىدى ، هاپىز ماشىنىدىن چۈشتى .

— توختا ...

دەل شۇ چاغدا هاپىزنىڭ ئالدىدا ساقچىلار تۇراتتى . پولاتتەك پاكىتلار ئالدىدا هاپىز ئۆزىنىڭ قاتىللىق جىنايىتىنى ئەينەن تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى .

2006 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى هاپىز XXX ناهىيىلىك ج خ ئىدارىسى تەرىپىدىن جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇلدى .

تۇرمۇشتا قىزىرىشىپ قېلىش ، ئۇرۇشۇپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ ، بۇنىڭلىق بىلەن ئاداۋەت ساقلاپ بىر - بىرىگە زىيانكەشلىك قىلىش ، قاتىللىق قىلىش ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى نابۇت قىلىشتۇر . قورساقنى كەڭرەك تۇتۇپ ، باشقىلارنى ئەپۇ قىلساق ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزنىمۇ ، ئۆزگىنىمۇ پالاكەتتىن قۇتقۇزغان بولىمىز .

# بالا باققان گۇناھمۇ؟

كونىلار: «مەستلىك ـ نەسلىك» دەپ بىكار ئېيتمىغان. مەستلىك ئادەمنى ئەقلىدىن جۇدا قىلىدۇ. ئادەم ئەقلىدىن جۇدا بولغانىكەن، ئۇ تۈرلۈك پەسكەشلىك، ياۋۇزلۇق ۋە ياۋايىلىق قىلىشتىن تەپ تارتمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆزىنى ۋە ئۆزگىلەرنى پالاكەتكە تىقىدۇ.

## جاپاكەش ئايال

ئۆزىنىڭ تۇرمۇش سەپىرىدە نى ـ نى مۇشكۇلاتلارنى باشتىن كەچۈرۈپ سەكسەن ياشقا ئۇلاشقان ئايسىخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئەپسۇس، ئۇ ئاشۇ ئاچچىق تولغاق يەپ تۇغقان ۋە مىڭ بىر جاپالاردا بېقىپ چوڭ قىلغان ئۆز بالىسىنىڭ قولىدا ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ XXX ناھىيىسى XXX يېزىسىنىڭ مەلۇم كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق دېھقان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغۇل، بىر قىزى بار بولۇپ، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بالىلارنى بېقىش، ئېتىز ئىشلىرىنى قىلىش ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنىدى.

ئايسىخان تىرىشىپ ئىشلەپ تۇرمۇشنى ياخشىلىغاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى تۇرۇپنى ئۆيلىدى. بىراق تۇرۇپنىڭ قولىدا خوتۇن تۇرمايتتى، ئايسىخان باشقا بالىلارنىڭ تويلىرىنى قىلىپ

بولغاندىن كېيىن يەنە تۇرۇپنىڭ غېمىنى قىلدى .

— ئانا ، مەن بۇ ئايالنى ئالىمەن ، — دېدى تۇرۇپ بىر كۈنى شەرۋانە ئىسسىملىك چىرايلىق چوكاننى باشلاپ كىرىپ .

— تۇرۇپنىڭ ئىلگىرى توققۇز خوتۇن ئالغانلىقىنى بىلەمسىز ؟ ئۇنىڭ سىزنى تاشلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىمەمسىز ؟ — سورىدى ئايسخان چوكاندىن .

— ئۇلاردىن بالىسى يوقكەن ، بىر - بىر بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشىمىز ، توي قىلىشقا مەن رازى ، — دېدى شەرۋانە كەسكىنلىك بىلەن .

## شور پېشانە ئايال

شەرۋانە تۇرۇپ بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن دەسلەپتە بەختلىك ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئۈچ ئوغۇل ، بىر قىز تۇغقاندىن كېيىن تۇرۇپنىڭ خورلاشلىرى ئۇنى قىينىدى .

شەرۋانە ئۇنىڭ بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىشنى بىرقانچە قېتىم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ ، بىراق تۇرۇپنىڭ يالۋۇرۇشلىرى ، سەبىي تۆت پەرزەنتىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرۇشى شەرۋانىنى بۇ خىيالدىن ياندۇردى . كېيىنچە تۇرۇپنىڭ هاراق ئىچىپ كېلىپ ، تۆت بالىسىنى ئۇرۇشى شەرۋانىنى تېخىمۇ ئازابلىدى .

## ئازابلىق كۈنلەر

تۆت بالا ئولتۇرسا - قوپسا خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە قېلىپ ، ئۇخلىيالمايدىغان ، كۆڭلى غىزا تارتمايدىغان بولۇپ قالدى .

شەرۋانىنىڭ چوڭ ئوغلى دادىسىنىڭ تاييقىغا چىدىيالماي ، بۇ ئائىلىدىن مېھرىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ ، چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە

كەتتى .

2007 - يىل 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شەرۋانە ئۈچ بالىسى بىلەن ئۇخلاۋاتاتتى . تۇيۇقسىز چېكىلگەن ئىشىك ئۇنى ئەنسىزچىلىككە سالدى . ئۇ ئىشىكنى ئېچىشىغا ، تۇرۇپ شەرۋاننى لاخشىگىر بىلەن ئۇردى .

باللارنىڭ قىيا - چىيالىرى ھويلىنى بىر ئالدى . شەرۋانە سىرتقا قېچىپ چىقىۋالدى . رەھىمسىز دادا باللارنى ئۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۇستىۋېشىنى قانغا بويىدى . تاڭ ئاتتى ، شەرۋانە ئۆز دادىسى تەرىپىدىن زەخىملەنگەن ئىككى بالىسىنى ئېلىپ ساقچىخانىغا باردى .

— ئوماق باللىرىم ، ئوماق خوتۇن ، مەن چېكىپ ، ئىچىپ شۇنداق قىلىپ سالىپتىمەن ، خاپا بولماڭلار ، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە دەپتىكەن ، ئېتىز ئىشلىرىمىز تۇرسا ، مېنى سولاتساڭلار سىلەرگە نېمە پايدا ؟ مەن خۇش بولاي …

تۇرۇپنىڭ يالغان يىغلاشلىرى شەرۋانە بىلەن باللىرىنى تەسىرلەندۇردى …

## ئۆي - ماكانىدىن ئايرىلىپ قېلىش

2008 - يىل 1 - ئايدا تۇرۇپ يەنە مەيزاپ ئىچتى - دە ، كېچىدە كېلىپ شەرۋاننى دۇمبالىدى . بۇ قېتىم شەرۋانە باللىرىنى ئېلىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتتى .

ئۇزۇن ئۆتمەي تۇرۇپ ئۆز ئىلكىدىكى بەش مو يەر ۋە ئۆيلىرىنى باشقىلارغا ئون سەككىز مىڭ يۈەنگە سېتىۋەتتى .

— بالام ، ماكانىڭنى نېمىشقا ساتىسەن ؟ باللىرىڭ ماكانسىز قالسا بولماس ؟ — دېدى ئايىسخان .

— ئانا سىزگە ۋاپادارلىقىمنى يەتكۈزۈپ بولالمىدىم . يېنىڭىزدا

ئولتۇرۇپ سىزگە ۋاپادارلىقىمنى يەتكۈزەي دەيمەن . قېرىغاندا سىز يالغۇز قالدىڭىز ، — دېدى تۇرۇپ .

ئــايــىسخان ئوغلىنىڭ چىرايلىق گەپلىرىدىن تەسىرلىنىپ ، بىرگە ئولتۇرۇشقا قوشۇلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئايىسخان يامانلاپ كەتكەن كېلىنى شەرۋاننى ئىزدەپ باردى .

— ئەمدى تۇرۇپ بىلەن بىر ئۆيدە تۇرمايمەن ، ئۇنىڭ تايىقى ئاستىدا ئۆلۈشنى خالىمايمەن . بالىلىرىمنىمۇ تۇرۇپنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇپ قويغۇم يوق ، — دېدى شەرۋانە .

— قىزىم ، بۇ قېتىم بارمىسىڭىز بولمايدۇ . تۇرۇپ ئۆيۈڭلارنى سېتىۋېتىپتۇ . ئۇ پۇلنى بۇزۇپ - چېچىپ بولغۇچە بېرىپ ئۆي سېلىۋېلىڭلار .

شۇنىڭدىن كېيىن شەرۋانە ئايىسخان بىلەن بىللە ئۆيگە قايتىپ كەلدى .

شۇ ئارىلىقتا تۇرۇپ پۇلدىن ئىككى مىڭ يۈەننى بۇزۇپ - چېچىپ تۈگەتكەن ئىدى . ئۇ ئەل - جامائەتنىڭ ، قوشنىلارنىڭ نەسىھەتى بىلەن ئۆي سېلىشقا تۇتۇش قىلدى . كېيىن ئىنىسىنىڭ ئازراق پۇلنى بانكىدا قويۇپ قويۇشنى نەسىھەت قىلغىنىغا قېيىداپ ، ئۆي سېلىشنى توختىتىپ قويدى .

## ئوغلىنىڭ قولىدا ئۆلگەن ئانا

3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تۇرۇپ كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپلا سىرتقا ماڭدى .

— كــەچ بــولــغاندا نەگە ماڭدىڭ بالام ؟ — دەپ سورىدى ئايىسخان .

— سەمەتتە پۇل بار ئىدى ئېلىپ كېلەي .

تۇرۇپ ياندىكى ئۆيگە چىقتى - دە ، چىلىمنى ئېلىپ نەشە

تارتىشقا باشلىدى .

— چەكمىسىڭىز بولمامدۇ ، ئۇنداق سىيىق نەرسىنى ، — دېدى شەرۋانە ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ .

خوتۇنىنىڭ گېپى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى . تۇرۇپ سەمەتنىڭ ئۆيىگە باردى ـ دە ، سەمەت ھەم مەھەللىدىكى ئۈچ ئادەم بىلەن ئولتۇرۇپ مەيزاپ ئىچتى .

شەرۋانە قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى سەزدىمۇ قانداق ، قېينانىسىنىڭ ھۇجرىسىدا يېتىپ قالدى .

كېچە موتىسكلىتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان شەرۋانە يۈگۈرۈپ چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى . تۇرۇپ ھويلىغا كىرىپلا شەرۋانىنىڭ كاللىسىغا بىرنى سالدى . شەرۋانىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئايىسخان ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ توۋلىدى :

— تۇرۇپ ، شەرۋانىنى ئۇرما ...

بالىلارنىڭ ھەممىسى ئويغىنىپ كەتتى .

شەرۋانە يالاڭ ئاياغ يولغا چىقتى ـ دە ، تۇرۇپنىڭ ئىنىسىنىڭ ئىشىكىنى ئۇردى . بىراق ھېچكىم ئويغانمىدى .

تۇرۇپ ئايىسخانىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ، قىزى بىلەن چوڭ ئوغلىغا «ئاناڭ قېنى ... » دېگىنىچە ئۇلارنى سۆيىدىن ئېلىپ يەرگە تاشلىدى . ئىككى بالا قورقىنىدىن يالاڭ ئاياغ سىرتقا قېچىپ چىقىپ :

— ئانا ، قېچىپ كېتەيلى ، دادام بىزنىمۇ ئۇردى ، — دېدى ئانىسىغا ئېسىلىپ يىغلاپ .

شەرۋانە ئىككى بالىسىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئالتە ياشلىق ئوغلى بىلەن ئايىسخان ئۆيىدە قالدى .

— خوتۇنۇم قېنى ؟

تۇرۇپ ئايىسخانىغا ھۆركىرىدى ، ئايىسخان ئوغلىنىڭ

كۆزلىرىدىن قورقۇپ سىرتقا قېچىپ چىقتى ـ دە ، كىچىك ئوغلىنىڭ ئۆيى ئالدىغا بېرىپ توۋلاشقا باشلىدى .

ـــ كېچىدە نېمىشقا توۋلايسەن ؟

تۇرۇپ ئانىسىنى قامالاپ تۇتتى ـ دە ، باش ، يۈز قىسىملىرىغا توختىماي ئۇردى . ئاندىن سۆرەپ ، دەسسەپ ئۆز ھوجرىسىغا ئېلىپ كىردى . دەسسەش ، ئۇرۇش ، تېپىش ھېچ توختىمىدى . بىچارە ئانىنىڭ باش ، يۈز قىسىملىرى دەسسەشتىن مىجىلدى . ئانا جىمىپ قالدى . تۇرۇپ ئانىسىنىڭ جىمىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنى كۆتۈرۈپ ھوجرىسىغا ئېلىپ كىرىپ ئۇستىگە يوتقان يېپىپ قويدى . ئاندىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي يىغلاپ ئولتۇرغان كىچىك ئوغلىنى قوچىقىغا ئېلىپ ، قانغا مىلەنگەن قولى بىلەن ئۇنى قۇچاقلاپ ياتقىنىچە ئۆز ھوجرىسىدا ئۇخلاپ قالدى .

تاڭ ئاتتى ، كىچىك كېلىن ئايىسخانىغا تاماق ئېلىپ كىرىپ ، ئۇنىڭ قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ...

قانۇن دوختۇرى «ئۆلگۈچىنىڭ باش ، يۈز ، كۆكرىكى سىرتقى كۈچ تەسىرىدىن زەخىملەنگەن . ئوڭ ، سول كۆكرەك قوۋۇرغا سۆڭەكلىرى رەتسىز ئۇۋۇلۇشىمان سۇنۇپ ، كۆكرەك پەردىسىنى يېرىۋەتكەن ، ئوڭ ، سول كۆكرەك بوشلۇقىغا كۆپ مىقداردا قان يىغىلغان بولۇپ ، قانسىراش خاراكتېرلىك شوك بولۇپ ئۆلگەن ... » دەپ يەكۈن چىقاردى .

3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى جىنايەت گۇماندارى تۇرۇپ قەستەن قاتىللىق گۇمانى بىلەن XXX ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى تەرىپىدىن جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇلدى .

ئارتۇق گەپ نە ھاجەت ، ھەر قانداق بىر ئەقىل ئىگىسى بۇ پاجىئەدىن مەست قىلغۇچى ئىچىملىكنىڭ ۋە زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىۋالايدۇ .

# ئېرىنى دەپ بوۋاق ئوغرىلىغان ئايال

مەخپىرەت XXX ناھىيىسىنىڭ مەلۇم يېزىسىدىن بولۇپ، 20 ياشلاردىكى چىرايلىق قىز ئىدى. ناھىيە بازىرىدىكى بىر قېتىملىق تاسادىپىي ئۇچرىشىش ئالىم بىلەن مەخپىرەتنىڭ تەقدىرىنى قوشتى.

ئالىم يىگىرمە بەش ياشلاردا بولۇپ، دېھقان ئىدى. ئۇ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بىر قېتىم نىكاھتىن ئاجراشقانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ تويى بولدى. ئالىمنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ پەرىشتىدەك كېلىنىنى ئەتىۋارلايتتى. بولۇپمۇ، مەخپىرەتنىڭ قورساق كۆتۈرۈشى ئالىم ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى.

ئالىم بىر كۈنى كېچىدە خوتۇنىغا:

— مەن يېقىندا مارالبېشىغا بېرىپ ئىشلىمەكچى بولۇۋاتىمەن، ئۆزۈڭلارنى ياخشى ئاسراڭلار، — دېدى.

— مەنمۇ باراي، ئاچ - توق قالسىڭىز چىدىيالمايمەن، — دېدى مەخپىرەت ئالىمغا ئەركىلەپ.

— جاپا تارتىپ قالارسەنمىكىن، سەن قالغىن، — دېدى ئالىم.

— ياق، مەنمۇ بارىمەن، نەدە بولسىڭىز، مەن شۇ يەردە، — دېدى مەخپىرەت قەتئىي قىلىپ، ئالىم ئامالسىز خوتۇنىنى ئېلىپ، مارالبېشىغا باردى.

مەخپىرەت ھەر كۈنى تاماق ئېتىپ بولۇپلا، ئېرىنىڭ قېشىغا

باراتتى . بىر كۈنى كېچىدە ئۇ ئالىمنىڭ سۇ تۇتۇۋاتقان يېرىگە چىقتى .

ــ ھەي ، ياتاقتا ئولتۇرساڭ بولمامدۇ ، ــ دېدى ئالىم مەخپىرەتكە .

ــ ياتاقتا يالغۇز ئولتۇرۇپ قورقتۇم ، ــ دېدى مەخپىرەت .

ــ مەن سۇنى ئۇلغايتىپ كېلەي ، ئولتۇرۇپ تۇرغىن ، ــ ئالىم شۇنداق دېگىنىچە كەتمەننى ئېلىپ كېتىپ قالدى .

ئېرىنىڭ كېتىشى بىلەن مەخپىرەتنى سۇر بېسىشقا باشلىدى . شۇ ئارىدا دەرەخنىڭ سۇنغان شېخى تۇيۇقسىز شاراقشىپ چۈشتى . بۇنىڭدىن تېخىمۇ قورقۇپ كەتكەن مەخپىرەت تېخىمۇ تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالدى . ئۇ بىردەمدىن كېيىن ئېسىنى يىغدى ، بىراق ، ئۇنىڭ چىرايىدا قان قالمىغانىدى . ئۇنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتكەنىدى .

يىراقتىن قولچىراغنىڭ شولىسى كۆرۈندى .

ــ قولچىراغ سەندە تۇرسۇن ، يەنە ئازراق يەر قالدى . سۇغىرىۋېتىپلا كېلەي ، ئاندىن كېتەيلى ، ــ ئالىم شۇنداق دېگىنىچە يەنە سۇ تۇتقىلى كەتتى .

مەخپىرەت بالىنى ياغلىققا يۆگىدى ـ دە ، يېقىن ئەتراپتىكى قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىپ كۆمۈپ قويدى .

ئۇلار ماراللىبېشى ناھىيىسىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، تۇغقانلىرىنى يوقلاش بىلەن ئالدىراش ئۆتتى . مەخپىرەت قىلىن ، يوغان كىيىملەرنى كىيىپ يۈردى . چۈنكى ، تونۇش ـ بىلىشلىرىنىڭ قاچان يەڭگىدىغانلىقىنى سوراشلىرى ئۇنى بىزار قىلىشقا باشلىغانىدى .

قانداق قىلىش كېرەك ؟ مەخپىرەت ئويلا ـ ئويلا ، ئاخىر تاشلىۋېتىلگەن بىر بوۋاقنى بېقىۋېلىپ ئائىلىدىكى ئورنىنى ساقلاپ

قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى، لېكىن شۇنچە ئىزدەپمۇ تاشلىۋېتىلگەن بىرەر بوۋاقنى تاپالمىدى.

مەخپىرەتنىڭ ئاي ـ كۈنىنىڭ يېقىنلىشىشى ئۇنى دەككە ـ دۈككىگە سېلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بوۋاق ئوغرىلاش ئۈچۈن ئۇدۇل دوختۇرخانىغا باردى. قىرىشقاندەك بۈگۈن دوختۇرخانىدا بىرلا تۇغۇتلۇق ئايال بار ئىدى.

ــ قاچان يەڭگىدىڭىز؟ ــ سورىدى مەخپىرەت ئايالدىن.

ــ ئالتە كۈن بولدى، ــ دېدى ئايال. ئۇنىڭغىچە ئايالنىڭ ئېرى كىردى. مەخپىرەت سىرتقا چىقىپ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ كېتىشىنى ساقلىدى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئايالنىڭ ئېرى كەتتى. مەخپىرەت ئايالنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى، سېستىرالارنىڭ تۇغۇت ئۆيىدە باشقا بىر ئايالنى تۇغدۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بوۋاقنى كۆتۈرۈپ ماڭدى ۋە ئۇدۇل ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. مەخپىرەت ئانىسىغا دوختۇرخانىدا يەڭگىگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ خەۋەر بىردەمدىلا ئالىمنىڭ قۇلىقىغا يەتتى.

ــ بالا ماڭا ئوخشايدىكەن، قاراڭلار، كۈلگىنىگە...

مەخپىرەت ئېرىنىڭ، قېيناتا ـ قېينانىسىنىڭ چىرايىدىكى كۈلكىنى كۆرۈپ خۇشال بولغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن بوۋاقنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىزدەپ كېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى. بوۋاقنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كېلىپ، مەخپىرەت بىلەن جېدەللەشتى. ئاخىر بوۋاقنى ئېلىپ كېتىپ قالدى. مەخپىرەت ئانىسىغا:

ــ ئانا، مەن بوۋاقنى ئۆلۈك تۇغقان، بۇنى ئالىمغا قانداق دەيمەن؟ مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن، ــ دېدى.

بۇ خەۋەر ئالىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە،

ئۇلارنىڭ خوشاللىقى سۇ ئۇستىدىكى كۆپۈكتەك تارقاپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن قېينانىسىمۇ كېلىنىنى قايتۇرۇپ كېلىشتىن يالتايدى . كۇندە نەچچە كېلىپ خوتۇنىنى يوقلايدىغان ئالىممۇ جىمىپ كەتتى . مەخپىرەتنىڭ ئېرىدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە بىر بوۋاق ئۇغرىلاش نىيىتىگە كەلدى .

2007 - يىل 12 - ئاينىڭ 6 - كۇنى مەخپىرەت ئەتتىگەندىلا ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن XXX يېزا بازىرىغا ماڭدى . ئۇ بىردەم بازار ئايلانغاندىن كېيىن ، بوۋاق كۆتۈرۈۋېلىپ گۆش گىردە يەۋاتقان بىر ئايالنى كۆرۈپ قالدى ۋە :

— ئاچا بالىڭىز قانچە ئايلىق بولدى ؟ — دەپ سورىدى .

— ئىككى ئايلىق بولدى ، بۇ مېنىڭ تۇنجى قىز نەۋرەم ، — دېدى ئايال . بىردەمدىن كېيىن بۇ ئايالنىڭ كېلىنى كېلىپ بوۋاقنى قولىغا ئالدى . مەخپىرەت ئۇلار چىققان هارۋىغا چىقىۋالدى . هارۋا هېلىقى ئايالنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى . مەخپىرەت ناماز ئوقۇۋېلىشنى باهانە قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىردى . شۇنداق قىلىپ ئۇ بۇ قېتىممۇ بوۋاقنى ئوغرىلاپ چىقتى ۋە ئۇدۇل قېينانىسىنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى .

ئەمدىلا كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنغان ئالىم ئىشىكنىڭ قاتتىق چېكىلىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى .

— كىم ؟

— مەن مەخپىرەت ··· — ئالىم ئىشىكنى ئاچتى .

— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن ، ئالىم بۇ بالىنى بېقىۋالايلى ، تاشلىۋېتىپتىكەن ، باشقىلار تېپىۋاپتۇ ، ماڭا بەردى ، — دېدى مەخپىرەت . ئالىم :

— هەي ئەخمەق خوتۇن ، سېنىڭ بۇنداق قىلمىشلىرىڭ بەربىر مەن ئۇچۇنكەنغۇ ؟ راست گەپ قىلساڭلا بولمىدىمۇ ؟ ئەمەلىيەتتە

تـۈنۈگۈنلا ئۆيدىكىلەرنى سېنى ئېلىپ كېلىشكە قايىل قىلغان ، بوپتۇ ، بوۋاقنىڭ ئىگىسى بولمىغاندىكىن بېقىۋالايلى ، ــ دېدى .
شۇنداق قىلىپ ئالىم بولغان ئىشلارنى ئاتا ـ ئانىسىغا ئېيتتى . ئۇلارمۇ «بوپتۇ» دېيىشىپ نەزىر بېرىشكە ھازىرلاندى .
ــ بـۇ ئۆينىڭ ئىگىسى بارمۇ ؟ ــ سىرتتا ئىككى ساقچى تۇراتتى .

ئالىم ئىشىك ئالدىغا چىقتى ، مەخپىرەتمۇ بالىنى كۆتۈرۈپ چىقتى .
ــ ئـاشۇ شۇ ، ھۇ ئالدامچى ، بالا ئوغرىسى ! ــ بالىنىڭ ئانىسى مەخپىرەتنى كۆرۈپ ساقچى ئاپتوموبىلىدىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە ، بالىنى تارتىۋالدى . ساقچىلار مەخپىرەتنى ئېلىپ ماڭدى . ئالىم بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى ...
مەخپىرەت بالىلارنـى ۋەسىيسىدىن ئايرىش جىنايىتى بىلەن 2007 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى XXX ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى تەرىپىدىن توختىتىلىپ قويۇلدى .

# قارا باسقان ئاتا ـ ئانا، قانۇنسىز سولانغان بالا

## مۇقەددىمە

— ئىسمىڭ نىمە؟

— ھەجەرخان.

— قىسقىچە تەرجىمھالىڭنى سۆزلە.

— بۇ يىل ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىردىم، كەسپىم دېھقان، ساۋاتسىزمەن، بەش بالام بار، چوڭى ئون تۆت ياش، كىچىكى بەش ياشتا، يولدىشىم ھاپىز بىلەن توي قىلغىلى ئون ئالتە يىل بولدى.

— سېنى ساقچىخانىغا نىمە سەۋەبتىن چاقىرتىپ كەلدۇق؟

— قانۇنسىز ئادەم سولىغانلىقىم ئۈچۈن.

ياندىكى ئۆيدە ھاپىزنىمۇ سوراق قىلىۋاتاتتى.

— سەن شەپقەتنى قانچە سائەت قانۇنسىز سولىدىڭ؟

— ئىككى كۈندۈز، ئىككى كېچە، ئوتتۇز سەككىز سائەتكە باردۇ.

— كىملەر ياردەملەشتى؟

— ئايالىم ھەجەر، ئايالىمنىڭ ئىنىسى، مەن قاتارلىقلار، ئاساسلىقى شەپقەتنى مەن، ئايالىم ئۇردۇق، —ھاپىز بېشىنى تۇتۇپ بولدۇقلاپ يىغلاپ كەتتى، —ساۋاتسىزلىقىمدىن، بالىنى ياخشى

تەربىيىلىنىگەنلىكىمدىن جىنايەت يولىغا مېڭىپ ساپتىمەن...

ھەجەرخان بىلەن ھاپىز پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكۈپ يىغلاپ كەتتى ، بىراق ئۇلار كېچىككەنىدى .

نۆۋەتتە ، قانۇن - تۈزۈم مۇكەممەللىشىۋاتقان ، كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بۇ دېلو كىشىنىڭ يۈرەك - تارىنى تىترىتىپ قانۇننى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىشنى ھەمدە بالىلارنى ياخشى تەربىيىلەشنى ھەر ۋاقىت ئېسىمىزگە سېلىشى مۇمكىن...

## ئەركە بالا

ھاپىز بىلەن ھەجەر ناھىيە XXX يېزىسىنىڭ مەلۇم كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئامراق ئەر - خوتۇنلاردىن ئىدى . ئۇلار توي قىلىپ تۇنجى تۇغۇلغان ئوغلى ئىمىر بۇ ئائىلىگە خۇشاللىق ئاتا قىلغانىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ھەجەرخان ئارقا - ئارقىدىن تۆت بالا تۇغقان بولسىمۇ ، ھەممىسى قىز بولغاچقا ، ئىمىرنى يالغۇز ئوغۇل دەپ بەك ئەتىۋارلايتتى . ئىمىر خۇددى بۇ ئائىلىنىڭ تىلتۇمارىغا ئوخشاش بولۇپ نېمە يېسە ، نېمە كىيسە ئۆز ئىختىيارىلىقى بويىچە ، دېگىنى دېگەنىدى .

ئىمىر چوڭ بولۇشقا باشلىدى ، بىراق باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا قېچىپ يۈرۈپ مەكتەپتىن قالدى . ھاپىز بىلەن ھەجەرمۇ ئوغلىغا يانتاياق بولۇپ ، بالىنى مەكتەپتىن قاچۇرۇپ يۈرەتتى .

زىمىستان قىش ، ھەجەرخان بىر تاغار ياڭاقنىڭ يوقالغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئاچچىقى كەلدىيۇ ، تاغار يېنىدىكى ئىزغا قاراپ جىمىپ قالدى . چۈنكى ، ئىز ئوغلى ئىمىرنىڭ ئىزى ئىدى ، كەچ بولغاندا

ئىمىر پەيدا بولدى .

— بالام ، تاغاردىكى ياڭاق يوق تۇرىدۇ ، نەگە ئاپاردىڭ ؟— دېدى ھەجەرخان .

— دادامغا دېمە ؟ ئاچىقىپ ساتتىم .

— پۇلنى نېمىگە ئىشلەتتىڭ .

— خەجلىدىم .

— ماڭا دېسەڭ بولمامدۇ ، پۇل بېرەر ئىدىم .

— بىر - ئىككى سومغا نېمە كېلەتتى ، — ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئىمىرنىڭ بۇ سۆزى ھەجەرخاننى تەمتىرىتىپ قويدۇمۇ قانداق . بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنمىدى .

باش باھار ، ئەتراپتىكى توڭلار ئېرىپ ، دەرەخلەر كۆكىرىش ئۈچۈن بىخ سۇرۇۋاتاتتى .

ئىمىر ئانىسى ھەجەرخاننىڭ يانچۇقىدىن ئۈچ يۈز سوم نەق پۇلنى تۇيدۇرمايلا ئېلىۋالدى - دە ، ئۆي ئالدىغا چىقتى ، ئۆي ئالدىدا دوستلىرىدىن شەپقەت ، ئېرپانلار تۇراتتى .

— يۇرۇڭلار ، خوتەنگە بېرىپ ئويناپ كېلىمىز ،— دېدى ئىمىر پۇلنى كۆرسىتىپ .

ھەجەرخان بۇ قېتىم سەل چۆچۈدى - دە ، ئوغلى ئىمىرنى ئىزدەشكە باشلىدى . ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئىمىر پەيدا بولدى .

— پۇلنى قانداق قىلدىڭ ؟— دېدى ھەجەرخان .

— شەپقەت ، ئېرپانلار بىلەن خوتەنگە بېرىپ خەجلەپ كەلدىم .

— شەپقەت ، ئېرپان دېگەن نان قېپىلار نېمىشقا سېنىڭ پۇلۇڭنى خەجلەيدىكەن ؟ خەپ ئەدىپىنى بەرمىسەم ئۇلارنىڭ !— ھەجەرخان سىرتقا ماڭدى . ھايىز بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ ھەجەرخاننى توختىتىۋالدى .

— ھەي ، شەپقەت ، ئېرپانلارنى ئىزدىسەڭ ، ئىمىرنىڭ پۇل

ئوغرىلىغانلىقى ئىسپاتلىنىپ ، خەقلەر بالىمىزنى كۆزگە ئىلمىسا قـاندىاق قىلىسەن ؟ــ دېدى ھاپىز . شۇنىڭ بىلەن ئىشنى بولدى قىلدى...

ھاپىز بىلەن ھەجەرخان دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدا ئۆزىنىڭ پارچە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتاتتى...

## پۇل خەجلەشكە ئامراق بالا

2005 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ھەجەرخان يولدىشى ھـاپـىـز بىلەن يېزا بازىرىغا تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ئىشىكتىن چىقتى .

ــ ھەي خوتۇن ، ماۋۇ بىر مىڭ ئۈچ يۈز سومنى ئۆيگە تىقىپ قـويـۇپ چـىـققىنا ، بازاردا ئىشلىتىپ سالمايلى ،ــ دېدى ھاپىز . ھەجەرخان ئالدىراش ھالدا پۇلنى ياندىكى ئۆيگە ئەكىرىپ ، بىر ھازا تـۇرغاندىن كېيىن خالتىدىكى ئۇنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇپ ئىشىكلەرنى ئېتىپ ماڭدى .

ئـىمىر بۈگۈن چۈرگىلەپ يۈرۈپ ئۆيگە كەلدى ـ دە ، ھېچ ئولتۇرالماي قالدى ، ئاستاغىنا ھەجەرخان پۇل تىقىپ قويغان ئۆيگە كـىـرىپ پۇل ئىزدەشكە باشلىدى ، خالتىدىكى ئۇنلارنى يەنە بىر خـالـتـىغا بۆلدى ، بىراق پۇل ئۇن ئارىسىدا يوق ئىدى . ئىمىر خـالـتىنى كۆتۈردى ـ دە ، خالتا ئاستىدا تۇرغان يۈز سوملۇق ، ئەللىك سوملۇق پۇللارنى كۆرۈپ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى . بـىـر مىڭ ئۈچ يۈز سومنى ئېلىپ ، ئىشىكلەرنى ئېتىپ سىرتقا چىقتى ، بىرھازا ئىزدەپ يۈرۈپ تەڭتۇش دوستلىرىدىن شەپقەت ، ئېرپانلارنى تاپتى .

ــ ئويناپ كېلىمىز ،ــ دېدى ئىمىر .

ــ بۇ قېتىم نەگە ؟ــ دېدى شەپقەت .
ــ قاغىلىققا چىقىپ ئويناپ كېلەيلى ،ــ دېدى ئىمىر پۇلنى كۆرسىتىپ .
ئىمىر ، شەپقەت ، ئېرپانلار قاغىلىققا بېرىپ پۇلنى بۇزۇپ - چېچىپ توگەتكەندىن كېيىن ، سالپىيىشىپ قاراقاشقا كىردى ، ئىمىر ئۆيىگە بارالماي سىرتلاردا يۈرۈۋاتاتتى .

## بالا دەردى

ھەجەرخان شۇ كۈنى بازاردىن كىرىپ يېتىپ قالدى .
ــ ھەي ، ئىمىر يوقمۇ ؟ــ سورىدى ھاپىز .
ــ دوستلىرىنىڭكىدە قونۇپ قالغاندۇ ،ــ دېدى ھەجەرخان .
تاڭ ئاتتى . ھەجەرخان تاماققا تۇتۇش قىلىش ئۈچۈن داسنى كۆتۈرۈپ ئۇن ئاچىققىلى كىردى ، چېچىلغان ئۇنلارنى كۆرۈپ ، يۈرىكى گۈپ قىلدى - دە ، خالتىنى كۆتۈردى ، پۇل يوق ئىدى . ھەجەرخان ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى . ھاپىز ئەھۋالنى ئۇقتى ، ئەر - ئايال بىر - بىرىگە تاپا - تەنە قىلىشقا باشلىدى .
ــ بالىنى كىچىكىدە ياخشى باشقۇرماي ، خوپ بولدى...
ــ سىزمۇ بەك ئەركىلەتتىڭىز...
ــ سەن بىر ئوغۇل ، قورقۇتماڭ ، دېسەڭ...
شۇنداق ، بولغۇلۇق بولغانىدى ، ھاپىزنىڭ ئەمدىلىكتە ھەجەرخانغا ئاچچىقى كېلىشكە باشلىدى .
ــ گەپ سەندە ، سەن ئىمىرنىڭ ئەسكى ئىشلىرىنى يوشۇردۇڭ ، ماڭا شۇنداق ئەسكى ئوغۇلنى تۇغۇپ بەردىڭ ، مەن يېمەي - ئىچمەي يىغقان پۇلۇمنى سەن تۇغقان شۇمتەككە تاشلاپ بېرەمدىم ، قارا قىزلىرىمىز شۇنداق ئوڭلۇق ، ئوغلۇڭ نېمىشقا

ئەسكى؟ ـــ دەيتتى هاپىز .

ـــ سەن نېمە دەۋاتىسەن ، ئىمىر مېنىڭ بالامكەن ، سېنىڭ بالاڭ ئەمەسمۇ؟ ! ـــ دەيتتى ھەجەرخان .

ـــ سەن ئىمىرنى تېپىپ پۇلنى ئەسلىگە كەلتۈرمىسەڭ ، مەن سەندىن ئاجرىشىپ كېتىمەن !ـــ دېدى هاپىز . ھەجەرخاننىڭ يىغىسى ئۆيىنى بىر ئالدى . ئۇ ئىمىرنى ئىزدەشكە باشلىدى ، ئىمىر ھېچ يەردە يوق ئىدى .

ھەجەرخان ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىنىسى نەمەتكە بولغان ئەھۋالنى دەپ يىغلىدى . نەمەتمۇ ئىمىرنى ئىزدەشكە باشلىدى . ئەتىسى نەمەت ئىمىرنى يول بويىدىكى دۇكاندا ئۇچراتتى .

ـــ ئاچام ئەنسىرەپ يۈرىدۇ ، ئۆيگە بارغىن ،ـــ دېدى نەمەت .

ئىمىر ئۆيگە باردى ، بۇ قېتىم ئىمىر ئويلىغاندەك دادىسى ئۆيدە يوق بولۇپ ھەجەرخان بار ئىدى .

ـــ ۋاي بالام نەگە كەتتىڭ ؟ـــ دېدى ھەجەرخان .

ـــ پۇلنى ئېلىپ چىقىپ شەپقەت ، ئېرپانلار بىلەن قاغىلىققا چىققانىدىم ، شەپقەت ، ئېرپانلار مىڭ سومنى ئېلىپ قېچىپ خەجلىۋالدى ،ـــ دەپ يىغلىدى ئىمىر .

ھەجەرخان كەچتە ئەھۋالنى ھاپىزغا سۆزلەشكە باشلىدى .

ـــ بالىمىزنى بۇزغىنى شەپقەت ، ئېرپانلار ئىكەن...

## تۇيۇق يول

ـــ ساقچىخانىغا مەلۇم قىلمايلىمۇ ؟ـــ دېدى نەمەت .

ـــ ساقچىخانىغا مەلۇم قىلساق شەپقەت ، ئېرپانلار كىچىك بالىلار تۇرسا ، زىيانىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ ، ئۇلار كىچىك بولغاچقا ھېچنېمە قىلالمايدۇ ،ـــ دېدى ھاپىز .

— ئاۋۇال ، ئۇ شۇمتەكلەرنى تاپايلى ، هازىر ئۇلار مەهەللىمىزدە يوق ، ئاتا - ئانىلىرى بىرىنىڭ شەھەردە ئىكەن ، بىرىنىڭ تىجارەتكە ئۈرۈمچىگە كېتىپتۇ . چوڭ ئۆيدىكىلىرىنىڭ يېنىدا تۇرىدىكەن ، خېلى بولدى يوق ، — دېدى ھەجەرخان . ئۇلار شەپقەت ، ئېرپانلارنى تۇشمۇتۇشتىن ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالمىدى .

2005 - يىلى 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كەچ سائەت توققۇز يېرىملاردا نەمەت شەپقەتنى ناۋايخانا ئالدىدا تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قالدى .

— سەن ، ئاچامنىڭ ئۆيىدىن پۇل ئوغرىلىغانمۇ ؟— سورىدى نەمەت .

— ياق ، مەن ئوغرى ئەمەس ،— دېدى شەپقەت .

— ئەمىسە ماڭ ، هازىر بېرىپ ئۇلار بىلەن ئۇدۇللاشتۇرىمەن ، ئاندىن قايتىپ كىرىسەن ،— دېدى نەمەت .

شەپقەت نەمەتنىڭ موتسىكلىتىنىڭ كەينىگە مىندى . كەينىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ، نەمەت ئۇنىڭ كەينىگە بىر دوستىنى مىندۈرۈۋالدى .

نەمەت شەپقەتنى هاپىز ، ھەجەرلەرگە تاپشۇرۇپ بەردى .

— هەي ، شۇمتەك ، ئوغرىلىغان پۇلنى قانداق قىلدىڭ ، سېنىڭ نېمە ھەققىڭ بار پۇلنى خەجلەيدىغان ؟— ھەجەرخان قولىغا بىر تاياقنى ئېلىپ شەپقەتنى ئىككىنى سالدى .

— نېمە ئۈچۈن بىزنى سورىۋېتىسەن ، بالامنى يامان يولغا باشلايسەن ؟ !— هاپىز ئاچچىقىدا شەپقەتنىڭ بىر قولىقىدىن تۇتۇپ تارتتى .

نەمەت مېڭىش ئالدىدا شەپقەتنىڭ كىيىملىرىنى ئاختۇرۇپ ئەللىك بەش سوم پۇلنى تېپىۋالدى - دە ، ھەجەرخانغا بېرىپ قويۇپ كېتىپ قالدى .

— پۇلنى قانداق قىلىسەن؟— سورىدى ھەجەر.

— دادامغا دەپ تۆلەپ بېرەي، — دېدى تاياق زەربىسىدىن قورقۇپ كەتكەن شەپقەت.

— ھازىر كەچ بولۇپ قالدى، ماڭە ئىچكەركى ئۆيدە ياتىسەن، — دېدى ھاپىز.

شەپقەت ئىچكەركى ئۆيگە كىردى. ھەجەرخان ئىشىكتىن يوتقان - كۆرپە سۇنۇپ بەردى - دە، ئىشىكنى تېشىدىن يىپتا چىگىپ قويۇپ ئۇخلاپ قالدى.

تاڭ ئاتتى، ھاپىز شەپقەتنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يېدى.

— داداڭغا تېلېفون ئالىمىز، قېچىپ كېتىمەن دېمە، — دېدى ھاپىز.

2005 - يىل 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كەچتە شەپقەت ھاپىزنىڭ نازارىتىدە تېلېفون بوتكىسىغا چىقتى.

— نېمىشقا ئالمايدۇ؟ سەن تېلېفون نومۇرىنى خاتا دەپ مېنى ئالدىماقچىمۇ؟ — دېدى ھاپىز.

— تېلېفون نومۇرى ئالمىشىپتۇ، باشقا ئالايلى، — دېدى شەپقەت. دېگەندەك شەپقەتلەرنىڭ ئائىلىسى تەرەپنىڭ تېلېفون نومۇرلىرى يېقىندا ئالماشقانىدى. تېلېفونىست تېلېفون نومۇرىنى بەك تېز دەۋەتكەچكە دۇكانچى، ھاپىز، شەپقەتلەر قايتا يازالماي ئەسلىدىكى نومۇرغا تېلېفون ئېلىۋېرىپ ھاردى.

— سەن خاتا دەپسەن، يۈرە ئۆيگە، — دېدى ھاپىز.

## دېلو مەلۇم قىلىش

شەپقەتنىڭ دوستى رەشىت شەپقەتنى ئىزدەپ تاپالمىدى - دە،

بىر كۈندە نەچچە قېتىم ئۆي ئالدىغا كەلدى ، دېمىسىمۇ شەپقەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ناھىيە بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ ، شەپقەت مەكتەپتىن قالغاچقا ، چوڭئاپىسىنىڭ يېنىدا ئىدى ، شەپقەتنىڭ چوڭئاپىسى يېقىندىلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى ، شەپقەتنىڭ دادىسى ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئوغلىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيلىرىدىن خەۋەر ئالغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ خاتىرجەم خىزمەت قىلاتتى . ئۇ ھەپتىدە بىر قېتىم بالىسىنى يوقلاپ چىقاتتى .

رەشىت شەپقەتنى بىر كۈن ئىزدەپ تاپالمىغاندىن كېيىن كەچلىكى (12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ) يېزا بازىرىنى ئارىلاپ ، دېرىكىنى قىلىشقا باشلىدى .

— شەپقەتنى تۈنۈگۈن نەمەت ئېلىپ كەتكەن ، مەن كۆرگەنىدىم ، پۇلنى ئوغرىلىۋالدى دەپ تۇتۇۋالغان ئوخشايدۇ .

— ئاخشام ھاپىزنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنچە چىقمىدى ،— دېدى شەپقەتنىڭ يەنە بىر دوستى .

رەشىتنىڭ شەپقەتكە ئىچى ئاغرىدى ـ دە ، يەنە ئىزدەشكە باشلىدى ، بۇ كۈنىمۇ شەپقەتنىڭ ئىز ـ دېرىكى بولمىدى .

رەشىت ئەتىسى ، 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى يەنە ئىزدىگەن بولسىمۇ شەپقەتنى تاپالمىغاچقا ، ساقچىخانىغا دېلو مەلۇم قىلدى .

— 2005 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كەچتىن باشلاپ 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى مانا ھازىر ئىكى كۈن بولدى . ھازىرغىچە يوق ، بىرى ھاپىزنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتكەن دەيدۇ . ئۇلارنى سولىۋالدىمىكىن دەپ گۇمان قىلىمىز . ئاڭلىساق ناھىيە بازىرىدىكى ئۆيىگىمۇ كىرمەپتۇ ، ئۇلارنى ئەنسىرەتمەيلى دەپ دېمىدۇق ،— دېدى رەشىت .

ساقچىلار دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھاپىزنىڭ ئۆيىگە باردى . دىگەندەك شەپقەت شۇ ئۆيدە ئىدى ، ھەجەرخان ،

هاپىز ، نەمەتلەر چاقىرتىلىپ سوراق قىلىندى . ئۇلار پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ بىراق قانۇن ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرىنى ھېسابقا ئالمىدى .

دېلو تۈرغۇزۇلدى . قانۇنسىز سولاش جىنايىتى ئۈچۈن ھاپىز جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇلدى . نەمەت ، ھەجەرخان قاتارلىقلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى تەكشۈرۈلۈپ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى .

## خاتىمە

ھەممە كىشى بۇ دېلودىن ئاچچىق ساۋاق ئېلىپ ، قانۇننى ياخشى ئۆگىنىشى زۆرۈر ، بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپ ياخشى تەربىيىلەپ ، ئائىلە تەربىيىسى ، مائارىپ تەربىيىسى بىلەن ياخشى تەربىيىلەش ، بالىلىرىنى ئەدەپ - قائىدىلىك چوڭ قىلىش ، جىنايەت سادىر قىلىشنىڭ ئالدىنى كىچىكىدىن باشلاپ ئېلىش كېرەك . بىز كىشىلەردىن قانۇنىي مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ھەجەرخان ، ھاپىزلاردەك ئۆز بېشىمچىلىك بىلەن قانۇنغا خىلاپ ئۇسۇللارنى قوللانماي ، ساقچىخانىلارنى ، قانۇن ئورۇنلىرىنى ئىزدىشىنى ، ئۆز ئائىلىسىنى ۋە باشقىلارنىڭ ئائىلىسىنى قەدىرلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

# سۇغا چىلاشقان توي مۇراسىمى

## مۇقەددىمە

يانۋار ئېيىنىڭ قەھرىتان سوغۇق شامىلىغا ئەگىشىپ قار قاتتىق يېغىۋاتاتتى . تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان XXX ناھىيىسىنىڭ XXX يېزىسى مەلۇم كەنت تەۋەلىكىدىكى يول دوقمۇشىدا ئىككى ئەر موتسىكلىتنى توختاتتى .

ــ مەن نەدە ساقلايمەن ؟ ــ دېدى بىرى قولىدىكى بېنزىن قاچىلانغان باكنى يەنە بىرىگە بېرىۋېتىپ قورقۇمسىراپ .

ــ ئاۋۇ يولدا ساقلا ، مەن ئوت قويۇۋېتىپلا كېلىمەن ، موتسىكلىتنى تەييار قىلىپ تۇرغىن ،ــ دېدى چوڭراقى .

ــ ئېھتىيات قىلىڭ ، تېزرەك كېلەرسىز ،ــ دېدى كىچىكرەكى موتسىكلىتنى يانغا تارتىپ ، ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ .

سۇلياۋ باك كۆتۈرۈۋالغان ئەر ئېتىزلىق يېنىدىكى چىغىر يول بىلەن مېڭىپ چوڭ بىر قورۇنىڭ ئالدىدا توختىدى . باكتىكى بېنزىننى ئاۋۋال يول بويىدىكى ئېغىلنىڭ تېمىغا يۆلەپ قويۇلغان پاسارغا چاچتى ـ دە ، يانچۇقىدىن بىر پارچە رېزىنكە پارچىسىنى چىقىرىپ سەرەڭگە بىلەن ئوت تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن پاسارغا تاشلىدى . ئاندىن تېزلىكتە كېلىپ ، ياغاچتا سېلىنغان ئۆينىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قوشام تامدىن يەتتە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئورۇنغا باكتىكى قېپقالغان بېنزىننى چاچتى ۋە سەرەڭگە بىلەن ئوت

ياقتى .

لەپىلدەپ ياغقان قار ئوتقا ھېچ دال بولىدىغاندەك ئەمەس ئىدى ، ئەكسىچە ئوت يالقۇنىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى…

ئوت قويغۇچى باكنى ئېلىپ ، يول دوقمۇشىدا موتسىكلىتىنى ئوت ئالدۇرۇپ تۇرغان شېرىكىنىڭ يېنىغا تېزلا يېتىپ كەلدى .

— چانمىغاندۇ ، — دېدى شېرىكى .

— قارىمامسەن ، ئوتنىڭ ئۇلغايغىنىغا…

ئۇلار تېزلىكتە نەق مەيداندىن ئايرىلدى .

پاراسلاپ كۆيگەن پاسار ، قوي ـ كالىلارنىڭ ئازابلىق مەرەشلىرى ، كۆيۈپ ئېتىلىشلىرى بىردەمدىلا قولۇم ـ قوشنىلارنى ئويغىتىۋەتتى .

ئەتراپنى قىيا ـ چىيا بىر ئالدى . كىشىلەر داس ، چېلەك كۆتۈرۈشۈپ مەخمۇتئاخۇننىڭ ئۆيى تەرەپكە يۈگۈرۈشتى . مەخمۇتئاخۇن ئەللىك ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان دېھقان بولۇپ كىشىگە يامانلىقى تەگمەيتتى .

ھېلىلا ئۇخلىغان مەخمۇتئاخۇن قويلارنىڭ مەرەشكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىققانىدى . ئالدىدىكى بۇ قىيامەت مەخمۇتئاخۇننى گاڭگىرىتىپ قويدى . ئۆيدىن ئايرىلىپ تۇرغان ئېغىل ھەم ئۆيىنىڭ تاملىرى پاراسلاپ كۆيمەكتە ئىدى .

— ئوت كەتتى… ھوي ، بالىلار تېز چىقىڭلار ، ئۆيگە ئوت كەتتى…

مەخمۇتئاخۇن بىلەن تەڭ قولۇم ـ قوشنىلارمۇ ئوت ئۆچۈرۈش جېڭىگە ئاتلاندى ، ئوت جاپالىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق قولۇم ـ قوشنىلار ۋە ساقچىلارنىڭ ياردىمىدە ئۆچۈرۈۋېلىندى . بىراق مەخمۇتئاخۇننىڭ 16 تۇياق دولان قويى ، پىچان ، يەم ـ خەشەك ، ياغاچ ، ئېغىل ، ئۆيلەردىن بولۇپ 14 مىڭ يۈەنلىكتىن ئارتۇق

مال ـ مۈلكى كۆككە سورۇلغانىدى… ئەنە ، مەخمۇتئاخۇن ئائىلىسىدىكىلەردىن قىزى لەيلى ھەم ئايالى ئالدىدا تۇرغان بۇ ۋەيرانلىقنى كۆرۈپ ئۆكسۈپ يىغلاشماقتا . ئۇلار ئۆيگە قويۇلغان ئوتنىڭ ئۆچۈرۈۋېلىنىپ ، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئامان قالغانلىقىدىن شۈكۈر قىلىپ يىغلىسا ، يەنە كۆيۈپ كاۋاپ بولۇپ كەتكەن 16 تۇياق قويغا قاراپ ئىچى ئېچىشىپ يىغلايتتى…

## قەدىرسىز نىكاھ

راھىدىن يىگىرمە بەش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئېگىز بويلۇق يىگىت بولۇپ خارەتچىلىك قىلاتتى .

چىرايلىق ئاياللارنى كۆرسە كۆزىنىڭ چانىقى چىقىپ كەتكۈدەك قارايدىغان بۇ يىگىت ھەش ـ پەش دېگۈچە بىرقانچە خوتۇن ئېلىپ قويۇۋەتتى . 2005 ـ يىل 1 ـ ئاي كىرمەستىلا مانا ئۈچىنچى ئايالىدىن بىر بالا بىلەن ئايرىلىپ كەتتى . راھىدىننىڭ كۆزى قوشنا يېزىدىكى مەخمۇتئاخۇننىڭ قىزى لەيلىگە چۈشۈشكە باشلىدى . لەيلىمۇ يىگىرمە تۆت ـ يىگىرمە بەش ياشلارغا كىرگەن ، ئەردىن تەلىيى چىقمىغان ، بالىسى بار تۇل چوكان ئىدى . لەيلىنىڭ ئىشچانلىقى راھىدىننى رام قىلىۋالدىمۇ ياكى لەيلىنىڭ گۈلدەك چىرايى راھىدىننى مەھلىيا قىلىۋالدىمۇ بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى . ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار توي قىلدى .

2005 ـ يىل 2 ـ ئايدا راھىدىن بىلەن لەيلى XXX ۋىلايىتىنىڭ XXX ناھىيىسىگە چىقىپ يەر باشقۇرۇپ ، پاختا تېرىپ ئەر ـ ئايال ئۈچ مىڭ تۆت يۈز يۈەن پۇلغا ئىشلەپ 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كىردى . ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا راھىدىن تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا لەيلىگە

ئاجرىشىپ كېتىش تەكلىپىنى قويدى .
— سىزنىڭمۇ بالىڭىز بار ، مېنىڭمۇ بالام بار ، ھەر ئىككىمىز ھامىنى بىر ئۆيدە بولالمايمىز ، بىز ئاجرىشىپ كەتسەك ،— دېدى راھىدىن .
راھىدىنىنىڭ تۇيۇقسىز بۇنداق تەلەپ قويۇشى لەيلىنى گاڭگىرىتىپ قويدى . «نەچچە ۋاقىتتىن بېرى خىزمىتىنى قىلىپ ئاش - تامىقىنى ئېتىپ بېرىۋاتقان بۇ ئەرنىڭ ئەمدىلىكتە ماۋۇ گەپنى قىلغىنىنى قاراڭ» دەپ ئويلىدى لەيلى . دەماللىققا لەيلىمۇ ئاجرىشىشقا قوشۇلدى . راھىدىن لەيلىگە تۆت يۈز يۈەن پۇل بەردى ، لەيلىمۇ باشقا گەپ - سۆز قىلماي ، جىمجىتلا چىرايلىقچە ئايرىلىپ كەتتى .

## چىدىماس ئەر

راھىدىن لەيلىدىن ئاجرىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بىر نىكاھلىق بولغان خانقىز بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشتى . توي مۇراسىمىنى 2006 - يىل 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۆتكۈزمەكچى بولدى .
2006 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى راھىدىن سوغۇققا قارىماي يېزا بازىرىدا خانقىزغا تويلۇق تاللاۋاتاتتى . راھىدىنىنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز لەيلىگە چۈشتى ، لەيلى خۇشال ھالدا يېقىن دوستى مۇختەرنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن كىيىم تاللىماقتا ئىدى . راھىدىن لەيلىنىڭ يېنىدىكى بىر ئايالدىن لەيلىنىڭمۇ مۇختەر بىلەن يېقىندا توي بولىدىغانلىقىنى بىلدى .
راھىدىن ئالدىراش ھالدا تويلۇق مېلىنى ئالدى - دە ، خانقىزنى يولغا سېلىپ قويۇپ ، دوستى مۇختەرنىڭ ئۆيىگە كىردى ، ئۆيدە

مۇختەر بىلەن لەيلى قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، راھىدىنىنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ چاندۇرماي:

— سىنى تەبرىكلەيمەن مۇختەر، — دېدى.

— رەھــمەت ساڭا، لەيلىنى تاشلىۋەتكىنىڭگە چىدىمىدىم، قـانـداقـلا بولمىسۇن ئۇمۇ بالىسى بىلەن خاپىلىق كۆرمەسلىكى كېرەكتە، شۇڭا توي قىلىش قارارىغا كەلدىم، خاتا چۈشەنمە، — دېدى مۇختەر.

— قۇتلۇقلىغۇغۇدەك ئىش بوپتۇ، مەن قايتاي، راھىدىن يەر تېــگىدىن لەيلىگە شۇنچە قارىغان بولسىمۇ، لەيلى كۆز قىرىنى سـېلىپمۇ قويمىدى. زەھەر يۇتۇۋالغاندەك ئازابلىنىشقا باشلىغان راھىدىنىنى رەشىك، ئازاب قىيناپتتى...

## ئۆچمەنلىك باشلىغان تۇيۇق يول

راھــــدىن لەيلىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلدى، ئۆيىگە قايتقۇچە دەرەخلەرگە مۇشتلاپ ماڭدى، بىراق ئاچچىقى ھېچ چىققاندەك ئەمەس ئىدى. ئويلا - ئويلا لەيلىدىن نەپرەتلىنىشكە باشلىدى، بىراق لەيلىنى ئۆزى تاشلىۋەتكەن تۇرسا، ئەمدى نېمە دېگۈلۈك. خانقىزغا تويلۇق ئېلىپ 22 - چېسلاغا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئۇقتۇرۇپ قويۇلغان تۇرسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ ئاخىر لەيلىنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇۋېتىپ، بىراقلا ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەلدى. قانداق ئوت قويۇش كېرەك؟

ئۆزى يالغۇز بارسا ئاسان سېزىلىپ قالاتتى، راھىدىن ئاكىسى راشىدىنىنىڭ ئۆيىگە باردى.

— ئاكا، لەيلى بىلەن مۇختەر توي قىلماقچى بوپتۇ، قارا، لـەيلى مەندىن ئاجرىشىپ ئەڭ يېقىن ئاغىنەم بىلەن توي قىلسا

بولامدۇ؟ مەن لەيلىنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپ ئۆچ ئالىمەن، — دېدى راھىدىن قەھر - غەزىپى بىلەن.

— ئۇلار توي قىلسا قىلمامدۇ، سەنمۇ خانقىز بىلەن توي قىلىسەنغۇ، ئاچچىقىڭ كەلسە لەيلىنى ئىزدەپ بىر نەرسە دەيلى، ئوت قويساڭ ئاقىۋىتى يامان يەردىن چىقىپ قالىدۇ، — دېدى راشىدىن.

— ھە، ماقۇل، شۇنداق قىلاي، موتسىكلىتىڭنى بەرگىنە، مەن تويۇمغا تۇغقانلارنى ئىزدەپ بېرىپ تەكلىپ قىلىپ قويۇپ كېلەي، — دېدى راھىدىن.

2006 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى راشىدىن موتسىكلىتنى ئىنىسىغا بەردى، راھىدىن ئۆيىدىن بىر سۇلياۋ باكنى ئېلىپ موتسىكلىتنىڭ كەينىگە قىسىپ، ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە باردى - دە، تويغا تەكلىپ قىلىپ بولۇپ، ئوت قويۇشقا ياردەملىشىپ بېرىشكە يېقىنلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى، ئاخىر نەۋرە ئىنىسى زايىتنى لايىق كۆردى - دە، ئۇنىڭغا كەچتە ئۆيگە بېرىشنى تاپىلاپ قويۇپ كەتتى. زايىت ئون توققۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بالا بولۇپ راھىدىننىڭ نەۋرە ئىنىسى ئىدى. راھىدىن نېمە دېسە شۇنى قىلاتتى، چۈنكى، راھىدىنمۇ زايىتقا بەزىدە ئۇنى - بۇنى بېرىپ تۇراتتى. كەچ بولدى، زايىتمۇ كەلدى.

— ئۇكام سېنى چاقىرتىشىمدىكى سەۋەب تويۇمغا تەكلىپ قىلىش ھەمدە بۈگۈن قىلىدىغان مۇھىم ئىش بار، كېچە سائەت 11 لەردە بارىمىز، ئۇنىڭغىچە تېلېۋىزور كۆرەيلى، — دېدى راھىدىن.

ئۇلار تېلېۋىزور كۆرۈپ سائەت 11 لەر بولدى، بۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ ئايىغى بېسىققانىدى.

— ئۇكام، سەن ئۆز ئادەم، ئىككىمىز موتسىكلىتتا قوشنا

يېزىغا چىقىپ ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالىم لەيلىنىڭ ئۆيىگە ئوت قويىمىز… لەيلى مۇختەر بىلەن توي قىلغۇدەك ،— دېدى راھىدىن .
— ئاكا ، ئوت قويمايلى ، ئادەم ئۆلسە چاتاق چىقىدۇ ، تىكەننى كىرگەن يەردىن ئالايلى ،— دېدى زايىت
— ياق ، بۇگۇن ئوت قويمىساق بولمايدۇ ، بىرگە چىقايلى ، سەن ماڭا ياردەملىشىپ بەرسەڭلا بولىدۇ ، بىر ئىش بولۇپ قالسا ئۆزۈم مەسئۇل بولىمەن ،— دېدى راھىدىن مەيدىسىگە مۇشتلاپ .
— ماقۇل ئەمىسە ، چاندۇرمايلى ،— دېدى زايىت .
راھىدىن موتسىكلىتنى ھەيدىدى ، زايىت كەينىدە باكنى تۇتۇپ ئولتۇردى ، ئۇلار يول لېۋىگە كېلىپ مەسلىھەتلەشتى - دە ، راھىدىن زايىتقا موتسىكلىتنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ بېنزىننى ئېلىپ مەخمۇتئاخۇننىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشتى . بېنزىننى ئاۋۋال ئېغىلغا چېچىپ ئوت قويدى ، كەينىدىن ئۆينىڭ قوشام تېمىغا چېچىپ ئوت ياقتى…
ئۇلار نەق مەيداندىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، ئۆيگە ئاز قالغان يەردىكى يانتاق تۆپىسىگە باكنى تاشلىۋەتتى - دە ، ئۆيىگە كىرىپ شېرىن ئۇيقۇغا چۈشتى…

## ئاخىرقى سۆز

XXX ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ساقچىلىرىنىڭ جاپالىق رازۋېدكا قىلىشى نەتىجىسىدە نەق مەيدان ئەتراپىدىكى گۇمانلىق ئىز نۇقتا قىلىپ تەكشۈرۈلۈپ ، 2006 - يىل 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تاڭ سەھەردە گۇماندار راھىدىن ، زايىتلار قولغا چۈشۈرۈلدى .
2006 - يىل 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى راھىدىن ، زايىتلار جىنايى ئىشلار بويىچە تۇرمىگە يول ئالدى . 2006 - يىل 1 -

ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ھەر ئىككى گۇماندار XXX ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قولغا ئېلىندى.

خانقىزنىڭ توي مۇراسىمى سۇغا چىلاشتى. ئەنە، خانقىز تويلۇق كىيىمىنى تۇتۇپ يىغلىماقتا، ئۇ ئۆزىنىڭ راھىدىن تەرپىدىن ئەخمەق قىلىنغانلىقىغا يىغلامدۇ؟ ياكى راھىدىنىڭ توي كۈنى تۈرمىگە يول ئالغانلىقىغا چىدىماي يىغلامدۇ؟ بۇنى بىرنەرسە دېمەك تەس ئىدى. بەلكىم ئۇنىڭ كۆزىدىن چىققان ياش بىر قىسىم ئەرلەرنىڭ ئۇچمە كۆڭۈللۈكلىكى، ۋىجدانسىزلىقىدىن نەپرەتلىنىپ ئاققان ياش بولۇشىمۇ مۇمكىن...

كەڭ ياشلىرىمىزنىڭ ئۆچمەنلىك، ئاچچىق، پۇشايمان ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئەخلاق دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەي، نىكاھ قانۇنى ۋە جىنايى ئىشلار قانۇنىنى پىششىق ئۆگىنىپ، جەمئىيەتنىڭ ۋە ئۆز ئائىلىسىنىڭ زىيانداشلىرىدىن بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# زەھەردىن كەلگەن تاپاۋەت ،
# باستۇرىدۇ پالاكەت

زەھەر ــ ئىنسانلارنىڭ جېنىنى ئالىدىغان قاتىللارنىڭ بىرى . ئۇنىڭ يامراپ كېتىشى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ .

ھــەي يــىگىت ، ھەي قىزچاق ، زەھەر چەكمە ، قولۇڭدىكى زەھەرنى تاشلا ، ئىبرەت ئال ، زەھەرنىڭ ئوتىدا كۆيمە ! ئۇ سېنىڭ ئەسلى - ۋەسلىڭنى كۈل قىلىپ كۆككە سورۇيدۇ .

## تاللا بازىرى ئالدىدىكى سودا

ئايشەم ئوتتۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان چىرايلىق چوكان بــولــۇپ ، XXX ناھىيىسىنىڭ بازارلىق ھۆكۈمەت مەلۇم ئاھالە كومىتېتىدا ئولتۇراتتى ، تۇرمۇشى خېلى ياخشى بولسىمۇ ، پۇللا بولــســا ھــەممە نەرسە بولىدۇ ، دەپ قارايدىغان بۇ چوكان پۇل توپلاشنى ھاياتىدىكى ئەڭ زور نىشان قىلىۋالغانىدى . ئايشەمنىڭ يولدىشى ئىلگىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرىپ تىجارەت قىلىپ چــىقــىپ تازا بېيىۋاتقان بايۋەچچىلەردىن ئىدى . ئۇنىڭغا بايلىق ياراشمىدىمۇ ياكى كۆز تەگدىمۇ قانداق ، ماشىنا ھەيدەپ جىنايەت سادىر قىلغانلىقى (قەستەن ئادەم باستۇرۇۋەتكەن ) ئۈچۈن ، XXX

شەھىرىدە قولغا ئېلىنغانىدى . كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان ئايشەم يولدىشى تۇرمىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن زېرىكىشكە باشلىدى .

2003 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئەتىگەندە ئايشەم دوستى خاسىيەت بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشتى .

ـــ شەھىرىدە بىر قارىم بار ، ئۇنىڭدا ئاق تاماكا بار ، سەن بىكار ئولتۇرغۇچە ئاق تاماكا ئېلىپ ـ سېتىپ ، پۇلىنى خەجلىسەڭ بولمامدۇ ،ـــ دېدى خاسىيەت .

بىرھازا ئويلانغان ئايشەم ئۆزىنىڭ تەلىيىنى سىناپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى . ئۇ ئىلگىرى يولدىشى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرگەندە خاسىيەت بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى .

ـــ سېنىڭ سۆزۈڭگە قىزىقىپ قېلىۋاتىمەن ، قارىمىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەرگىن ،ـــ دېدى ئايشەم .

قارىمىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئالغان ئايشەم شۇ ھامان XXX شەھىرىگە باردى ـ دە ، تېلېفون ئارقىلىق قارىم بىلەن ئالاقىلەشتى .

ـــ خاسىيەت تونۇشتۇرغان بولسا ، سىز ئىشەنچىلىككەنسىز ، دەرھال كىروران تاللا بازىرىنىڭ ئالدىغا كېلىڭ ،ـــ دېدى ئۇ كىشى ئايشەمگە .

ئايشەم تاللا بازىرى ئالدىدا خېلى ئۇزاق ساقلىدى ، تېلېفون جىرىڭلىدى .

ـــ مەن سىزنى كۆردۈم ، يېنىڭىزدا تۇرغان قىزىل شالىيغا چىقىڭ ، مەن شۇ شالىيدا بار .

بۇ قارىمىنىڭ ئاۋازى ئىدى . ئايشەم كەينىگە قارىدى ، يېنىدىلا بىر قىزىل شالىي تۇراتتى ، ئايشەم ماشىنىغا چىقىپ قارىم دېگەن كىشى بىلەن سالاملاشتى .

ـــ ئەجەب ئۇزاق ساقلاتتىڭىلا ،ـــ دېدى ئايشەم .

— قانچىلىك ئالىسىز .
— ئىككى گرام .
ئايشەم يېنىدىن بىر مىڭ تۆت يۈز سوم پۇل چىقىرىپ قارىمغا ئۇزاتتى ، قارىم يېنىدىن ئىككى گرام خروئىننى ئېلىپ بەردى .
— مەن سىزنى كۆرمىدىم ، يەنە لازىم بولسا تېلېفون قىلارسىز ،— دېدى قارىم .
ئايشەم ئىككى گرام خروئىننى XXX ناھىيىسىگە ئېلىپ كېلىپ تونۇشى ئەلقەمگە تېلېفون قىلدى . ئەلقەم ئىككى گرام خروئىننى بىر مىڭ ئالتە يۈز سومغا سېتىۋالدى . بىردەمدە ئېرىشكەن ئىككى يۈز سوم پايدا ئايشەمنى قىزىقتۇرۇشقا باشلىدى .
2006 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كېچىچە تاڭنىڭ تېزراق يورۇشىنى تىلىگەن ئايشەم سەھەردىلا قارىمغا تېلېفون قىلدى .
— خوتەنگە كېلىڭ كونا جايدا كۆرۈشەيلى ،— دېدى قارىم .
ئايشەم ئەتىگەندىلا تاللا بازىرى ئالدىدا ساقلاپ تۇردى ، بىراق قارىم كۆرۈنمىدى .
— مەن بەك ساقلاپ كەتتىم ،— دېدى ئايشەم تېلېفوندا .
— مەن ناماز ئوقۇۋېلىپ سىزگە تېلېفون قىلاي ، بىردەم ساقلاڭ ،— دېدى قارىم .
بىردەمدىن كېيىن قارىم كەلدى . بۇرۇنقىدەكلا ئايشەم بىر مىڭ تۆت يۈز سوم چىقىرىپ بەردى ، قارىم ئىككى گرام خروئىننى ئايشەمگە بەردى . ئايشەم XXX ناھىيىسىگە بۇ خروئىننى ئەكېلىپ ، يەنە بىر مىڭ ئالتە يۈز سومغا ساتتى .
بۇ ئاددىي سودىنىڭ شۇنچە كۆپ پايدىغا ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى ئايشەم ئەمدىلىكتە ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى . ئايشەم جىقراق ئېلىپ قويۇپ ، پارچە قىممەت سېتىشقا تۇتۇش قىلىشنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى .

2005 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئايشەم بانكىدىن ئون بەش مىڭ سومدەك پۇلنى ئالدى ـ دە ، XXX شەھىرىگە يول ئالدى .

ــ ئۇدۇن تاللا بازىرى ئالدىدا ساقلاڭ ، مەن ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىتتە كېلىمەن ، مەن چىققان ۋېلىسىپىتكە چىقىڭ ،ــ دېدى قارىم .

ئايشەم ساقلىدى . بىر چاغدا كونا ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىتتە كېيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ باشقىچە سىياقتا كىرىپ قالغان قارىم كەلدى ، ئايشەم ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىتكە چىقتى . خىلۋەترەك جايغا بارغاندا ئايشەم پىچىرلىدى .

ــ مەن بۇ قېتىم كۆپ ئالىمەن ، ئون بەش گرام ئالىمەن ،ــ دېدى ئايشەم ئون مىڭ بەش يۈز سوم پۇلنى ساناپ قارىمغا بېرىۋېتىپ .

ــ چۈپقەت بولۇپ قالدۇق ، بولدى بىر گرامنى ئارتۇق بېرەي ، مانا ئون ئالتە بولاق ، ئون ئالتە گرام ،ــ دېدى قارىم .

ئايشەم خۇشاللىقىدا 16 گرام خروئىننى ئېلىپ قارىم بىلەن خوشلاشتى .

## مەككار خوتۇن

خاسىيەت يىگىرمە بەش ياشلاردىن ھالقىغان ، ئاق پىشماق ، كەلگەن مەدەنىي قىزلاردىن ئىدى . گەرچە ئۇنىڭ مۇقىم كەسپى بولمىسىمۇ ، لېكىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ بارمىغان بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرى يوق ئىدى . ئۇ قاچاندىن باشلاپ خروئىن سودىسىنى باشلىدى ، بۇنى خاسىيەت ئۆزىمۇ ئەسلىيەلمەيتتى . چۈنكى ، خاسىيەتنىڭ ئائىلىسى XXX ناھىيىسىدە زەھەر بىلەن ئەڭ بۇرۇن ئۇچراشقان ئائىلە دېسە خاتا كەتمەيتتى . خاسىيەتنىڭ يولدىشى ،

ئانسى بىرقانچە قېتىم خروئىن سېتىپ تۇتۇلۇپ قويۇپ بېرىلگەنىدى. يېقىندا خاسىيەتنىڭ يولدىشى ئۇرۇمچىدە خروئىن سېتىپ تۇتۇلۇپ قالغانىدى، خاسىيەت ئىچكىرىدىن ئېلىپ كەلگەن يىگىرمە يەتتە گرامدىن ئارتۇق خروئىننى ئۆيدە بىر ئاي ئەتراپىدا ساقلىدى. خاسىيەتنىڭ كۆزى ئىلگىرىكى چۆپقەتتى غازىغا چۈشۈشكە باشلىدى.

## سالاپچىغا كەلگەن «بالا»

غازى ئوتتۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان كىراكەش يىگىت بولۇپ، XXX شەھىرىدە تاكسى ھەيدەيتتى. كىيىۋالغان تەلپىكىگە قاراپ كۆرگەنلا كىشى بۇ كىراكەشنى قارى دەپ چاقىرىشاتتى.

بەش ۋاخ نامازنى تەرك ئەتمەي يۈرگىنى بىلەن غازىنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغانىدى. ئاياللارنىڭ كۆلكىسى غازىنى شامدەك ئېرىتىۋېتەتتى، چىرايلىق ئاياللارنى كۆرسىلا شۆلگەيلىرى ئېقىپ كېتىدىغان بۇ يىگىت XXX شەھىرى XXX يېزىسى تەۋەلىكىدىكى ئۆيىدە خوتۇن ھەم بالىلىرى بارلىقىنىمۇ كۆپىنچە ئۇنتۇپ كېتەتتى.

— غازىجان، ئەجەب ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك يوقاپ كەتتىڭا، — تۈيۈقسىز ماشىنىغا چىققان بۇ ئايالنىڭ ناز بىلەن قىلغان سۆزى غازىنى تەمتىرىتىپ قويدى.

«ئەجەب چىرايلىق سەتەڭكىنە بۇ، بۇ كىمدۇ، قاچان ئارىلاشقان بولغىيتتىم» دېگەنلەرنى خىيال قىلغان غازى بۇ ئايالنى تونۇيالمىدى.

— نەگە بارىسىز؟ — دېدى غازى.

— ئەخمەق، سېنى ئىزدەپ كەلدىم، نەگە ئاپارساڭ

ئـاپارماسەن ،ــ خاسىيەت كۆلۈپ كەتتى ،ــ مېنى تونۇمىدىڭمۇ ؟ خان ئاچاڭ ساڭا بىيجىڭ ، شاڭخەيلەردە نېمە قىلارىڭنى بىلمەي تـەمـتـىـرەپ يـۈرگـەنـدە ئەسقاتقان خاسىيەت مەن شۇ ،ــ دېدى خاسىيەت .

ــ خاپا بولماڭ ، تونۇماپتىمەن ،ــ ئەجەب ياشىرىپ كىچىك قىزلاردەك بوپكېتىپسىز ، خاپا بولماڭ ، نېمە ئىشىڭىز بار مەن تەييار ،ــ دېدى غازى .

ــ بېشىمغا كۈن چۈشتى ، يولدىشىم سولاقتا . ئازراق مال بـار ئىـدى ، سېنى چىقىرىپ بېرەرمىكىن دەپ كەلگەن ،ــ دېدى خاسىيەت .

ــ بولىدۇ ، قانچىلىك ؟ــ دېدى غازى .

ــ يىگىرمە يەتتە گىرام ، ئالتە يۈز سومدىن بولسۇن ،ــ دېدى خاسىيەت .

ــ هازىرچە پۇلغا چىقىش قىلالمايمەن ، ــ دېدى غازى .

ــ هـەمـمىنى سېتىپ بولغاندا بەرسەڭمۇ بولىدۇ ،ــ دېدى خاسىيەت ۋە سومكىسىدىكى يىگىرمە يەتتە گىرام خروئىننى غازىغا بەردى ـ دە ، غازى بىلەن خوشلاشتى . خاسـىيەت غـازىغا يـاخشى چـۈپقـەت تېپـىپ بېرىـش ئـۈچـۈن ، ئـويلىنىا ـ ئويلىنىا ئاخىر يېقىن دوستى ئايشەمگە تېلېفون قىلدى .

## زەهەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ قولغا چۈشۈشى

خـېـلـى كۆپ خروئىننى ئەرزانلا قولغا چۈشۈرگەن ئايشەم پۇللىرىنىڭ توخۇ تۇخۇم تۇغقاندەك كۆپىيىشىنى خىيال قىلىپ تۇرۇۋاتقاندا ، ئىلگىرى خروئىن سېتىۋالغان ئەلقەمنىڭ تېلېفونىنى قوبۇل قىلدى .

— كۆپرەك ئالاتتىم ،— دېدى ئەلقەم .

ئەلقەممۇ يېقىندا سېتىۋالغان ئىككى گرام خروئىننى مىڭ سومدىن سېتىپ ، خېلى پايدىغا ئېرىشكەنىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەلقەمنىڭ چېكىش خۇمارى بولۇپ ، سېتىۋالغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە چېكەتتى .

ئايشەم ئون بەش گرام خروئىننى ئەر كىشى ئاختۇرالمايدىغان يېرىگە ئوبدانلا جايلاشتۇردى - دە ، سومكىسىنى ئېلىپ سىرتقا چىقتى .

قاراقاش ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى زەھەر چەكلەش چوڭ ئەترىتىنىڭ رازۋېدكا قىلىشى ، زور كۈچ كۆرسىتىشى بىلەن سودا بولۇۋاتقاندا ئايشەم ، غازى ، ئەلقەملەر نەق ئون بەش گرام خروئىن بىلەن قولغا چۈشتى .

ئۆزىگىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ سالامەتلىكى ، ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن زەھەرگە يولىماڭ ، زەھەر سىزنى ئاخىر خاراب قىلىدۇ .

# ئارىلاشماڭ نىكاھقا، ئازاب
# تارتماڭ بىكارغا

چىن ئاشىق ـ مەشۇقلار تارىخىمىزدىلا ئۆتكەن ئەمەس. ئىقتىساد تەرەققىي قىلغانسېرى كىشىلەر ئارا مۇھەببەت سۈسلىشىپ بىرىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما، ئارىمىزدا چىن مۇھەببەت ھەققىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلەر يەنىلا بار. نېمىشقا بۇرۇنقىنىلا تەشۋىق قىلىپ ھازىرقىنى سۆزلەشنى خالىمايمىز؟ پاك مۇھەببەت بۇرۇنمۇ بار ئىدى، ھازىرمۇ بار، كەلگۈسىدىمۇ بولىدۇ. ئۇ ئىنسانىيەتنى ئىلگىرىلەتكۈچى مەڭگۈلۈك ھارارەتتۇر.

دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولىۋەرمەيدۇ. بىر ئائىلىدە چىنە ـ قاچا سوقۇشۇپ كېتىدۇ، تۇرمۇشتا بەلكىم ھېچقايسىمىز تىنچ ئۆتۈپ كېتەلمەسلىكىمىز مۇمكىن، ئۆمۈر بويى ئىناق بىرگە ئۆتكەن ئەر ـ خوتۇنلارمۇ زىددىيەتلەرنى بىرلىكتە ھەل قىلىپ، پىكىر بىرلىكىدە ياشىغانلىقى ئۈچۈنلا قەدىناس ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولالىغان بولۇشى مۇمكىن. بەزى كىشىلىرىمىزدە خوتۇن يېڭىلاش ھە دېسىلا ئاجرىشىپ كېتىش خاھىشلىرى ئېغىر. يەنە بەزىلەر ئۈچۈن نىكاھ، ئائىلە دېگەنلەر ئويۇنىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، بۇ مەسىلىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلماسلىق سەۋەبىدىن نۇرغۇن ئاياللىرىمىز ۋە بالىلىرىمىز قۇربانلىققا ئايلانماقتا. نۇرغۇن سەبىي بالىلار ئاتا ـ ئانىسى تىرىك

تۇرۇپ يېتىمچىلىكنىڭ دەردىنى تارتىپ سەرسان بولماقتا... خېلى كۆپ ئاياللار ئائىلە زوراۋانلىقى سەۋەبىدىن خورلانماقتا ياكى ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ باشقىچە يول تۇتماقتا...

## ئايالنى باغلىسان «تەلۋە»

2006 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى XXX ناھىيىسىنىڭ XXX يېزىسىدىن ناھىيىلىك جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىگە دېلو مەلۇم قىلىندى .

— مۇختار ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالىنى باغلاپ قويۇپ ، باسقۇنچىلىق قىلغانىكەن ، ماھىرە دېلو مەلۇم قىلدى . ماھىرە ھازىر ساقچىخانىدا بار .

ئەترەت باشلىقى ساقچىخانىدىن ئۇرغان تېلېفوننى ئېلىپلا ، دەرھال ساقچىلار بىلەن ساقچىخانىغا ئاتلاندى .

ساقچىخانىدا ئەمدىلا يىگىرمە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ، چىرايلىق بىر چوكان يىغلاپ ئولتۇراتتى .

ماھىرە XXX ناھىيىسىنىڭ XXX يېزىسىدىن بولۇپ ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا XXX يېزىسىدىكى بىر بالىسى بار مۇختار بىلەن قانۇنلۇق توي قىلغانىدى ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى شۇنداق بەختلىك ئۆتتى ، ئۇزۇن ئۆتمەي ماھىرە مۇختارغا بىر قىز تۇغۇپ بەردى . ئائىلىگە كەلگەن بۇ ئامەتتىن خۇشال بولغان مۇختار ماھىرە نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بەردى . دېمىسىمۇ مۇختارنىڭ يېشى ئوتتۇز بەش ياشلارغا بېرىپ قالغانىدى ، مۇختار ماھىرەنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى . ئەمما ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى .

ماھىرەلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ تازا ياخشى ئەمەسلىكىنى

ماھىرەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئەمدىلىكتە ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى .

— ھەي ، ماھىرەنى كىچىك تۇرۇپ چوڭ بىر ئەرگە خوتۇنلۇققا بەرمىسەك بولاتتى ، — دەيتتى ئانىسى ماھىرەنىڭ دادىسىغا دوق قىلىپ .

— شۇنداق ئەمەسمۇ ، مەن بەرمەيلى دېسەم سەن ئۇنىماي ، چىرايى يامان ئەمەس بالا ئىكەن دەپ تۇرۇۋالغانغۇ ، ئەمدى تويە مانا ،— دەيتتى دادىسى .

ھەر قېتىم ماھىرە قىزىنى ئېلىپ ئۆيگە بارغاندا ئاتا ـ ئانىسى ماھىرەنى كەتكىلى قويمايتتى .

— جېنىم دادا ، ئانا ، مۇناسىۋىتىمىز ياخشى ، قىزىمنى يېتىم قىلغۇم يوق ، مەيلى ئۆي تۇتۇپ ئۆتەي ، مۇختار ياخشى بالا ، — دەيتتى ماھىرە .

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتمەكتە ئىدى . تۇيۇقسىز ماھىرە كېسەل بولۇپ قالدى ، ماھىرە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا باردى .

— كېسەل بولساڭمۇ داۋالاشقا قۇربى يەتمىگەن ئادەم بىلەن ئۆي تۇتما ، بولدى قىل !— ماھىرەنىڭ دادىسى ماھىرەنى ئۇن كۈنگىچە مۇختارغا ئۇقتۇرماي سىرتتا تۇغقانلىرىنىڭ يېنىدا تۇرغۇزۇپ داۋالاتتى . مۇختار ماھىرەنى ئىزدەپ ساراڭ بولاي دېدى ، ماھىرە ساقايغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى .

مۇختار ماھىرەگە شۇنچە يالۋۇرغان بولسىمۇ ، ماھىرە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۈزىگە كېلەلمەي ئۇنىڭ بىلەن قايتىشقا ئۇنىمىدى .

ماھىرەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى زورلاۋەرگەنلىكتىن 2006 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ماھىرە بىلەن مۇختار خەلق ئىشلار ئىشخانىسىغا بېرىپ ، توي خېتىنى ئايرىۋەتتى . قىزى ئىككى ئارىدا قالدى .

— ئەمدى سۆزۈمنى بېرىۋېتىڭ ،— دېدى ماھىرە .

— ئالدىرىماڭ ، ئەتىلا ئەرگە تەگمىگەندىكىن ، — دېدى مۇختار. ئارىدا مۇختار بەش كۈندىن كېيىن ، ماھىرەنىڭ ئۆيىگە قىزىنى كۆرۈشكە باردى ، ئۆيدە ناتونۇش بىر ئەر تۇراتتى .

مۇختار ماھىرەدىن :

— كىم ئۇ ؟— دەپ سورىدى .

— ماڭا ئەلچى بولۇپ كەپتۇ ، مەن ئۇنىڭغا «تەگمەيمەن» دېدىم ،— دېدى ماھىرە .

— توغرا قىپسىز ، مېنىڭ يۈزۈمگە ئاياغ قويماڭ ، بىزنىڭ بىر قىزىمىز بار ، بىرەر يىل ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ ، ئۇنىڭغىچە ئۆيىڭىزدىكىلەر ئېرىسە يارىشىۋالارمىز ،— دېدى مۇختار .

— سۆزۈمنى بېرىۋېتىڭ ،— دېدى ماھىرە .

— سۆزنى مەن ئۆيۈمدە بېرەي ، بىر كۈنى چىقىڭ ، چالا قالغان كىيىملىرىڭىزنى ئېلىپ كىرىپ كېتەرسىز ،— دېدى مۇختار . ماھىرە گەپ قىلمىدى .

2006 - يىل 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈش ۋاقتىدا ماھىرە ئۆيىدىكىلەرنىڭ ئالدىرىتىشى بىلەن شەرئەتتىكى سۆزىنى مۇختاردىن ئېلىش ئۈچۈن ، ئاچىسى بىلەن مۇختارنىڭ ئۆيىگە چىقتى . مۇختار ئىككى ئايالنى ئۆيگە باشلىدى .

— مەن ئاجرىشىپ كەتمەيمەن . مەن ماھىرەنى ياخشى كۆرىمەن ، سىز ئاچىسى بولغاندىكىن چىقىپ ئۆيدىكىلەرگە دەڭ ، مەن بالىنى يېتىم قىلمايمەن ، — مۇختار ئىشىكنى ئەتمەكچى بولدى . ماھىرە بىلەن ئاچىسى سىرتقا ماڭدى .

— سىز توختاڭ ، سىز مېنىڭ ئايالىم ،— دېدى مۇختار .

— بىز توي خېتىنى ئايرىپ بولغان ، سۆزۈمنى بېرىڭ ،— دېدى ماھىرە .

— ئەرگە تەگكىلى ئالدىراپسىز - دە، چىققىنىڭىزنى بىر كۆرەي، — مۇختار ماھىرەنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

— سىز ماھىرەنى شۇنچە ياخشى كۆرسىڭىز، مەن ئۆيدىكىلەرگە دەپ باقاي، — ماھىرەنىڭ ئاچىسى قورقۇپ چىقىپ كەتتى. ماھىرەمۇ ئىشىك يېنىغا ماڭدى، مۇختار ئامبۇردەك قوللىرى بىلەن ماھىرەنى تۇتۇۋالدى - دە، قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ سىم بىلەن ماھىرەنىڭ قولىنى باغلىدى.

— مېنى قويۇۋېتىڭ، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟! — ماھىرە يىغلىدى، ئاچچىقىدا مەشنى تەپتى. مۇختار ماھىرەنىڭ پۇتىنىمۇ قوشۇپ باغلاپ، سىمنىڭ بىر ئۇچىنى تۇۋرۇككە باغلاپ قويدى - دە، پېشىن نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشقا چىقىپ كەتتى.

— مېنى قويۇۋېتىڭ، قول - پۇتلىرىم ئاغرىپ كەتتى، مەن قېچىپ كەتمەي، نەچچە يىل ئىككىمىز بىرگە ياخشى ئۆتكەننىڭ يۈزىنى قىلىڭ، — مۇختار ناماز ئوقۇپ بولۇپ ماھىرەنىڭ قول - پۇتلىرىنى يەشتى. ماھىرەنىڭ قولىنى سىم زەخمىلەندۈرگەنىدى. مۇختار ماھىرەنىڭ قولىنى تۇتۇپ سىلاپ يىغلىدى.

— مېنىڭ سۆزۈمنى بېرىڭ، — ماھىرەمۇ يىغلىدى. بىراق مۇختار ماھىرەنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇردى - دە، ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئاستىغا بېسىۋالدى...

ئۆيدە سۇ يوق ئىدى، مۇختار ئىشىكنى سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قويۇپ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە سۇغا چىقتى.

— قىزىمنى چىقىرىپ بەر، ئەبلەخ، نېمىشقا قىزىمنى سولىۋالدىڭ؟ — مۇختارنىڭ ئالدىدا ماھىرەنىڭ دادىسى تۇراتتى.

— مەن چىقىرىپ بەرمەيمەن، مەن ئۆي تۇتىمەن! — دېدى

مۇختار .

— ئاللىقاچان توي خېتىنى ئايرىۋەتكەن تۇرساڭ !— دېدى ماھىرەنىڭ دادىسى .

— شەرىئەتتىكى سۆزىنى بەرمىدىم ،— دېدى مۇختار .

مۇختار بىلەن ماھىرەنىڭ تۇغقانلىرى جېدەللەشتى ، ماھىرە سىرتتىكى غەلۋىنى ئاڭلاپ ئىشىكنى چىقىپ ئۆي ئىچىدىن چىقتى . دادا قىزىغا يول كۆرسەتتى . ماھىرە دادىسىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ساقچىخانىغا دېلو مەلۇم قىلدى .

— سىزنىڭ قانداق پىكرىڭىز بار ؟— سورىدى ساقچىلار .

— مۇختار مېنىڭ ئىشقىمدا ئەقلىدىن ئازغىلى ئاز قاپتۇ ، مېنى باغلاپ قويغىنىغا ئاچچىقىم بار ، ئارىدا بىر بالام بار . ئىلگىرى مۇختار مېنى ئۇرۇپ باقمىغان ، ئاتا - ئانامنىڭ رايىغا بارمىسام بولمايدۇ . مۇختار سۆزۈمنى بەرسۇن ، بالىنى قاچان كۆرسە مەيلى . مېنىڭ پىكرىم يوق ، ئۇنى جازالاپ بەرمىسىلىمۇ بولىدۇ ،— ماھىرەنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىدى .

— سەن ماھىرە بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن تۇرۇپ ، يەنە نېمىشقا زورلۇق قىلىسەن ؟— دېدى ساقچىلار .

— مەن قانۇننى بىلمەن ، مېنىڭ قىلغىنىم خاتا . لېكىن مەن ، ماھىرە بىلەن قانداق قىلسام يارىشىپ قالارمەن دەپ شۇنداق قىلىپ سالدىم ، باغلاپ بولۇپ پۇشايمان قىلدىم··· مەيلى سۆزىنى بېرىمەن··· مەن ئېزىپتىمەن···— دېدى مۇختار بېشىنى تۆۋەن سېلىپ .

## ئېتىزلىقتا جان ئۈزگەن ئايال

2006 - يىل 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تاڭ سەھەردە جىنايى

ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىگە دېلو مەلۇم قىلىندى .

— ناھىيىمىزنىڭ XXX يېزا تەۋەلىكىدىكى كۆزگى بۇغدايلىقتا بىر جەسەت تېپىلىپتۇ ، ... — دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغان ساقچىلار دەرھال نەق مەيدانغا ئاتلاندى .

ئېتىزلىق ئوتتۇرىسىدىكى قىردا بېشىنى قويۇپ بىر ئايال ياتاتتى . يىراقتىن قارىسىڭىز ئۇنىڭ ھايات ياكى ھاياتى ئەمەسلىكىگە بىرنەرسە دېگىلى بولمايتتى .

ساقچىلار نەق مەيداننى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى . ئەتراپتا بۇ ئايالنىڭ ئىزىدىن باشقا ھېچقانداق غەيرىي ئىز يوق ئىدى . سوغۇق قاتتىق ئىدى . ساقچىلار بۇ ئايالنىڭ توڭلاپ ياكى زەھەرلىنىپ ئۆلگەنلىكىنى جەزملەشتۈردى . ھېچقانداق غەيرىي ئەھۋال يوق بولۇپ ئۆزى ئۆلگەنلىكى ئېنىق ئىدى .

ئۇنداقتا بۇ ئايال زادى كىم ؟ ئەتراپتىكى كەنتلەردىكى دېھقانلار بۇ ئايالنى تونۇمىدى . كىيىنىشى رەتلىك بۇ ئايال يىگىرمە ئۈچ ياشلاردا بار ، خېلى چىرايلىق ئايال ئىدى .

كەڭ كۆلەمدە تونۇتۇش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ ، ئايالنىڭ ئادرېسىنى ئېنىقلاش تەسكە چۈشتى . رادىئو ـ تېلېۋىزورلاردا تونۇتۇش ئېلانى بېرىلدى . تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان ساتتار رادىئودىن كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ رەڭگىنى ئاڭلاپ سەل گۇمانلاندى ، دەل شۇ چاغدا قوشنىسى كىردى .

— تېلېۋىزوردا تونۇتۇش ئېلانى بېرىلىۋاتىدۇ ، سىزنىڭ ئايالىڭىزغا ئوخشاپ قالىدۇ ، يۈرۈڭ ،— دېدى قوشنىسى .

— دەل شۇ ، ئاھ خۇدا ، — ساتتار يىغلاشقا باشلىدى . قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ياردىمىدە ساتتار ئايرىلىپ كەتكىلى ئوتتۇز كۈن بولغان ئايالى ساجىدەنىڭ ئائىلىسىگە تېلېفون قىلدى .

ساجىدە XXX ناھىيىسىنىڭ مەلۇم يېزىسىدىن بولۇپ ،

قاراقاش بازىرىدىكى ساتتار بىلەن توي قىلغىلى بىرقانچە يىل بولغانىدى . ساتتارنىڭ تۇرمۇشى غورىگىل ئىدى ، ساتتار ناھىيە بازىرىدا مەدىكارچىلىق قىلىپ جان باقاتتى . ساجىدەنىڭ ئىلگىرىكى ئەردىن بىر قىزى بولۇپ ، سەككىز ياشقا كىرگەن بۇ قىزنى ئېرى تارتىۋېلىپ باشقا ئايال بىلەن ئاقسۇغا قېچىپ كەتكەنىدى .

تۇرمۇشتا ئېرىدىن زەربە يېگەن ساجىدە مەڭگۈ توي قىلماسلىق قارارىغا كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ناھىيە بازىرىدا ساتتار بىلەن تونۇشۇپ قالدى .

— مەن مەدىكارچىلىق قىلىپ كۈنۈمنى ئالىمەن ، خالىسىڭىز سىزنىمۇ بېقىپ كېتەلەيمەن ، توي قىلساق ،— ساتتار ساجىدەنى كۆرۈپلا ئېغىزىنى ئاچقانىدى . ساجىدە مەدىكار بولسىمۇ ، جىگەرلىك ، ئوچۇق گەپ قىلىدىغان بۇ يىگىتنى كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالغانىدى . شۇڭا ، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە ساتتارنىڭ مەدىكارچىلىق قىلىپ جان باقىدىغانلىقىنى دېمىدى .

— تىجارەت قىلىدۇ ، بىرلا چوڭ دادىسى بار ، جىگەرلىك بالا ، توي قىلسام بەختىم ئېچىلار ، باشقىسى بىلەن توي قىلمايمەن .

قىزىغا ئامراق دادا ساجىدەنىڭ رايىغا بېقىپ ساتتار بىلەن توي قىلىپ بەردى . ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى .

— تۇغسىڭىز بولاتتى ، ئۇزۇكنى ئالدۇرۇۋېتىڭ ،— دېدى ساتتار .

— تۇرمۇشىمىز ناچار تۇرسا ، ئازراق ساقلايلى ،— دېدى ساجىدە .

— مەن تىكەندەك بالا ، سىزنى ياخشى كۆرىمەن ،— دېدى ساتتار .

— مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن ، خاتىرجەم بولۇڭ ، مەن سىزگە چوقۇم تۇغۇپ بېرىمەن ، ئاۋۋال ئۆزىمىزنى

ئوڭشايلى ،ــ دېدى ساجىدە . لېكىن ، ساجىدەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ساتتارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن بۇ تويدىن نارازى بولدى . ساجىدە ئۆيىگە بارسىلا داۋاملىق تىل ـ ئاھانەت ئاڭلايتتى .

ــ قارىمامسەن ، سەن تەنتەك قىز مەدىكارغا تەگدىڭ ئەمەسمۇ ؟

ــ قاراپ تۇر ، ئەتە ـ ئۆگۈن تىلەمچىلىك قىلامسەنكىن ، كۆرىمىز...

ــ تۇغما ، ئۇزۇكنى ئالدۇرمايسەن ، بولمىسا رازى بولمايمىز .

ــ قاراپ باقە ، بىر تۇغقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى ھاللىق سەۋىيىدە تۇرسا ، سەن مەدىكار بىلەن ئۆتەمتىڭ... ئاجرىشىپ كېتىسەن...

ئاتا ـ ئانا ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ بۇ سۆزلىرى ساجىدەنىڭ قۇلىقىنى ئاغرىتىۋەتتى . ساجىدەنىڭ تۇغقانلىرى ئاخىر ئۇنى ساتتارنىڭ ئۆيىدىن ئاچىقىپ كەتتى . قېرىشقاندەك ساتتار بۆرەك كېسىلى بولۇپ قالدى .

ــ مەن ئۆمۈر بويى سىز بىلەن ئۆتىمەن ،ــ دېدى ساجىدە .

ــ كەچۈرۈڭ ، مەن ھازىر كېسەل ، سىزگە يۆلەك بولسام بولمايدۇ ، ساقايغاندا يارىشىۋالارمىز ، ئۆيىڭىزدىكىلەر مېنىڭ سىز بىلەن ئۆتۈشۈمگە قارشى ، ئۇلارنىڭ دېگىنىنى خاتا دېگىلىمۇ بولمايدۇ ، چۈنكى مەن نامرات ، سىزنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە قىلالمىدىم ، چىقىپ كېتىڭ ، ئۆيدىكىلەر ئەنسىرىمىسۇن ،ــ دېدى ساتتار .

ساجىدە ساتتار بەرگەن كىرا پۇلىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .

ئەتىسى ئېتىزلىقتا ئۆلۈپ قالغىنى ساجىدە ئىدى . ساجىدەنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ بۇ ئەھۋاللارنى ئوتتۇرىغا قويدى .

ساجىدە توغۇلاپ، ئۆلۈپ كەتسۇن ياكى زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كەتسۇن، ئۆلۈپ كەتتى. بارلىق روھىي ئازابنى، مۇھەببەتنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەتتى.

ئاتا - ئانىلار باللىرىمىزنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالماي، قىز - ئوغۇللىرىمىزنىڭ ئەركىن مۇھەببەت، ئەركىن نىكاھلىق تۇرمۇشتا بەختلىك ئۆتۈشىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىمىز كېرەك، يامان يولدىن باللارنى توسۇپ، پاك مۇھەببەت، هالال نىكاھ ۋە قانۇنلۇق ئائىلە ئۈچۈن جەڭ قىلىشۋاتقان ئوغۇل - قىزلىرىمىزنى قوللىشى، ئۇلارنىڭ قوربانلىق بولۇپ، ھەر تەرەپتىن زىيان تارتماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇرچى.

# كىراكەشكە ئۆزىتىلغان
# ئىبلىس قول

## مۇقەددىمە

ھېچكىممۇ باھار شامىلىدىمۇ كۆكلىمەيدىغان قۇرۇق قاقشال دەرەخكە ئوخشاش تۇرۇشنى ، ئۆز توپلىرىدىن ئايرىلىپ ، پايانسىز كۆكتە تىنەپ يۈرگەن تەنھا تۇرنىدەك بولۇپ قېلىشنى خالىمايدۇ . لېكىن بەزى ياشلار باركى ، ئۇلار ھاياتلىقنىڭ تۇنجى قەدىمىنى قانداق بېسىشنى بىلمەيدۇ . ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئىرادە يوق ، ھەممە ئىشتا ئۆزىنىڭلا پايدا ـ زىيىنىنى ئويلايدۇ . ئاسانلا مال ـ دۇنياغا كۆز قىزارتىدۇ ـ دە ، ئۆزىنىڭ بىر ئوبدان ياشلىق باھارىنى نابۇت قىلىدۇ…

2006 ـ يىل 11 ـ فېۋرال كېچە سائەت 12 لەردە ئۆستەڭ بويىدىكى باراقسان دەرەخلەرگە يۆلەپ قويۇلغان قوناق پاسىرى يېنىدىكى غازاڭ ئاستىدىن كىچىك بىر گەۋدە ئاستا ـ ئاستا ئۆمىلەپ چىقتى ، ئەمدىلا ئون تۆت ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان دىلشات ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشەنمەي يۈزىنى چىمداپ باقتى . دىلشات ھايات قالغانىدى ، دىلشات بويىنىغا سېلىنغان سىمنى تەستە ئالدى ـ دە ، قانغا مىلەنگەن يۈزىنى يېڭىگە سۈرتۈۋېتىپ ، ئەتراپقا بىر نەزەر تاشلىۋېتىپ ، ئايغىنى ھەم شەپكىسىنىمۇ ئىزدىمەي ، ئاغرىقتىن

چىڭقىلىپ كەتكەن بىشىنى قامالىلىغىنىچە غازاڭ ئارىسىدىن چوڭ يولغا چىقتى، ئالدىدا چىراغ شولىسى ياندى. دىلشات تاياق زەربىسىدىن ئاغرىپ كەتكەن قولىنى كۆتۈرۈپ موتسىكلىتنى توستى، موتسىكلىت توختىدى ـ دە، كىراكەش دىلشاتنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىكى قانلارنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى.

ـــ خۇدايا توۋا، جىنكەن، مىنى پاناھىڭدا ساقلا، موتسىكلىت ئىگىسى قانغا مىلەنگەن دىلشاتنى كۆرۈپ قورقىنىدىن، موتسىكلىتنى ھەيدەپ كىتىپ قالدى. دىلشات يالاڭ ئاياغ يۈگۈرگىنىچە ئاران تەستە ئۆيىگە باردى ـ دە، سۆيگىنى ئۆزىنى تاشلاپ دادىسىغا ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى...

ـــ مىنىڭ گىلىمنى سىمدا بوغۇپ، ئۇرۇپ، ئۇچ چاقلىق موتسىكلىتىمنى بۇلاپ كەتتى!...

## بۇلاڭچىغا ئايلانغان بالا

مۇسا ئەمدىلا ئون ئىككى ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بولۇپ، XXX ناھىيىسىنىڭ XXX بازىرى 4 ـ ئاھالە كومىتېتى، مەلۇم مەھەللىدىن ئىدى. مۇسا تۇنجى بالا بولۇپ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كىيىن مۇسانىڭ ئانىسى كەينى ـ كەينىدىن تۇغۇشقا باشلىدى. ھەش ـ پەش دىگۈچە ئىككى ئىغىزلىق بۇ ئائىلىدە تۆت ئوغۇل، ئىككى قىز جەمئىي ئالتە بالا قىستىلىشىپ يۈرىدىغان بولدى. ئەر ـ خوتۇن، باللار بولۇپ سەككىز ئادەم كاتەكتەك ئىككى ئىغىزلىق ئۆيدە تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ مۇسا باللارنىڭ چوڭى بولغاچقا بۇ ئائىلىدە ئەتىۋارلىق بالا ھىسابلىناتتى. مۇسانىڭ ئانىسى قىچىپ يۈرۈپ تۇغقان بولغاچقا، قولۇم ـ قوشنىلار قانچە باللىسىنىڭ بارلىقىنى، قايسى ئۆزىنىڭ، قايسى تۇغقانلىرىنىڭ بۇنى

بىلمەيتتى .

مۇسا جىمىغۇر بالا ئىدى ، مەھەللىدىكى باشقا بالىلارغا ئانچە بەك ئارىلىشىپ كەتمەيتتى ، بىراق قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئىشلىرى چىقسا ، ئەڭ ئاۋۋال مۇسا ھازىر بولاتتى . مەھەللىدە نامرات بولسىمۇ ، چىراي ۋە ئەخلاق جەھەتتە ئۇنى بالىلارنىڭ ئالدى دېيىشكە بولاتتى . قاچاندىن باشلاپ مەكتەپتىن قالدى ، بۇنىڭغا ئۆزىمۇ ئېنىق بىرنېمە دەپ بېرەلمەيتتى . مۇسانىڭ ئۆيى ناھىيە بازىرىغا خېلى يېقىن بولغاچقىمىكىن ، ئۇ دائىم ناھىيە بازىرىغا كىرىپ يەكشەنبە كۈنلىرى بازار ئايلىناتتى .

2005 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا مۇسا كوپېراتىپ سودا سارىيىنى ئايلىنىۋېتىپ ، تۇيۇقسىز تونۇشى ئالىمنىڭ بىر دېھقاننىڭ يانچۇقىغا قول سېلىپ ئالتە يۈز سومدەك پۇلىنى ئېلىۋالغانلىقىنى كۆردى ـ دە ، ئاستا دېھقاننىڭ يېنىغا بېرىپ قۇلىقىغا پىچىرلاپ : «ئاۋۇ بالا يېنىڭىزدىن پۇلىڭىزنى ئېلىۋالسا ، سىز ئۇقالماي قالدىڭىز» دېدى مۇسا . دېھقان ئالىمنى تۇتۇۋالدى ـ دە ، پۇلنى قايتۇرۇۋېلىپ ، ئالىمنى راسا قاتتىق ساۋىدى . تاياق زەربىسىدىن تۇگۇلۇپ قالغان ئالىمنى كۆرگەن مۇسا ئالىمنى يۆلەپ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى .

ــ جېنىم ئاداش ، سەن دەپ قويمىغان بولساڭ ، مەن بۇنداق قاتتىق تاياق يېمەيتتىم ،ــ دەپ يىغلىدى ئالىم .

ــ خەقنىڭ ھەققىنى نېمىشقا ئالاتتىڭ ، ئالماي باشقا ئىش قىلساڭ ، ياكى دېھقانچىلىق قىلساڭ بولمامدۇ ؟ــ دېدى مۇسا .

ــ مەن شور پېشانە ئىكەنمەن ، مەن مۇشۇنداق قىلىپ كۈن ئالمىسام ، قانداق جان باقىمەن ، ياشىشىم كېرەكتە !ــ دېدى ئالىم ئېسەدەپ يىغلاپ .

مۇسانىڭ ئالىمغا ئىچى ئاغرىشقا باشلىدى ، مۇسا ئۇيلىنىش

ئىچىدە ئۆيىگە ماڭدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىلگىرىكى خاراكتېرى ئۆزگىرىشكە قاراپ يۈزلەندى . بىر كۈنى مەھەللە كومىتېتى كەينىدىكى ئادەمسىز تار كىچىك يولدا تۆت توخۇ ئوتلاپ يۈرۈۋاتاتتى ، مۇسا ئاستا بېرىپ ئىككى توخۇنى تۇتۇۋالدى ـ دە ، ئۆيىگە ئاپىرىپ ئۆلتۈردى…

ئىشلار شۇنىڭدىن باشلاندى ، باشقىلارغا ئىچ ئاغرىتىدىغان مۇسا ئەمدىلىكتە ئىچ ئاغرىتمايدىغان ، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان بولۇشقا باشلىدى . ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى . مۇسا ئېتىزلىقتىكى پارنىكقا چىقتى . قوشنىسىنىڭ پارنىكىدىكى سەي ـ كۆكتاتلارنىڭ سوغۇققا قارىماي شۇنچىلىك ئوخشىغانلىقىنى كۆرگەن مۇسا كېچە تەرەپتە پارنىكقا بېرىپ ، سۇلياۋلارنى بۆسۈپ كىرىپ ، سەي ـ كۆكتات ئوغرىلاپ ساتتى . ئەتىسى سېزىلىپ قېلىپ ، ساقچىلار ساقچىخانىغا چاقىرتىپ سوئال سوراپ بولغاندىن كېيىن ساقچىخانىدىن قېچىپ كەتتى . قېچىپ يۈرۈۋاتقان مۇسانىڭ ئىشىنى ئاڭلىغان ئالىم مۇسانىڭ يېنىغا باردى .

— ئاداش ، ئاڭلىسام قېچىپ يۈرۈپسەن ، يارايسەن ، يۈرە پۇل بۇلايمىز ، — دېدى ئالىم . مۇسا ماقۇل دەپ ئالىمنىڭ كەينىدىن ماڭدى .

ئالىم بىلەن مۇسا كەچ كىرىشنى كۈتتى ، دەل شۇ چاغدا XXX بازارلىق 11 ـ ئاھالە كومىتېتىدىن مەخمۇت دادىسى تۇغقىنىغا ئاپىرىپ بېرىشكە بەرگەن ئۈچ مىڭ سەككىز يۈز سوم نەق پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ ، ئۈچ چاقلىق موتسىكلىتنى ھەيدەپ ، ئالىم بىلەن مۇسانىڭ ئالدىدىن ئۆتتى . ئۇ ئۇن ئىككى ياشلارغا ئەمدىلا قەدەم باسقان ئۆسمۈر ئىدى . ئالىم موتسىكلىتنى توستى .

— بىزنى ئۆستەڭ بويىغا ئاپىرىپ قوي ، — دېدى ئالىم . مەخمۇت رەت قىلماي ئۇلارنى ئېلىپ ، موتسىكلىتنى ھەيدەپ

ماڭدى .

ئالىم بىلەن مۇسا ئۈستەڭ بويىغا بارغاندىن كېيىن ، مەخمۇتنى قالايمىقان ئۇرۇشقا باشلىدى .

ــ جېنىم ئاكىلار ، مېنى ئۇرماڭلار...

ئالىم مەخمۇتنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ ، ئۈچ مىڭ سەككىز يۈز سوم نەق پۇلنى ئېلىۋالدى .

ــ مەن بۇ پۇلنى باشقىلارغا ئاپىرىپ بەرمىسەم بولمايدۇ ، ئۇنداق قىلماڭلار ، كىرانى بەرمىسەڭلارمۇ مەيلى ،ــ يىغلىدى مەخمۇت .

ئالىم قولىغا ئېرىشىۋالغان مەخمۇتنى سىلكىۋېتىپ ئەمدى موتسىكلىتنى ئېلىپ ماڭايلى دەپ تۇرۇشىغا يېنىغا يولدىن ئۆتۈۋاتقانلار كەلدى . ئالىم بىلەن مۇسا قاراڭغۇلۇقتا بەدەر تىكىۋەتتى...

## خىلۋەتتىكى بۇلاڭچىلىق

2005 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كۈندۈزى مۇسا ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ چوڭ يولغا چىقتى ـ دە ، يولدا تۇرغان ئاغىنىسى مەسۇمنى يېنىغا چاقىردى .

ــ هەي ئاداش ، مۇشۇنداق بىكارچىلىقتا لاغايلاپ يۈرەمسەن ، پۇل تاپمامدۇق . مۇسانىڭ يۈرىكى قېتىشقا باشلىغانىدى .

مۇسا مەسۇمغا ئۈچ چاقلىق موتسىكلىت بۇلاشنى ئېيتتى ، مەسۇم قوشۇلدى ، سائەت ئۈچلەردە مۇسا بىلەن مەسۇم ئۆستەڭ بويىدا كالتەك تەييارلىدى ـ دە ، ئۆستەڭ باغرىدىكى تونۇش دەرەخ تۈۋىگە كۆمۈپ قويدى . ئۇلار كەچ سائەت يەتتىلەرگىچە يېشى كىچىكرەك كىراكەشنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى .

XXX ناھىيىسىنىڭ XXX يېزىسىدىن كىرگەن ئون سەككىز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئەلقەم دادىسى يېغىدىن 4100 سومغا ئېلىپ بەرگەن ئۈچ چاقلىق ئاككۇمۇلياتورلۇق موتىسىكلىتىنى كىرا قىلىۋاتاتتى .

— بىزنى ئون بىرىنچى ئاھالە تىمۋەسىگە ئاپىرىپ قويغىن ،— دېدى مۇسا .

— ئۇ يەر خېلى يىراق ، قانچە پۇل بېرىسلەر ؟— دېدى ئەلقەم .

— يول بەلگىلەش سائىتىگە قاراپ پۇل بېرەيلى ،— دېدى مەسۇم .

ئەلقەم قوشۇلدى ، ئەلقەم موتىسىكلىتىنى ھەيدەپ ئۆزىگە ناتونۇش خىلۋەت ئۆستەڭ بويىنى بويلاپ ماڭدى .

توختا ، مەن كىچىك تەرەت قىلىۋالاي ،— دېدى مەسۇم كالتەك يوشۇرۇلغان دەرەخ ئۇدۇلىغا كەلگەندە . ئەلقەم موتىسىكلىتىنى توختاتتى . موتىسىكلىتتىن مۇسامۇ ، مەسۇممۇ چۈشتى . ئۇلار يوشۇرۇپ قويغان كالتەكلىرىنى قولىغا ئېلىشىپ موتىسىكلىتنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە ، ئەلقەمنىڭ بېشىغا قالايمىقان سىلىشقا باشلىدى .

— ئاغىنىلەر مېنى ئۇرماڭلار يېنىمدىكى پۇلنى بېرەي ،— دېدى ئەلقەم .

— پۇلنى چىقىرە !— دېدى مەسۇم . ئەلقەم يېنىدىكى ئون بەش سوم پۇلنى ئۇلارغا بەردى .

ئەلقەمنىڭ بېشىغا يەنە كالتەك تەگدى ، ئەلقەمنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى قانغا بويالغانىدى . ئۇ :

— سىلەر ئىنسان ئەمەسمۇ ، مېنى نېمە ئۈچۈن بۇنداق قاتتىق ئۇرىسىلەر ؟ !— دېدى ـ دە ، مۇسانى مۇشتى بىلەن بىرنى سالدى .

مۇسا :

— مېنى ئۇرغۇدەك بولدۇڭمۇ ؟ !— دېدى - دە ، قەھرى بىلەن ئەلقەمنى ئۇرۇشقا باشلىدى ، مۇسا ئەلقەمدىن موتسىكلىتنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىۋالدى .

ئەلقەم ئەھۋالنىڭ تېخىمۇ چاتاقلىقىنى بىلىپ قاچتى ، مەسۇم ئەلقەمنى قوغلاپ پۇت - قوللىرىغا كەلتەك بىلەن سېلىشقا باشلىدى .

— پەلەينى ئەكېلە ،— دېدى مەسۇم .

ئەلقەم قولىدىكى پەلەينى مۇساغا ئۇزاتتى .

— مېنى ئۇرماڭلار مەندە نېمە ئۆچ - ئاداۋىتىڭلار بار ! ؟— دېدى ئەلقەم . مۇسا :

— سەندە مېنىڭ ئۆچۈم بار ، شۇڭا سېنى ئۇرىمەن !— دېدى ۋە كالتەك بىلەن ئەلقەمنى قالايمىقان ئۇرۇشقا باشلىدى ، ئەلقەم ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى .

— نەگە تاشلىۋېتىمىز ؟— دېدى مەسۇم .

— ئاۋۇ مۇز توڭلىغان كاتەككە تاشلىۋېتەيلى .

مەسۇم بىلەن مۇسا ئەلقەمنى پۇتىدىن ، قولىدىن كۆتۈرۈپ كاتەكتىكى مۇز ئۈستىگە تاشلىۋەتتى .

ئەلقەم ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ توڭلىغانلىقتىن ھوشىغا كەلدى - دە ، پۇتۇن بەدىنى قان ھالەتتە يولغا چىقتى ، ئارىدا بىر موتسىكلىت كەلدى ، ئەلقەم سەنتۇرۇلگەن ھالدا موتسىكلىتنى توستى .

— مەستكەن ھەيدەۋەرگىن ،— دېدى موتسىكلىتتا ئولتۇرغان يولۇچى .

— جېنىم ئاكىلار ، مەن مەست ئەمەس ، مەن بۇلاندىم . ئەلقەم موتسىكلىتنىڭ چىراغ يورۇقىدا يەرگە يىقىلدى…

موتسكلتتىكى كىشىلەر ئەلقەمنى يۆلەپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى . ئەلقەم قۇتقۇزۇۋېلىندى .

مەسۇم بىلەن مۇسا موتسكلتنى بۇلاپ بولغاندىن كېيىن XXX شەھىرىگە ھەيدەپ باردى ـ دە ، ئاغىنىسىنىڭ ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ ، موتسكلتنى ساقلاپ بېرىشكە بېرىپ قويۇپ ، يېنىپ كېلىپ ئۆز ئىشى بىلەن بەند بولدى···

## غازاڭغا كۆمۈلگەن بالا

2006 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن مۇسانىڭ قولى قىچىشىشقا باشلىدى ، مۇسا ئاستا مېڭىپ ناھىيە بازىرىغا كىردى . ئاغىنىسى مەسۇم رېمونتخانىدا شاگىرت ئىدى . مۇسا مەسۇمنى ئىزدىدى ، بىراق مەسۇم ئالدىراش بولغاچقا رېمونتخانىدىن ئايرىلالمايتتى . مۇسا رېمونتخانىدىن بىر غۇلاچ كەلگۈدەك توك سىمىنى يانچۇقىغا سالدى ـ دە ، ئۆزى قول سېلىپ تەلىيىنى سىناپ بېقىش نىيىتىدە XXX بېكەتكە كەلدى ، مۇسا ئىككى سائەتتەك ئولجىنى كۆزەتتى . ئولجا ئۆزلۈكىدىن ئالدىغا كەلدى .

XXX بازىرىدىكى 3 ـ ئاھالە كومىتېتىغا تەۋە ئون تۆت ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان دىلشات ئۆزىنىڭ ئۈچ چاقلىق ئاككۇمۇلياتورلۇق موتسكلىتىنى ھەيدەپ ، XXX ناھىيە بازىرىدىكى XXX بېكەتكە كەلدى .

مۇسا موتسكلتقا چىقتى .

ــ مېنى چۇقۇ كوچىدىكى سەي بازىرىغا ئاپىرىپ قويۇڭ ،ــ دېدى مۇسا چۇقۇ بازىرىدا قول سالماقچى بولۇپ .

دىلشات موتسكلتنى ھەيدىدى ، قېرىشقاندەك مۇسانىڭ يېنىغا

ئىككى ئادەم چىقىپ ئولتۇردى ، مۇسا ئىككى ئادەمنىڭ تېزرەك موتسىكلىتتىن چۈشۈپ قېلىشىنى كۈتتى ، بىر چاغدا ئۇلار چۈققۇ كوچىغا كىردى .

— توختات !— دېدى مۇسا . دىلشات موتسىكلىتنى توختاتتى ، شۇ ئارىدا يىراقتا بىر موتسىكلىتنىڭ چىراغ يورۇقى كۆرۈندى ، مۇسا سەل ھودۇقتى .

— بوۋامنىڭ ئۆيى مۇشۇ ئىدى ، يوقكەن ئۆيۈمگە ئاچىقىپ قويۇڭ ، كىرا پۇلىڭىزنى بېرىمەن ،— دېدى مۇسا ئىشىكىگە قولۇپ سېلىپ قويىغان بىر ئۆينى كۆرسىتىپ .

دىلشات موتسىكلىتنى ھەيدەپ مۇسا موتسىكلىتقا چىققان يەرگە باردى .

— ئۆيۈم ئىتىزلىقتىكى يولنىڭ بېشىدا ، ئاپىرىپ قويۇڭ ، ئۆيدىن پۇل ئېلىپ بېرەي ،— دېدى مۇسا .

— مەن يېنىپ كەلگۈچە قورقىمەن ،— دېدى دىلشات .

— ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇڭ ، پۇلنى ئېلىپ بېرىپ بولۇپ ، سىزنى ئىتىزلىقتىن ئۆتكۈزۈپ قوياي ،— دېدى مۇسا .

دىلشات ناتونۇش بۇ بالىغا قاراپ سەل ئەنسىرىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئىللىق چىرايىنى كۆرۈپ ، خاتىرجەم بولدى - دە ، مۇسا كۆرسەتكەن توپىلىق يول بىلەن موتسىكلىتنى ھەيدىدى ، ئۇلار خىلۋەت پاسارلىققا كەلدى .

مۇسا ئورنىدىن تۇرۇپ يانچۇقىدىن ئالدىن تەييارلاپ سېلىپ قويىغان سىمنى ئېلىپلا دىلشاتنىڭ بويىنىغا سېلىپ بوغۇپ كۆتۈرۈۋالدى ، موتسىكلىت توختىدى ، دىلشات تېپچەكلەيتتى .

مۇسا بۇ كىچىك ئولجىنى گېلىدىن بوغۇپلا كۆتۈرۈپ يەرگە ئېلىپ بىرقانچىنى دەسسىدى - دە ، موتسىكلىت ئۈستىگە ئېلىپ يۈز - كۆزلىرىگە قالايمىقان مۇشتلاشقا باشلىدى .

دىلشات ھوشىدىن كەتكەندى ، مۇسا دىلشاتنىڭ چاپىنىنى يۈزىگە ياپتى - دە ، يول بويىدا تۇرغان پاسارغا كۆز سالدى .
بۇ پاسارلىققا يوشۇرۇپ قويسا ، ئۇنىڭ ئۆيى يېقىن ئەتراپتا بولغاچقا ، ئاسان چېلىقىپ قالاتتى . دىلشاتنى موتسىكلىتقا ياتقۇزۇپ قويۇپ ، موتسىكلىتنى ھەيدەپ ، بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۆزى ئىلگىرى بۇلاڭچىلىق قىلغان ئۆستەڭ بويىغا ئېلىپ باردى .
دىلشات تېخىچە جىم ياتاتتى ، مۇسا موتسىكلىتنى توختىتىپ ، دىلشاتنى كۆتۈرۈپ سۆرەپ دېگەندەك ئۆستەڭ بويىدىكى قوناق پاسىرى ئارىسىغا كىردى - دە ، شۇ يەرگە تاشلاپ ، يەردىكى دۆۋىلىنىپ قالغان غازاڭدا دىلشاتنى كۆمۈۋەتتى ۋە ئۇ يەردىن ئايرىلدى . ئارىدىن بىر ، ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن دىلشات ھوشىغا كېلىپ ، بويىنىدىكى سىمنى ئېلىۋېتىپ غازاڭ ئارىسىدىن ئۆمىلەپ چىقتى - دە ، يالاڭ ئاياغ ھالەتتە ئۆيىگە بېرىپ ، دادىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپ كەتتى…
مۇسا موتسىكلىتنى ھەيدەپ ، ئۇدۇل XXX كە بېرىپ ، XXX شەھىرىدىكى ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە كىردى .
— بۇ موتسىكلىت تۇغقىنىمىزنىڭ ئىدى . ئېلىپ كەلدىم ، ئىلگىرى ئېلىپ كەلگەن موتسىكلىتنى ئېلىپ كېتەي ، بۇ تۇرۇپ تۇرسۇن ،— دېدى مۇسا ، ئاغىنىسى قوشۇلدى ، مۇسا شۇ كېچىدە XXX شەھىرىدىن موتسىكلىتنى ئالماشتۇرۇپ ، ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ يوشۇرۇپ قويدى . ئالماشتۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن موتسىكلىتنىڭ ئاككۇمۇلياتورىنى بۇ موتسىكلىتقا ئالماشتۇرغانىدى .
2006 - يىل 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مۇسا ئۆيىدىن چىقماي ئۇخلىدى…

# زەنجىرسىمان بۇلاڭچىلىقنىڭ پاش قىلىنىشى

يۈقىرىقى بىر قاتار قاباھەتلىك بۇلاڭچىلىق دېلولىرى يۈز بەرگەندىن كېيىن، XXX ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى زور كۈچ بىلەن دېلو پاش قىلىشقا ئاتلانغان بولسىمۇ، دېلودا ھېچ ئىلگىرىلەش بولمىدى، چۈنكى يارىلانغۇچىلار كىچىك بولغاچقا گۇماندارلارنى جايىدا تەسۋىرلەپ بېرەلمىدى.

XXX ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتى دېلو گۇرۇپپىسى يۇقىرىقى ئۈچ بۇلاڭچىلىق دېلوسىنى سادىر قىلغان گۇماندارلارنى بىر دەپ بېكىتىپ، تەكشۈرۈشكە كىرىشتى.

نېمە ئۈچۈن بۇلانغۇچىلارنى ھوشىدىن كەتكۈدەك شۇنچە قاتتىق ئۇرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن موتسىكلىتنى بازارلاردا ساتمايدۇ؟ دېلو يۈز بەرگەن ئورۇننى نۇقتا قىلىپ، دائىرە بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. ئاخىرىدا دائىرە كىچىكلىتىلىپ شۇ تەۋەلىكتىن 4 - مەھەللىگە مەركەزلەشتى.

ئادەملەردىن كەڭ كۆلەمدە يىپ ئۇچى ئىگىلەش داۋامىدا مۇساناڭ ئۆيىگە ئۈچ چاقلىق موتسىكلىت پەيدا قىلغانلىقى بايقالدى. شۇ ئەتراپتا موتسىكلىت ھەيدەيدىغانلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى.

ئاممىدىن ئىگىلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن مۇسا چاقىرتىپ سوراق قىلىندى. سوراق داۋامىدا جىنايەت گۇماندارى ئۈچ قېتىملىق جىنايەتنى ئەينەن تاپشۇردى.

2006 - يىلى 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى جىنايەت گۇماندارى مۇسا، ئالىم، مەسۇملار جىنايى ئىشلار بويىچە تۇتقۇن قىلىنىپ قويۇلدى.

# خاتىمە

ناھىيە تەۋەسىدە كىراكەشلەر ئارىسىدا زىلزىلە پەيدا قىلغان مۇتىسىكىلىت كىراكەشلىرىنى بۇلاش دېلوسى پاش قىلىنىدى ، كىشىلەر خاتىرجەم ھالدا كىراكەشلىك قىلىدىغان بولدى .

يېڭى دوختۇرخانىدىن چىققان ئەلقەم ئۆز موتىسىكلىتىنى كۆرۈپ ، موتىسىكلىتقا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى .

— خەلق ساقچىلىرىغا رەھمەت ، ئادەم دېگەن نېمانچە ئەسكى ، مېنى شۇنداقمۇ ئۇرامدۇ ، تەڭرىمگە شۈكرى !...

ئەلقەم موتىسىكلىتىنى سۈرتكەچ ، خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكمەكتە .

— ساقچى ئاكىلىرىمغا رەھمەت ، مەن ئۆلۈپ تىرىلدىم ، موتىسىكلىتنىڭ چىقىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتمىگەن . مەن غازاڭ ئارىسىدىن ئۆمىلەپ چىققىنىمدا ئۆزۈمنى خۇددى گۆردىن چىققاندەك ھېس قىلغان ، — دېدى دىلشات يىغلاپ تۇرۇپ .

— ئۇكا ، خەلقىڭگە رەھمەت ئوقۇ ، گەرچە ئارىمىزدا ئەسكى ئادەملەر بولسىمۇ ، يەنىلا ياخشى كىشىلەر شۇنچە كۆپ ، سېنىڭ يېشىڭ كىچىككەن ، ئەمدى موتىسىكلىت ھەيدىمەي مەكتەپتە ئوقۇغىن ، چوڭ بولغاندا ، ھەيدىسەڭمۇ كېچىكمەيسەن ، — دېدى دېلو بېجىرگەن ساقچىلار .

زىيانلانغۇچىلار خۇشاللاندى .

# ئىچكىرىدىكى سەرسانلىق

ھايات گۈزەل ئالبومغا ئوخشايدۇ . ھايات قايناق ھېسسىياتقا تولغان بولىدۇ . ھاياتتا كىشىلەر ئۆز كەلگۈسى ئۈستىدە گۈزەل خىياللارغا ۋە چەكسىز ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرگە تولغان بولىدۇ . بىراق ئەڭ ئۇزۇن سەپەرمۇ بىرىنچى قەدەمدىن باشلىنىدۇ .

كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى قانداق بېسىش ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزىگە باغلىق بولۇپ ، خاتا باسقان ھەر قەدەم كىشىنى چوڭقۇر ھاڭغا تاشلىسا ، توغرا باسقان ھەر قەدەم كىشىگە مەڭگۇ شادلىق ئېلىپ كېلىدۇ . كىشىلىك ھاياتىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى ئەمدىلا بېسىۋاتقان باللار ۋە ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن بۇ تېخىمۇ مۇھىم بىر مەسىلە .

نۇرغۇن قېتىم بالا ئالدامچىلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىلگەن بولسىمۇ ، ھېلىھەم ياش ـ ئۆسمۈرلەر قارا قولالرنىڭ قۇربانىغا ئايلانماقتا...

## مۇقەددىمە

2004 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ، ئالتۇن كۈز پەسلى ، ھەممە يەر دۆلەت بايرىمىنى قىزغىن تەبرىكلەۋاتقان پەيتتە ، XXX ناھىيىسىنىڭ XXX يېزىسى مەلۇم كەنتىدىكى دېھقان شېرىپئاخۇنغا نىسبەتەن خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق قوشۇلغان ئالاھىدە بىر

كۆن بولدى . شېرىپئاخۇننىڭ ئۆيى ئالدىدا بىر جىپ ماشىنا توختىدى ـ دە ، ماشىنىدىن XXX ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىدىكى كادىرلار ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ۋىجىككىنە كەلگەن بىر بالىنى چۈشۈردى .

ــ دادا...

شېرىپئاخۇن ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى . ئالدىدا ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكىنىگە ئىككى يىل بولغان ئوغلى دىلشات تۇراتتى . شېرىپئاخۇن ھۆكرەپ يىغلاپ قۇچاقلىرىنى ئېچىپ دىلشاتنى باغرىغا مەھكەم باستى . بۇ خەۋەر بىردەمدە پۈتۈن كەنتكە تارقالدى . پۈتۈن كەنت كىشىلىرى ئاتا ـ بالىنىڭ جەم بولغانلىقىنى كۆرۈپ ، خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ تەنتەنە قىلىشتى . ھۆكۈمەتكە مىڭ رەھمەت ئېيتىشتى .

## تۇيۇق يولغا مېڭىش

شېرىپئاخۇن XXX ناھىيىسىنىڭ XXX يېزا مەلۇم كەنتىدىكى دېھقان ئىدى . ئۇنىڭ ئايالى ئون ياشقا كىرگەن دىلشات بىلەن سەككىز ياشلىق ئىلشاتنى شېرىپئاخۇنغا تاشلاپ بېرىپ ئاجراشتى ۋە باشقا ئەر بىلەن توي قىلىۋالدى . شۇنىڭدىن بېرى شېرىپئاخۇن دىلشات بىلەن ئىلشاتقا ھەم ئانا ، ھەم دادا بولۇپ كەلدى .

2002 ـ يىل 3 ـ ئايدا دىلشات باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتاتتى . دىلشاتنى مەھەللىدىكى ئۆزى بىلەن تەڭتۇش بالىلارنىڭ تىجارەت قىلىپ بېيىشى قىزىقتۇرۇشقا باشلىدى .

ــ دادا ، مەن ناۋايچىلىقنى ئۆگىنىمەن . مېنى شاگىرتلىققا بېرىڭ ،ــ دېدى دىلشات .

ــ بالام ، ئەگەر راستىنلا ئوقۇشتىن يالتايغان بولساڭ ،

باشلانغۇچىنى پۈتتۈرگىن، پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ياكى ئاشپەزلىك ئۆگىنەرسەن، ياكى رېمونتچىلىقنى ئۆگىنەرسەن، ئوقۇپ بولغاندا بىر گەپ بولسۇن، — دېدى شېرىپئاخۇن ئوغلىغا. دىلشات جىم بولدى.

شېرىپئاخۇن بازارغا كەتتى. دىلشات ئۆكىسى ئىلشاتقا شەھەرگە كىرىپ چىقىدىغانلىقىنى دەپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ناھىيە بازىرىدا كەچلىكى ئۆزى بىلەن تەڭتۇش سىدىق، قاۋۇز، قارىلار بىلەن تونۇشۇپ قالدى. بۇلار يەكەنلىك، قاغىلىقلىق، گۇمىلىق بالىلار ئىدى.

XXX ناھىيە بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق قۇددۇسنىڭ كۆزى بۇ ئولجىلارغا چۈشتى-دە، ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، بۇ تۆت بالىنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ تاماق بېرىپ باقتى. قۇددۇسنىڭ ئاكىسى خالىق ئىچكىرى ئۆلكىدە بولۇپ، تىجارەت نامى بىلەن يۈرۈپ، ياش-ئۆسمۈرلەرنى يانچۇقچىلىققا سالاتتى.

— ئىچكىرىگە كىرىشنى خالامسەن؟ — سورىدى قۇددۇس.

— ئىچكىرى دېگەن ئۈرۈمچىنىڭ قەيېرىدە؟ — سورىدى دىلشات قۇددۇسنىڭ ئىچكىرى توغرۇلۇق داڭلاپ سۆزلىگەن گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

— ھە، ئۇنچە يېقىنمۇ ئەمەس، پۇتۇن چىقىملارغا مەن ئىگە، ناۋايچىلىق قىلىسىلەر، — دېدى قۇددۇس. ئۇلار قوشۇلدى. بىراق، قارى قېچىپ كەتكەنىدى.

قۇددۇس دىلشات، سىدىق، قاۋۇزلارنى ئېلىپ ئاكىسى خالىقنىڭ يېنىغا يول ئالدى.

## ئىچكىرىدىن قېچىش

قـۇددۇس دىلـشـات قـاتـارلـىقلارنى ئاپتوبۇس ، پويىزلارغا چىقىرىپ ، ئۇدۇل شاڭخەي شەھىرىگە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ، ئۇ يەردىن ياندۇرۇپ ئاكىسى خالىق تۇرۇۋاتقان جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشى دېگەن يېرىگە ئېلىپ باردى .

خالىق خېلى ئۇستا يانچۇقچى بولۇپ ئۇكىسى ئېلىپ كەلگەن دىلشات قاتارلىقلارغا بىر قۇر كۆز يۇگۇرتكەندىن كېيىن ، دەرھال «سىيرتما سىيرىش»نى ئۆگىتىشكە باشلىدى . كېچىلىرى ياتاقتا ئۆگەتسە ، كۈندۈزلىرى كوچىلارغا چىقىپ «پراكتىكا» قىلدۇردى . دىلشات ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلىپ يىغلىدى .

ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان كوچىدا كىشىلەر توپى ئارىسىدا يۈرۈپ سومكىلارنىڭ سىيرتمىسىنى ئېچىپ پۇل ئوغرىلاش بۇ ياشلارنىڭ كـۈندىلىك تاپاۋىتى ئىدى . سىدىق ، قاۋۇزلار ھەر كۈنى خالىقتا تـېلىفون ، نەق پۇل ئوغرىلاپ ئەكېلىپ بېرىشكە باشلىدى . ھەر كۈنى بىرقانچە مىڭ يۈەن خالىقنىڭ قولىغا چۈشەتتى .

ــ سـەن شۇمـتەك بىـكار نـان يەمتىڭ . پۇل تاپـمىساڭ ساڭـا تامـاق يوق ! ــ خالـىق ياۋۇزلۇقـى چىـقىپ تۇرغـان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ مۇشتۇمدەك دىلشاتنى ئاسماقا ئـاستى ـ دە ، ساۋاشقا باشلىدى .

تاياق ، ئاچ قېلىش دىلشاتنى يەنە كوچىغا چىقىشقا مەجبۇر قىلدى .

دىـلـشـات قوللىرى تىترىگەن ھالدا كوچىدا كېتىپ بارغان كىشىلەر توپى ئىچىدىن ياشانغان بىر ئايالنىڭ سومكىسىدىن پۇل قاپچۇقىنى ئەپچىللىك بىلەن ئوغرىلىدى ـ دە ، ئەكېلىپ خالىققا

بەردى . پورتمال ئىچىدىن ئىككى مىڭ يۈەن نەق پۇل ھەم تالونلار چىقتى . دىلشاتنىڭ بۇ ئايالغا ئىچى ئاغرىدى ۋە بۇ يەردىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلىشقا باشلىدى . ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قۇددۇس يۇرتىغا قايتماقچى بولدى .

ــ جېنىم ئاكا مېنىمۇ ئېلىپ كەت ، مەن خۇش بولاي ،ــ يالۋۇردى دىلشات .

ــ ئىشىڭنى قىلە ، شۇمتەك ! بۇ يەردىن چىقىپ كېتىمەن دەپ خام خىيال قىلما ، چىقىپ كېتەر بولساڭ ئاكامغا جىق پۇل تېپىپ بەرگىن !ــ قۇددۇس شۇ گەپلەرنى دەپ قايتىپ كەتتى .

دىلشات ھەر كۈنى خالىقنىڭ تىل ـ تاياقلىرى ئاستىدا يانچۇقچىلىق ھاياتىنى باشلىدى . كوچىدا تەمتىرەپ يۈرۈپ باشقا بىر شەھەرگە ئاپتوبۇس بىلەن بېرىپ قالدى ـ دە ، قېچىپ كېتىشكە تەمشىلىپ يۈرۈپ پويىز ئىستانسىسىغا كىردى . بىراق دىلشات خەنزۇ تىلىنى بىلمىگەچكە گېپىنى ئۇقتۇرالماي تۇرغاندا ، خالىقلار ئىزدەپ كېلىپ دىلشاتنى ياندۇرۇپ كەلدى .

ــ سەن شۇمتەك نېمىشقا قاچىسەن ؟ يەنە قاچامسەن ! ؟ــ خالىق دىلشاتنى دۇمبالاشقا باشلىدى . دىلشات خالىقنىڭ تىل ـ ئاھانىتى ، نازارىتى ئاستىدا ئون بەش كۈن كوچىغا چىقىپ يانچۇقچىلىق قىلدى . شۇنچە كۆپ پۇل تېپىپ بەرسىمۇ خالىق يەنىلا دىلشاتتىن رازى ئەمەستەك قىلاتتى .

بىر كۈنى خالىقنىڭ قولچوماقچىسى ياقۇپ دىلشاتنى يېنىغا تارتىپ سۆزلەشكە باشلىدى :

ــ ئۇكا ، سەن شۇنچە پۇل ئوغرىلاپ بەرسەڭمۇ خالىق سەندىن رازى ئەمەس ، كۈندە تاياق يېسەڭ ياكى قورسىقىڭ تويمىسا . مەن بىلەن باشقا شەھەرگە كېتەمسەن ؟ــ دېدى ياقۇپ .

ــ ماقۇل ،ــ دېدى دىلشات ۋە ياقۇپنىڭ كەينىدىن ماڭدى .

ياقۇپ بىلەن دىلشات خالىقنىڭ يېنىدىن قاچقانىدى…

## سېتىۋېتىلگەن بالا

ياقۇپ ئوتتۇز ياشلارغا كىرگەن خېلى ئۇستا يانچۇقچى بولۇپ، ئىچكىرىدە كىچىك بالىلارنى ئالداپ سېتىپ جان باقاتتى. ئۇلار ئۇزۇنغا قالماي شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جۇشەن دېگەن يېرىگە كەلدى ـ دە، ماشىنا ئالمىشىپ يۈەنجۇ شەھىرىگە كەلدى…

يۈەنجۇدا XXX شەھىرىدىن چىقىپ يىگىرمىدەك ياش ـ ئۆسمۈرنى ئالماشتۇرۇپ يانچۇقچىلىقتا سالىدىغان قاسىم بار بولۇپ، ياقۇپ دىلشاتنى قاسىمغا خۇپىيانە سېتىۋەتتى ـ دە، پۇلنى ئېلىپ، دىلشاتنى قالدۇرۇپ غايىب بولدى.

ئوتتۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان قاسىم خالىقتىن قېلىشمايتتى. بالىلارنى كۈندە دېگۈدەك ئۈچ ـ تۆتتىن كوچىغا چىقىراتتى. ئۇلارمۇ قول تېلېفون، پۇل قاتارلىق نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ جان بېقىش كويىدا قاسىمغا بېرەتتى. يوشۇرۇنۇۋېلىش، قېچىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەممىلا يەردە كىچىك بالىلارنى پايلاپ يۈرىدىغان پايلاقچىلار تىمىسقىلاپ يۈرەتتى. دىلشات يىگىرمىدەك كىچىك بالا قاتارىغا قوشۇۋېتىلدى.

ــ ھەي شۇمتەك، بۇ يەردىن قۇتۇلىمەن دەيدىكەنسەن، كۆپرەك يانچۇق كولا، قاچىمەن دەپ خام خىيال قىلما! ــ قاسىم قوپاللىق بىلەن دىلشاتقا تۇۋلىدى.

دىلشات باشقا تەڭتۇشلىرى بىلەن بىرلىكتە يۈەنجۇدىكى ياتاقتىن چىقىپ جۇشەن، چۇيخې، جىڭشاڭ، جياشياڭ، شەنتەي، جۇچېڭ قاتارلىق ناھىيە ـ شەھەرلەردە يانچۇقچىلىق قىلىشقا باشلىدى. ھەر بىر پورتمال، ھەربىر قول تېلېفون ھەم پۇللارنى

ئوغرىلىغاندىن كېيىن دىلشاتنىڭ يۈرىكى گۇپۇلدەيتتى . ھەمدە مال ئىگىلىرىگە ئىچى ئاغرىپ يۈرىكىمۇ ئېچىشاتتى . دىلشاتنىڭ يەتتە ئائىلىق ھاياتى قاسىمغا يانچۇقچىلىق قىلىپ پۇل تېپىپ بېرىش بىلەن ئۆتتى .

— ئاكا مەن شۇنچە ۋاقىت ئىشلىدىم ، مېنى يولغا سېلىۋېتىڭ ، دادامنى كۆرگۈم كېلىپ كەتتى...

— نېمە دەيسەن ؟ ! مەن سېنى سېتىۋالغان ، تېخى ئالغان پۇلۇم توشمىدى ، خاتىرجەم پۇل تېپىۋەرگىن ، داداڭنى سېغىنغان بولساڭ مەن سېنىڭ داداڭ ،— دېدى قاسىم قوپاللىق بىلەن .

## پايتەختتىكى سەرسانلىق

دىلشات ھەر كۈندىكىگە ئوخشاش يۈەنجۇدا يانچۇقچىلىق قىلىۋاتاتتى . تۇيۇقسىز ئامبۇردەك بىر قول دىلشاتنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى . دىلشات قورقۇمسىراپ قارىدى . ئالدىدا بىر ئۇيغۇر يىگىت تۇراتتى .

— ھۇ شۇمتەك ، ئاخىر سېنى تۇتتۇم ، ئاكاڭ قارىغايغا ئالىيسەنغۇ ، مەن ساقچى ، كۆردۇڭمۇ ؟ !— دېدى يىگىت قولىدىكى كىنىشكىنى كۆرسىتىپ . دىلشات ساقچى بەلگىسىنى كۆرۈپ قورقتى ۋە خۇشاللاندى .

— ئاكا ، مەن بارلىق جىنايىتىمنى تاپشۇراي ، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ ، مەن يانچۇقچىلىقنى ئۆزۈم خالاپ قىلمىدىم ، — يىغلىدى دىلشات .

— مەن بىلەن ماڭ ، ناتونۇش يىگىت دىلشاتنى باشلاپ پويىز ئىستانسىسىغا ماڭدى . دىلشاتنىڭ كۆڭلىدە ئاتا - ئانىسى بىلەن جەم بولۇشتىن ئىبارەت شادلىق ئەۋج ئېلىپ ، چىرايىدا

جىلۋىلىنىپ تۇراتتى .

دىلشات «ساقچى» دەۋالغان تاغىسىنىڭ ھىمايىسىدە بېيجىڭ شەھىرىگە كەلدى . بۇ گۈزەل پايتەختنى كۆرگەن دىلشات خۇشاللىقتا چۆمدى .

ئەسلىدە دىلشاتنى تۇتۇۋالغىنى ساقچى بولماستىن ، بەلكىم XXX چىقىپ يانچۇقچىلىق قىلىدىغان مۇرات ئىسىملىك يانچۇقچى ئىدى . مۇراتنىڭ بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شىلۇپۇ دېگەن يېرىدە بىرقانچە ئادەملىرى بار ئىدى .

— ھەي ، شۇمتەك يانچۇقچىلىق ھۈنىرىڭنى ياخشى ئىشقا سېلىپ پۇلنى جىق تاپساڭ ، ساڭا ئاش - تاماق جايىدا ، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىستىمەن ،— دېدى مۇرات .

— سىز ساقچى ئەمەسمۇ ؟— ھەيران قالغان دىلشات ئەتراپقا قارىدى . ياتاقتا تۇرغان ئىككى بالا كۈلدى .

— ساڭا شۇنداق دېمىسەم ، مەن بىلەن شۇنچە يىراقتىن كېلەمتىڭ . ھا... ھا...— مۇراتمۇ كۈلدى . مۇراتنىڭ ئۆزىمۇ ، كىنىشكىسىمۇ يالغانىدى .

دىلشات مۇراتنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ پايتەخت كوچىلىرىدا سەرسانلىق ھاياتىنى باشلىدى .

دىلشات ، بېيجىڭنىڭ شىلىخى ، شىجاكۇ ، مۇشۇۋەر قاتارلىق جايلىرىدا يانچۇقچىلىق قىلدى . مۇراتقا نۇرغۇن قول تېلېفون ، پۇل ئوغرىلاپ بەردى .

## تيەنئەنمېندە تۇتۇلۇش

بىر كۈنى دىلشات ئادەتتىكى كۈندىكىگە ئوخشاش شىلىخىدا يانچۇقچىلىق قىلىۋاتاتتى . تۇيۇقسىز يەنە بىر قول دىلشاتنى

تۇتۇۋالدى .

دىلشاتنىڭ ئالدىدا ئىگىز بىر خەنزۇ تۇراتتى . خەنزۇ ئەر بىلىدىكى بەلبېغىنى كۆرسىتىپ خەنزۇچە «مەن ساقچى» دېدى . دىلشات غال ـ غال تىترەيتتى . ئەسلىدە بۇ خەنزۇ ئەرمۇ يانچۇقچى بولۇپ ئۆسمۈر باللارنى يانچۇقچىلىققا سالاتتى . ئىسمى جاڭ زا بولۇپ شېرىكى ئەرلۈك بىلەن شەرقىي شىمالدىن بېيجىڭغا كەلگەنىدى .

دىلشات ياتاقتا كەلگەندىن كېيىن جاڭ زا بىلەن ئەرلۈكنىڭ ساقچى ئەمەسلىكىنى بىلدى ، دىلشات بىلەن تەقدىرداش يەنە بىر ئۇيغۇر بالىمۇ ياتاقتا تۇراتتى .

ــ سەن بۇلاردىن قورقمىساڭمۇ بولىدۇ ، ئۇلار بىزنى ئۇرمايدۇ ، پۇلنى خەجلەشكە يەتكۈچە بېرىدۇ ، بۇلارغا ئىشلىسەك ياخشى كۈن كۆرىمىز ،ــ دېدى ئۇيغۇر بالا .

ــ قېچىپ كەتسەك بولمامدۇ ، ئاداش ؟ــ دېدى دىلشات .

ــ قېچىپ كېتەلمەيمىز ، بىزنى كىچىك بالا دەپ پويىزغا چىقارمايدۇ ، قېچىپ ماڭساق ۋوگزالدا تۇتۇلۇپ قالىمىز ، قاچساق كۈنىمىز تەس ،ــ دېدى ناتونۇش بالا .

دىلشات ناتونۇش بالا بىلەن ئىككى خەنزۇنىڭ نازارىتىدە پايتەختتىكى تيەنئەنمېن مەيدانى ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدا يانچۇقچىلىق قىلىشقا باشلىدى . ھەيۋەتلىك تيەنئەنمېن مەيدانى دىلشاتنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى ، ئارىدىن بەش ئايدەك ۋاقىت ئۆتتى ، ھەر كۈنى نۇرغۇن قول تېلېفون ، ھەميان دىلشاتنىڭ قولىغا كىرەتتى ـ دە ، ئوغرىلاپلا جاڭ زا بىلەن ئەرلۈكغا بېرەتتى .

2004 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرى دىلشات كۈندىكىگە ئوخشاش تيەنئەنمېندە يانچۇقچىلىق قىلىشقا باشلىدى . ئۇ ئوتتۇرا ياش بىر ئايالنىڭ سومكىسىنىڭ سيرتمىسىنى قايرىپ ئېچىپ بىر ھەميانىنى

ئالدى ـ دە، يانغا بېرىپ ئاختۇردى. ئىچىدىن 2004 سوم نەق پۇل چىقتى. دىلشات 1000 سومنى يانچۇقىغا سېلىپ قالغان پۇلنى ھەمىيان بىلەن جاڭزاغا بەردى ـ دە، يەنە يانچۇقچىلىق قىلىش ئۈچۈن كىشىلەر توپىغا كىرىپ كەتتى. تۇيۇقسىز بىر قول كاپلا قىلىپ دىلشاتنى تۇتۇۋالدى. بۇ قېتىم دىلشات ساقچىغا ئۇچرىغانىدى. دىلشات بېيجىڭ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى تەرىپىدىن يىغنۇېلىنىدى ھەمدە خەلق ئىشلار تارماقلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ ئۇرۇمچىگە قايتۇرۇپ كېلىندى.

2004 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى دىلشات ئايرىلغىنىغا ئۈزۈن بولغان يۇرتى XXX ناھىيىسىگە يەتكۈزۈلۈپ، دادىسى شېرىپئاخۇن بىلەن جەم قىلىندى.

## خاتىمە

شېرىپئاخۇن ئوغلى يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوغلىنى ئىزدەپ نۇرغۇن جەبىر ـ جاپالارنى تارتتى. ئوغلىنى تاپالماي دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ھېچكىمگە دېمىدى. قانۇن ساۋادى ئاجىز بۇ ساددا دېھقان بالىسىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى مەلۇممۇ قىلمىغانىدى، چۈنكى دادا ئوغلىنىڭ كىم تەرىپىدىن، نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

XXX ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى دىلشات قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خالىق، قۇددۇسلار ئۈستىدە دېلو ئېچىپ دەرھال تەكشۈرۈشكە كىرىشتى.

دۆلەت نۇرغۇن خىراجەت چىقىرىپ، كۈچ ئاجرىتىپ نۇرغۇن بالىلارنى قۇتقۇزۇۋالغان ھەمدە قۇتقۇزۇۋاتقان بولسىمۇ، دىلشاتنىڭ تەقدىرىگە ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولغان نۇرغۇن ياش ـ

ئۆسمۈرلەر ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تەمتىرەپ جىنايەت يولىغا ماڭماقتا .

بىز ئىشىنىمىزكى ، قانۇننى كۆزگە ئىلماي ، ياش - ئۆسمۈرلەرنى ئازدۇرۇپ جىنايەت يولىغا مېڭىۋاتقان كىشىلەر ھامان قانۇننىڭ ئېغىر جازاسىدىن قۇتۇلالمايدۇ . ئالدانغان ، سەرسانلىقتا يۈرگەن باللارنى قۇتۇلدۇرۇش ھۆكۈمەتنىڭ مەجبۇرىيىتى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى ھەر بىر كىشىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى .

دوستلار ، ئادەم بېدىكلىرىگە قىلچە ئورۇن ۋە پۇرسەت قالدۇرماي ، ئۇلارغا قاتتىق زەربە بېرەيلى ، باللار سەرسان بولمىسۇن ، ئۇلارنى ھەممىمىز بىرلىكتە قۇتۇلدۇرايلى !

# تاغدا تۆكۈلگەن كۆز ياشلار

جەمئىيىتىمىزدە تېتىك ، شوخ ، چېچەن ، كەسكىن مىجەزلىك ھەقىقىي يىگىتلىرىمىز ئىنتايىن كۆپ . ئۇلار ئاددىي ئورۇنلىرىدىمۇ ھاياتىنى قەدىرلەپ ، باشقىلارنىڭ نېسىۋىسىگە چاڭ سالماي ، ھەقىقىي يىگىتلىك ، ئوغۇل بالىلىق خاراكتېرىنى نامايان قىلىپ ياشاۋاتىدۇ .

لېكىن ، سىز ، بىز ، ئۇ ياشاۋاتقان بۇ جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىدە نەمەت ، رەقىپ ، ھېلىمدەك ئۆزىنىڭ بىردەملىك كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن ئۆزىنى نابۇت قىلىپ ، باشقىلارنىڭ رىسقىغا چاڭ سالىدىغان ، پاكلىق ، بىغۇبارلىقىنى بۇلغاپ كېلىۋاتقان كىشىلىرىمىزمۇ ئارىمىزدا ئاز ئەمەس .

دوستۇم ، ئادىمىيلىك ــ ئۇ بىر ھېكمەت ، ئادىمىيلىك ــ ئۇ بىر ھىممەت ، قىز - ئاياللىرىمىز كەلگۈسى ئەۋلادىمىزنىڭ ئانىلىرى ، ئۇلار بىھۇدە ياش تۆكمىسۇن …

## توختىخاننىڭ ئازابلىق كۆز يېشى

توختىخان ئەمدىلا ئون توققۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئېغىر - بېسىق ، تۈز مىجەز ، كېلىشكەن قىز ئىدى . ئۇ مەھەللىدىكى يىگىتلەرنىڭ ئالدى سانىلىدىغان ئادىل بىلەن توي قىلدى . ئادىل بىلەن توختىخان «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز»

قوْيوْلغاندەك ماسلىشىپ كەتتى . كەسكىن مىجەز ، تېتىك ، شوخ ئادىلنى توختىخان ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتى . ئادىلمۇ بۇ چىرايلىق گۈلنى ئەتىۋارلايتتى ، بىر يەرلەرگە كەتكەندە بولسا توختىخاننى ئاتىـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىپ قوياتتى ـ دە ، XXX ناھىيە بازىرىدىن ياكى XXX شەھىرىدىن كېلىپلا توختىخاننى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېتەتتى .

قىش كىرگەندىن بېرى بۇ تاغلىق كەنتتە تارىختىن بېرى ئاز كۆرۈلىدىغان قار يېغىپ ، پۈتۈن كەنت تەۋەسى ئاق لىباس كىيىپ ، ئېگىز تاغلار ئاپئاق قېلىن يېپىنچىلىرىنى يېپىنغانىدى .

ــ خوتۇن ، مەن دوستلىرىم بىلەن باش تەرەپكە تاش كولىغىلى چىقايمىكىن دەيمەن ، ــ دېدى ئادىل بىر كۈنى مەش تۈۋىدە ئولتۇرۇپ .

ــ سوغۇق تۇرسا ، قار توختىغاندا چىقسىڭىز بولمامدۇ ، ــ دېدى توختىخان .

ــ مەيلى باشقىلار نېمە بولسا مەنمۇ شۇنى كۆرەرمەن ، ھەمشىرىكلىرىمنى نائۈمىدتە قويسام بولماس ، ھەممىسى تەييار بولدى ... ــ ئادىل تاش كولىغىلى ماڭدى . ئۇ ھەر قېتىمقى ئادىتىگە ئوخشاش بۇ قېتىممۇ توختىخاننى قېينانىسىغا تاپشۇردى .

ــ تۆت ـ بەش كۈنلەردىن كېيىن كېلەرمەن ، ئۆزۈڭنى ئاسرا ، خوش ...

توختىخان ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئۆيىدە قالدى ، ئارىدىن تۆت كۈنچە ۋاقىت ئۆتتى .

2008 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى توختىخاننىڭ ئانىسى :

ــ قىزىم باياتىن قېيناتاڭنى ئۇچراتتىم ، ئادىلجانمۇ كەلگۈدەك ، ئۆيگە بېرىپ ئوت قالاپ ، ئۆينى ئىسسىتىپ تاماق تەييار قىلىپ قويۇپ ، بۇرۇنراق قايتىپ كەلسەڭ بولارمىكىن ، تاغدىن

چۈشسە ئادىلجان توڭۈپ كېلەر ... ـــ دېدى .
توختىخان چۈشتىن كېيىن تاغ يولىنى بويلاپ بىردەمدىلا ئۆز ئۆيىگە باردى ـ دە ، ئۆيلەرنى ئىسسىتىپ ، سېرىپ ـ سۈپۈرۈپ ، تـامـاقـقـىـمـۇ تەييارلىق قىلدى ، سائەت بەشلەر بولدى . ئادىل كـەلـمـىـگەچكە ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىش ئۈچۈن ئۇدۇللاپ تاغ قاپتىلىدىن ئۆتۈپ شورلاق بىلەن چوڭ يولغا چىقتى .
هاۋا قاتتىق سوغۇق بولغانلىقتىن سىرتتا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى . توختىخان پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ جىغانلىق ئارىسىدىن ئۆتتى . جىغانلىقنىڭ نېرىسىدا نەمەت بىلەن رەقىپ توختىخاننى كۆردى .
ــ هەي رەقىپ ، توختىخاننىڭ ئېرى هازىر تاش كولىغىلى چىقىپ كېتىپتىكەن ، يۈرە بېرىپ كۆڭۈل ئاچايلى ...
ــ ئۇنداق قىلمايلى ، نەمەت ، ئادىل بىلەن بىز يېقىن قوشنا ، ئاغىنە تۇرساق ...
ــ كىم ئادىلنى بىز بىلەن تەڭ دىمەتلىك تۇرۇپ بالدۇر توي قـىـلـسۇن دەپتۇ ، مەهەللىدىكى قىزلارنىڭ ئىچىدە چىرايلىقىنى ئېلىۋالغىنىنى ئۇنىڭ ، يۈرە ؟ ... ــ دېدى نەمەت چېقىر كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ .
ــ توختىخان نەگە؟ توختاڭا ، كۆڭۈل ئاچايلى ...
ــ نېمە دېگىنىڭىز بۇ .
ــ ماۋۇ توختىخان ئەجەب توختىمايدۇغۇ ...
ــ مانا مەن توختىتىمەن ... نەمەت توختىخاننىڭ قولىنى تۇتتى .
ــ نېمە قىلغىنىڭىز بۇ ... مېنىڭ ئېرىم بار ... قولۇمنى تۇتماڭ ...
توختىخان نەمەتنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ قاچتى .

ئامبۇردەك قوللار توختىخاننى تۇتۇۋالدى .

— مېنى قويۇۋېتىش ، ئادەم بارمۇ ؟ ! …

بىردەمدە توختىخاننىڭ ئۇنى ئۆچتى ، چۈنكى رەقىپ توختىخاننىڭ ياغلىقىنى ئېلىپ توختىخاننىڭ ئېغىزىغا تىقتى .

كۆپكۆندۈزدە ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بۇ كېلىشمەسلىكتىن قورقۇپ كەتكەن توختىخان تېپىرلايتتى ، تېپەتتى …

— رەقىپ سەن پۇتىدىن تۇت ، مەن كاللىسىدىن تۇتاي ، ئاۋۇ ئادەم ئۇلتۇرمايدىغان ئۆيگە ئەكىرەيلى …

نەمەت بىلەن رەقىپ توختىخاننى ئىككى تەرەپتىن كۆتۈرۈپلا يول يېنىدىكى ئۆيگە ئېلىپ كىردى - دە ، ئىشىكنى ئېتىۋېتىپ توختىخاننى كىگىز سېلىنغان سوپا ئۈستىگە تاشلىدى …

هەش - پەش دېگۈچە توختىخاننىڭ كىيىملىرى يىرتىپ سالدۇرۇلدى .

— مەن خۇش بولاي ، سىلەر ئېرىمنىڭ قوشنىلىرى هەم دوستلىرىغۇ . ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن ، ئۇنداق قىلماڭلار … مەن سىلەرگە نېمە يامانلىق قىلدىم ، — مەن ئۆتۈنەي … رەقىپ ، ئۇنداق قىلما ، ئېرىمنىڭ يۈزىنى قىل …

هەش - پەش دېگۈچە رەقىپ ئىشنى تۈگەتتى …

— ئەمدى سەن كەل … — دېدى رەقىپ .

— نەمەت ، ئۆتۈنەي سەن ئادىلنىڭ دوستىغۇ ، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلمىساڭ ، ئادىلنىڭ يۈزىنى قىل ، مېنىڭ ئېرىم بار تۇرسا …

نەمەتمۇ ئىشنى تۈگەتتى …

توختىخاننىڭ يىغىسى ئۆينى بىر ئالدى .

— قانجۇق ، مېنىڭ گېلىمنى تاتىلاپتۇ …

— مېنىڭكىنىمۇ تاتىلاپتۇ …

— بۇ ئىشنى بىرىگە دېسەڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمىز ، ھېچكىمگە دېمەيمەن دەپ قەسەم قىلساڭ ، بۇ ئۆيدىن چىقىسەن ، بولمىسا …

بۇلاردىن ئاسان قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن توختىخان بەدەنلىرىنىڭ ئاغرىغانلىقىغا قارىماي كىيىمىنى كىيدى .

— مەن ھېچكىمگە دېمەيمەن … — دېيەلىدى ئارانلا .

— كىيىملىرىڭنىڭ ھەممىسىنى كەي ، بىرەر نەرسەڭ قالمىسۇن …

— نېمە يىغلايسەن ؟ تولا يىغلاپ بېشىمىزنى ئاغرىتىۋەتتىڭ ، يېشىڭنى تولۇق سۇرتۇۋېتىپ ئاندىن چىقىپ كەت ! بولمىسا… — دېدى نەمەت بىلەن رەقىپ ھەيۋە قىلىپ .

توختىخان ئاستا ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، يەردىكى ياغلىقنى ئېلىپ بېشىغا ئوراپ ئۆيدىن چىقتى .

ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تاغ يوللىرىدا توختىخان خۇددى ساراڭلاردەك دەلدەڭشىپ ماڭاتتى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل غەزەپ ـ نەپرەت ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالدى . توختىخاننىڭ چىشلىرى غۇچۇرلايتتى ، سوغۇقتىن غال ـ غال تىترەپ ئاران دېگەندە ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالدى . چاچلىرى چۇۋۇق ، كىيىملىرىنىڭ ھەممىسى قار ، توپا ئارىلاش لايغا مىلەنگەن توختىخاننى كۆرگەن ئانا قورقۇپ كەتتى .

— قىزىم ، نېمە بولدۇڭ ؟ . قىزىم ، مېنى تونۇدۇڭمۇ ؟ …

— ئانا ، جېنىم ئانا ، مەن خورلاندىم ، نەمەت بىلەن رەقىپ مېنى تۇتۇۋېلىپ … ـ توختىخان ھۆر ـ ھۆر يىغلايتتى .

ئانىسىنىڭ بېشىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك بولۇپ كەتتى .

— قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى ئانا .

— دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلىڭ ...

— ئەل - جامائەت ئاڭلىسا سەت ئەمەسمۇ؟ ئېرىڭ ئاڭلىسىچۇ؟ ...

— مەيلى، مەن ھەممىگە چىدايمەن، ئەل - جامائەت نېمە دېسە مەيلى ئانا، مېنى ئۇلار شۇنداق بوزەك ئەتسە بولامدۇ، ئانا؟

— ماقۇل قىزىم ... ماقۇل، دەرھال تېلېفون قىلاي، ئوبدان قىزىم ...

توختىخان ئانىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ بىر ھازا يىغلىۋالدى. ئانا قولىغا تېلېفوننى ئالدى ...

XXX ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىدىكى كادىرلار دىلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئارىلىق يىراق بولغاچقا تاڭ سەھەردىلا، نەق مەيدانغا كەلدى - دە، تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتتى. جىنايەت گۇماندارى نەمەت بىلەن رەقىپ 2008 - يىل 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىش جىنايەت گۇمانى بىلەن جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇلدى.

توختىخاننىڭ ئېرى ئادىل تاش كولىغان يەردىن كەلدى، ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئادىلنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى.

— ئىست ... ئىست، مەن قانداق قىلىمەن، ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن خوتۇنۇمنى ساقلايمەن ... ئۇلار مېنىڭ دوستلىرىم ئىدىغۇ— ... ئادىل ئىككى قولىدا يۈزىنى قاماللاپ بۇلدۇقلاپ يىغلىماقتا ئىدى.

جىنايەت گۇماندارلىرى نەمەت بىلەن رەقىپ 2008 - يىل 2- ئاينىڭ 5 - كۈنى XXX ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قولغا ئېلىنىپ، ئۆز قىلمىشىنىڭ ھەقلىق جازاسىنى تارتتى، قانۇن بىلەن ئوينىشىپ، ئەدەپ - ئەخلاقنى بىلمەي، ھايۋانىي نەپسىگە ئەگەشكەن بۇ ئىككى ھايۋاننىڭ

قىلمىشى پۈتكۈل يۇرت خەلقىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىدى، ھەممە كىشى ئۆلاردىن يىرگىنىپ، تۈكۈرۈشتى.

## بوزەك قىلىنغان ئاجىزە

سارەم ئەمدىلا يىگىرمە ئىككى ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان چوكان بولۇپ، XXX ناھىيىسىنىڭ XXX يېزىسىدىن ئىدى. ئىشچان، ياۋاش، چىرايلىق گۈزەل قامەت نېسىپ بولغىنى بىلەن ئۇنىڭغا بەخت نېسىپ بولمىدى. سارەم ئون ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغاندا ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ دادىسى بىلەن قالدى. دادىسىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي توي قىلىپ يەنە بىر بالىلىق بولدى. سارەمنىڭ ئانىسى گەرچە ئۆگەي بولسىمۇ، ياشتا چوڭىيىپ قالغان بۇ قىزنى ئۆگەيلىمەيتتى. لېكىن، سارەم ئۆينىڭ بارلىق ئىشلىرىنى قىلاتتى. تاغقا قوي ئېلىپ چىقىپ بېقىش، ئۇزۇم قۇرۇتۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلاتتى.

بارا ـ بارا رەسىدە بولۇشقا باشلىغان سارەمگە ئەلچىلەر كىرىشكە باشلىدى.

سارەم تاغنىڭ ئۇستۇنكى كەنتىدىكى بىر بالا بىلەن توي قىلدى. سارەمنىڭ ئېرى كۆرۈنۈشتە ياۋاش بولغىنى بىلەن مۇڭگۈزى ئىچىدە ئىدى. سارەم توي قىلغاندىن كېيىن ئوتۇن كېسىپ ئېغىر ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئات ـ ئېشەك ئورنىدا ئىشلىدى.

سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاغدا سارەمنىڭ ھوشىدىن كېتىشى بىلەن سارەمنىڭ تەقدىرىدە ئۆزگىرىش بولدى.

— سارەم، ئۆپكە تۇبېركۇليۇز كېسىلى بولۇپ قاپتۇ، — دوختۇرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان دادىنىڭ قىزىغا ئىچى ئاغرىدى. بۇ ياخشى، قۇۋۋەتلىك يېمەكلىكلەرنى يېيەلمەي، يالاڭ كىيىنىپ،

جاپالىق ئىشلەپ ، توختىماي سوغۇق سۇدا كىر ـ قات يۇيۇپ تاپقان كېسەل ئىدى . قىزىنىڭ بۇنداق كېسەل بولۇپ قېلىشىنى دادىسى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى .

ــ مەن سارەمدىن ئاجرىشىپ كېتىمەن ، قانداق داۋالاپ بولىمەن ئۇنى ، مەن ساق قىز ئالىمەن ... قىزلىرىنى ئېلىپ كەتسىلە ...

كۇيئوغۇلنىڭ بۇ ئاھانىتى دادىغا ھار كەلدى ، لېكىن قىزىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى .

ــ مەن داۋالىتاي ، ساقايغاندا ... ــ دېدى دادا يېلىنىپ .

ــ بولمايدۇ ، مەن يۇقتۇرۇۋالسام قانداق قىلىمەن ، ــ دېدى كۇيئوغۇل .

سارەم ئېرىدىن بۇنداق گەپ ئاڭلاشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى .

ــ دادا ، مەن مەڭگۈ ئەرگە تەگمەيمەن ، دوختۇر ماڭا ئەمدى توي قىلىسىڭىز بولمايدۇ دېدى ، بولدى يالۋۇرماڭ ...

سارەم ئاجرىشىپ كەتتى ...

شۇنىڭدىن بىرى سارەم ئائىلىسىنىڭ تۈگىمەس ئىشلىرىنى قىلىشقا باشلىدى .

ــ قىزىم ، بولدى ئىش قىلماڭ ، ئارام ئېلىڭ ، ــ دېدى ئۆگەي ئانىسى .

ــ مەن خېلى ياخشىلىنىپ قالدىم ، ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، سىز ئارام ئالغاچ ئۆي ئىشىنى قىلىڭ ، مەن تاغقا چىقىپ ئۆتكەن ھەپتە يېيىپ قويغان ئۈزۈملەرنى تاسقاپ تاغارغا قاچىلاپ كىرەي ئاچا ــ دېدى سارەم .

سارەمنىڭ كېسىلىگە ھۆكۈمەت ئىگە بولۇپ ، بىرقانچە ۋاقىت داۋالىغاندىن كېيىن ، دورا بېرىپ قايتۇرغانىدى .

2007 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سارەم غەلۋىرنى ئېلىپ بىرقانچە خالتا ھەم شىدىشاپ كۆتۈرۈپ تاغقا چىقتى ـ دە ، تاغدا ئۈزۈم تاسقاشقا باشلىدى .

تـۆت خالتا ئۈزۈمنى چىپتىغا قاچىلاپ يەنە ئۈزۈم تاسقاشقا باشـلـىـدى . يـىـراقتا قوي بېقىۋاتقان ھېلىمنىڭ كۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۈزۈم تاسقاۋاتقان سارەمگە چۈشتى ـ دە ، يېنىغا كېلىپ قۇچاقلاپ تاغنىڭ چېتىدىكى بىر ئازگالغا سۆرەپ بېرىپ بېسىۋالدى .

ــ ئادەم بارمۇ ؟ ... قۇتقۇزۇڭلار ...

ــ ئـــۇنداق قـىـلماڭ ، مېنىـــڭ كېـســلـىم بار ، يــۇقۇپ قــالىدۇ ... راست ...

ــ يالـغـان سۆزلىمە ، ئايالللار ھەر ئايدا كېسەل بولىدۇ ، كېسەل بولساڭمۇ مەيلى ...

ــ قۇتقۇزۇڭلار ... مېنى قويۇۋەت ...

سارەم بىر قولىدا ھېلىمنىڭ ئېڭىكىنى قامالللىۋالدى .

ــ ھۇ ، بۇزۇق ، بۇزۇق بولمىساڭ ئېرىڭ قويۇپ بېرەمتى ... ماڭا بىر قېتىم بەرگەنگە ئۆلەمتىڭ ... كېلە ...

ھېلىم سارەمنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى .

ــ مېنى ئۇرغۇدەك بولدۇڭمۇ ؟ مانا تاياق دېگەن ... سېنى ئــۇرۇپ تــۇرىدىغانغا ئېرىڭ يوق ، ئەجەب مېنى تېپىپ ، ئۇرۇپ كەتتىڭا ، مەن ئەدەپلەپ قوياي سېنى ...

ھېلىم سارەمنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە بىرقا نچە مۇشت ئۇردى ، ســارەم ھــوشــىــدىــن كەتتى . بىر چاغدا سارەم كۆزىنى ئاچتى ، ھــېـلـىمنىڭ تېخىچىلا ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەردىن بىر تاشنى ئالدى ـ دە ، ھېلىمغا قارىتىپ سالدى . بىراق ، تاش كىچىك ئىدى .

— مېنى ئۇرغانغا تويغۇزىمەن سېنى .

ھېلىم ئىككىنچى قېتىم سارەمگە چېقىلىشقا باشلىدى .
— ماڭا ئىككىنچى خوتۇن بولساڭ بولغۇدەك ، پەيزىڭ باركەن .
— مېنى قويۇۋەت ، قۇتقۇزۇڭلار ، ئادەم بارمۇ ··· دادا ···
سارەم ئەسەبىيلەشكەن ھېلىمدىن قۇتۇلالمىدى .
— ئانا ، سارەم ئاچامنىڭ ياغلىقى ئاۋۇ دۆڭدە تۇرىدۇ ، ئىشتىنى ئاۋۇ يولغۇنغا ئىلىنىپ قاپتۇ ، ئاچامنىڭ يىغلىغان ، توۋلىغان ئاۋازى ئاۋۇ ئازگال تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتىدۇ ··· — دېدى بىر كىچىك قىز ئانىسىغا ···
— سىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ قىزىم ··· — دېدى ئانا ۋە تاغ باغرىدا كىچىك قىزنى تۇرغۇزۇپ قويۇپ ، تاغدىن پەسكە سىيرىلدى .
يىراقتىن ئادەم كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ھېلىم ئىشتىنىنىمۇ كىيمەي قولىغا ئالدى ـ دە ، تۇمىقىنى ئېلىشقىمۇ ئۇلگۇرمەي ، يۇلغۇنلۇققا كىرىپ كەتتى ···
سارەم دەلدەڭشىپ كاتەكتىن چىقتى ، كۆينەكلىرىنىڭ ئالدى يىرتىلىپ كەتكەن ئىدى . ئانا شۇنچە جىق يەرنىڭ تىلغىنىپ كەتكەنلىكىنى ، 20 مېتىردەك يەرگىچە سارەمنى سۆرەپ ئېلىپ ماڭغان ئىزلارنى ، سارەمنىڭ ئاياغ ، ئىشتان ، لىپتىك ، جىلىتكە ، ياغلىقلىرىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە توپا ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە ، قىزىنى سارەمنىڭ دادىسىنى چاقىرىشقا بۇيرۇپ ، سارەمنى يۆلىدى .
— ئاچا ··· جېنىم ئاچا··· مەن نېمىشقا ئايال كىشى بولۇپ يارىلىپ قالغانمەن ، مەن نېمانچە شور پېشانە ··· ئاچا ··· مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ ، ـ سارەم ئېسىنى يوقاتقانىدى .
— قىزىم ، جېنىم قىزىم ، مەن سىزنىڭ قوشنىڭىز ···

تونۇلغان ئاۋازىڭىزنى بايا ئاڭلىغان ، مەن تېخى ئۇكىلىرى بىلەن تاغدا تونۇلاپ ئوينىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپتىمەن ··· جېنىم قىزىم ··· بىچارە قوشنام ، ـ ئايال سارەمنى يۆلەپ ، كىيىملىرىنى كىيگۈزۈشكە باشلىدى ، سارەمنىڭ ئىغىز ـ بۇرنى ، پۇتلىرىدىن ئاققان قانغا قاراپ كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك ياش تۆكتى ، قانلارنى ياغلىق بىلەن سۈرتتى ـ دە ، يۆلەپ تۈز يولغا ئېلىپ چىقتى ، سارەمنىڭ دادىسى موتسىكلىت بىلەن چىققان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۇچرىدى .

ــ سارەمخان بالام ···

ــ ساقچىخانىغا مەن مەلۇم قىلاي ··· بولدى سىز قىزىڭىزدىن گەپ سورىماي دوختۇرخانىغا ئەكىرىڭ ، بىچارە قىز ··· ــ دېدى ئايال سارەمنى دادىسىنىڭ كەينىگە مىنگۈزۈپ قويغاچ .

ــ چىڭ تۇتۇڭ قىزىم ، بولدى گۇناھ سىزدە ئەمەس ، ئۇ ئەبلەخنىڭ كىملىكىنى ماڭا دېمىسىڭىزمۇ مەيلى ، ساقچىلارغا دەرسىز ، چىڭ تۇتۇڭ ، مەندىن خىجىل بولماڭ ، دوختۇرخانىغا بارايلى ، مەندىن باشقا سىزنىڭ نېمىڭىز بار ، قىزىم . ئاپئاق قىزىم ، مەن سىزنى قوغدىيالمىغان بولسام قانۇن قوغدايدۇ ، قىزىم ···

بىچارە دادا كۆز يېشى قىلغاچ قىزىنى موتسىكلىتىنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپ ئۇدۇل دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى ، سارەم دوختۇرخانىدا بىرقانچە كۈن داۋالاندى .

جىنايەت گۇماندارى ھېلىم 2007 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇلۇپ 2007 ـ يىل 12ـ ئاينىڭ 17ـ كۈنى XXX ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى .

# ئاخىرقى سۆز

نەمەت ، رەقىب ، ھىلىملار بىردەملىك كۆڭۈل خۇشىنى دەپ ، باشقىلارنى ئاياغ ئاستى قىلىپ ، ئاخىر ئۆزىنى خاراب ئەتتى . ئۇلار گەرچە پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئاللىقاچان كېچىكتى ، بەلكىم ئۇلارنىڭمۇ ھەدە ، سىڭىللىرى باردۇ . ئۇلار قىز ـ ئاياللارنى ، ئانىلىرىنى قانداق قەدىرلەشنى بىلىشى كېرەك ئىدى . ئۇلار مۇشۇنچىلىك ئەقەللىي ئىنسانىي قائىدىنىمۇ بىلمىگىنى ئۈچۈن ، يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ قىلىقىنى قىلىپ ، ئاخىر تۈرمىگە يول ئالدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلمىشى ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلەيدۇ . خەلقىمىز بۇ خىل ھايۋانىي قىلمىشتىن قاتتىق يىرگىنىدۇ . قانۇن ئۇلارنىڭ زوراۋانلىقى ۋە ھەيۋىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ .

بىز 21 ـ ئەسىردە ، مەدەنىيەتلىك بىر جەمئىيەتتە ياشاۋاتىمىز ، ئائىلە ، جەمئىيەت ، تۇرمۇش ، نىكاھ جەھەتتە ئېسىل ئەخلاق ۋە ئەدەپ ـ قائىدىلىرىمىز ، ئېنىق قانۇن ـ نىزاملىرىمىز بار . يۇقىرىقىدەك ۋىجدانسىزلىق ، ياۋايىلىق ، ۋەھشىيلىك جەمئىيىتىمىزگە ئەسلا ماس كەلمەيدۇ . خەلقىمىز بۇنداق قىلمىشلاردىن يىرگىنىدۇ .

ھەممەيلەن بۇ ئىككى دىلودىن ساۋاق ئالايلى ، نەپسىڭىزنى ئەقىل بىلەن تىزگىنلىيەلمىسىڭىز ، ئۇ ئۆزگىگىمۇ ، ئۆزىڭىزگىمۇ بالا ـ قازا ئېلىپ كېلىدۇ . تىنچ ـ ئامان ، بەختىيار بولاي دەيدىكەنسىز ، باشقىلارنىڭ ئامانلىقى ۋە بەختىگە چاڭ سالماڭ ، قىلمىشىڭىز ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە قانۇن چېگرىسىدىن چىقىپ كەتمىسۇن .

# بالدۇر توزۇغان غۇنچە

ئىپپەت ، نومۇس قىز ـ ئاياللىرىمىز ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم . بۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ بەزى مەلئۇنلار تەرىپىدىن چەيلەنگەنلىكىنى كۆرگىنىڭىزدە ، ئاڭلىغىنىڭىزدا غەزەپتىن ئۆرتىنىسىز . تۆۋەندىكى دېلونى ئوقۇغىنىڭىزدا قانداق ھېسسىياتقا كېلەرسىز ؟

باقىت (ئاتمىش بەش ياش ) XXX ناھىيىسىنىڭ مەلۇم يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق دېھقان ئىدى . ئۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى تەنھا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتاتتى . ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا سەۋەبى بار .

1995 ـ يىل ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ، باقىت ئايالىغا ناھىيە بازىرىدىن بىر ياغلىق سېتىۋېلىپ ئۆيىگە كەلدى . ئۇ ئىشىكنىڭ ئىچىدىن تاقاق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاقماقچى بولدىيۇ ، توختاپ قالدى . چۈنكى ، ئىشىك ئالدىدا يات ئەرنىڭ ئاياغ ئىزى تۇراتتى . ئۇ ئۆيىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۆگزىگە چىقتى ۋە تۈڭلۈكتىن ئايالىنىڭ بىر ناتونۇش ئەر بىلەن چىرمىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ـ دە ، قۇيقا چېچى تىك تۇردى . ئۇ غەزەپ بىلەن ئىشىكنى تېپىپ ئېچىپ ئۆيگە كىردى ، ئەر قاچتى ، ئايال ئېرىگە يۈكۈندى .

— قاچان باشلانغان ؟ ئۇ كىم ؟

— ئۇزۇن بولمىدى ، ئىشلەمچىلىككە كەلگەنىكەن ، ياخشى كۆرۈشۈپ قالدۇق ، — ئايالىنىڭ ئۇيالماستىن قىلغان سۆزلىرى

باقىتقا ھار كەلدى ، بىراق ئۇ ئايالنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەچكە ، ئۇنى كەچۈرگەنمۇ بولاتتى ، لېكىن ، ھەش ـ پەش دېگۈچە باقىتنىڭ ئايالىنىڭ ناشايان ئىشلىرى مەھەللىگە پۇر كەتتى . شۇڭا ، باقىت ئايالىدىن ئامالسىز ئاجرىشىپ كەتتى ، خوتۇنى ئاجرىشىپلا ھېلىقى ئەر بىلەن توي قىلدى . بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان باقىت ئۇ ئەردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ، ئۇنى پالتا بىلەن ئۇرۇپ ئېغىر زەخىملەندۈردى . شۇ سەۋەبتىن ئۇ XXX ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن يەتتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى . باقىتنىڭ تۈرمە ھاياتى 2001 ـ يىل 2 ـ ئايغا قەدەر داۋاملاشتى …

2007 يىل 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەتىگەندە باقىت ھويلىسىدا ئۇماچ ئىچىپ ئولتۇراتتى . تۇيۇقسىز ھويلىسىغا قوشنىسىنىڭ ئون بەش ياشلىق نېرۋىسى ئاجىز قىزى زەيتۇنە كىردى . باقىت قىزغا ئۇماچ ئۇسۇپ بەردى ، قىز ئۇماچنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ، باقىت ئۇنى ئالداپ باسقۇنچىلىق قىلدى . تۇغۇلۇشىدىنلا مېيىپ زەيتۇنە بۇ ئىشلارنى قانداق چۈشەنسۇن ؟ شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشلار بىر قانچە قېتىم داۋاملاشتى . ئاخىرقى قېتىم باقىت زەيتۇنەگە بىر ياغلىق سوۋغا قىلدى .

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى زەيتۇنەنىڭ بويىدا قالغانلىقى ئېنىقلاندى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى دېلو مەلۇم قىلدى . باقىت سوراقتا جىنايىتىنى ئەينەن ئىقرار قىلدى . 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇ باسقۇنچىلىق جىنايىتى بىلەن XXX ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى تەرىپىدىن جىنايى ئىشلار بويىچە تۇختىتىلىپ ، 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قولغا ئېلىندى .

*　　　*

2007 يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، تاڭ سەھەر.

ــ قارىم ئۆكا، قىزىم زۇمرەت ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىردى، دىندىن ساۋاق بېرەمدىكىن دەپ ئۆزلىرىنىڭ يانلىرىغا كەلدىم، ئۆز سىڭىللىرىغا ئوخشاش يانلىرىدا يېتىپ ـ قوپۇپ دىندىن ساۋاق ئالغان بولسا، ــ زەينەپخان زۇمرەتنى مەرۇپنىڭ ئۆيىگە قالدۇرۇپ قايتىپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ زۇمرەت شۇ ئائىلىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشكەچ، ساۋاق ئېلىشقا باشلىدى.

3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كۈندۈزدە زۇمرەت مەرۇپلارنىڭ ئۆيىدە يالغۇز قالدى. باشقىلار ئېتىز ئىشلىرىغا كەتكەنىدى. شۇ چاغدا مەرۇپنىڭ ئون ئالتە ياشلارغا كىرگەن ئىنىسى مەخمۇت ئۆيگە كىردى ۋە زۇمرەتتىن:

ــ ئۆيدىكىلەرچۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئېتىزلىققا كەتتى، ــ دېدى زۇمرەت.

ــ ۋېلىسىپىتىمنىڭ يېلى چىقىپ كەتكەن، ياردەملىشە، ــ دېدى مەخمۇت.

زۇمرەت ناسوسنىڭ شىلانكىسىنىڭ قىسقۇچىنى تۇتۇپ بەردى. لېكىن ياخشى تۇتالمىغاچقا، يەل ماڭمىدى. مەخمۇت ئاچچىقىدا ناسوسنىڭ شىلانكىسى بىلەن زۇمرەتنىڭ كاللىسىغا بىرنى ئۇردى، زۇمرەت يىغلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

مەخمۇت ئۆيگە كىرىپ زۇمرەتنىڭ كىگىز ئۈستىدە يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارشىلىق قىلىشىغا قارىماي باسقۇنچىلىق قىلدى...

زۇمرەت بىر هازاغىچە ئورنىدىن تۇرالماي قالدى، بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئۆز ئۆيىگە باردى ـ دە، ئانىسى زەينەپخانغا بولغان

ئەھۋاللارنى ئېيتتى . زەينەپخان بىر قانچە كۈن دىلىغۇللۇق ئىچىدە ئۆتتى . «قانداق قىلىش كېرەك ؟ مەلۇم قىلساق ، بالامنىڭ ئوقۇغان ئىشى ئاشكارىلىنىدۇ» . بۇ چاغدا زۇمرەتنىڭ دادىسى ئەھۋالنى ئۇقۇپ پالتىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى ، زەينەپخان ئېرىنىڭ ئالدىنى توستى ، زەينەپخان قاتتىق تەگكەن بىر شاپىلاقتىن ھوشىنى تاپتى ... شۇ چاغدىلا زەينەپخان ئۆز قىزىنى ئۆزى ھاڭغا ئىتتىرگەنلىكىنى چۈشەندى ، ئۇلار دەرھال دىلو مەلۇم قىلدى .

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى مەرۇپ جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش جىنايىتى بىلەن ، مەخمۇت باسقۇنچىلىق جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىندى .

كىتاب ئىسمى: بالدۇر توزۇغان غۇنچە
پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئاپتورى: نۇردىمۇھەممەت سەئىدى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: گۈلشەھەر نىغمەت
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
نەشرىياتى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 10
نەشرى: 2009 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2009 - يىل 12 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى
باسما سانى: 5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5469-0595-2
باھاسى: 25.00 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

ISBN 978-7-5469-0595-2
9 787546 905952 >
（民文）定价：25.00 元